



KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

5

1990

AltunOq



كۆزەتچى (ماي بوياق)

(ئابلەھەمەت زۇنۇن سىزغان)



شاخ مانتوسى

(ھاپىزجان مۇھەممەت فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)

5

1990

19 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 96 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابلىز ئۆمەر ...... بىركارخانىسىنىڭ خاتىرىسى ...... 1
ھامۇت غازى ...... ئالتۇن ئاي پاجىئەسى ...... 21
مەھەممەتتۇرسۇن يالغۇزەك ...... داۋاگەر ئوغرى ...... 56
مۇساجان قاۋۇل ...... «ئەۋلىيا»غا يولۇقۇش ...... 64
زۇلپىيە ...... ئىككى ھېكايە ...... 67
نىجات يۇسۇپ ...... ئانامنى ئەسلەيمەن ...... 77


## شېئىرىيەت گۈلزارى


ئابدۇسەمەت خېلىل ...... شېئىرلار ...... 39
ئەخەت داۋۇت ...... ئىككى شېئىر ...... 40
زىياۋىدىن ...... ئىككى شېئىر ...... 41
ئابابەكرى توختى ...... دوستلۇق لىرىكىسى ...... 42
ئەخەت مۇھەممىدى ...... ئانا ئەجرىگە ...... 43
ئابلىز ھەسەن ...... ئىككى شېئىر ...... 45
يالقۇن ئۆمەر ...... غەزەللەر ...... 46
ئېزىز سايىت، ئەنۋەر ئابلەت، تۇرسۇن ئۆمەر، ئوبۇل ھەسەن روزىمەت، ئەركىن داۋۇت، غېنى قۇربان، گۈزەلنۇر ئابدۇرېھىم، ئىمام مۇھەممەت ...... شېئىرلار ...... 48


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


تۇرسۇن نىياز ...... «سېرىكە پىياز»لىق ئىجادىيەت روھىغا مەدھىيە ...... 80


## بالىلار ئەدەبىياتى


قاۋۇل ساۋۇر ...... كىم كۈچلۈك؟ ...... 92
ۋاھىدى ...... دوپپا تەقدىم قىلىش ...... 95
راخمانجان رۇسۇل ...... ئائىلە ماجىراسى ...... 98
ياسىن ئىسمائىل ...... سەبىي تۇيغۇلار ...... 103
تۇرغۇن ئىزبۇلقاسىم ...... ئانار قىز (بالىلادا) ...... 106


## ساتىرا ۋە يۇمۇر


ھاپىزجان مۇھەممەت ...... مەسەللەر ...... 111
تۇرسۇن ئابباس ...... بۇغداي پېرىيوم قىلغاندا ...... 112
ھۈسەيىن ھېكىم ...... يۇمۇرلار ...... 113


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


مۇنى تايىلدى ( تاجىك ) ...... « تىلتۇمار » ...... 114


## خەزىنە


ئابدۇغېپۇر ئابدۇكېرىم رەتلىگەن ...... قاسساپ بىلەن جوۋازچى ...... 116
يۇنۇس سەمەت رەتلىگەن ...... تۆت دوست ...... 118
ئەنۋەر ئىسمائىل رەتلىگەن ...... نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ...... 122
ئۆزبېكچىدىن ئەخمەتسالى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان ...... بىلىم — بايلىق ...... 124


( بۇ سانىدىكى ھۈسنىخەت ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى جۈمە ئابدۇللا، گۈزەلنۇر، مەخمۇتجان تۇردىلار ئىشلىگەن )

ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 41 يىللىقىنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

ئابلىز ئۆمەر

# بىر كارخانىنىڭ خاتىرىسى

( ئەدەبىي ئاخبارات )

**مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى:** «ئىجتىھات — خىزمەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىجتىھاتنىڭ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇ، خىزمەت جەريانىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەتتىنلا ئىبارەت، خالاس.» كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تەكشى بولمىغان يولىدا ئىجتىھات بىلەن ياشاش ۋە ئىشلەشنى ھاياتنىڭ چىن مەنىسى دەپ تونۇپ، ئۇنى ئاداقى چەككىچە بىرگە ئېلىپ بېرىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىشمۇ ئەمەس. ئەشۇ يېڭىش - يېڭىلىش قايناملىرىدىكى مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ھالدىكى دۇچ كېلىشلەر كىشىنى گاھىدا ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرسا، گاھىدا نۇسرەتنىڭ كىشى ۋۇجۇدىنى سۆيۈندۈرىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان جەلپكار نۇرلىرى قەلب ئۆيىنى چاقنىتىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىنى ھەيدەيدۇ…

مۇددىئانىڭ زور ۋاستىسى ھېسابلىنىدىغان سالامەتلىك؛ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ھۆججەيرىسى بولغان ئائىلىۋى تۇرمۇش؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت… مانا بۇلار ئەنە شۇ ھايات ئېقىمى ئىچىدىكى يانداپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۆتكەللەر بولۇپ، ئۇ، گۈزەل ئارزۇلار ئۈچۈن قانات، شۇنداقلا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەشۇ ئۈمىد گۈللىرىنى قىرقىيدىغان رەھىمسىز تىغدۇر. مۇددىئا ئۈچۈن ئۆزىنىڭدىن ۋاز كەچمەك ۋە يەنە ئەشۇ مۇددىئا ئۈچۈن ئۆزىنىڭغا چىن دىلىدىن كۆيۈنمەك؛ ئەشۇلار ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانىدا ئارزۇ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرماق — پەقەت جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ، ئەقىل ئارقىلىق يول تېپىش بىلەن زىچ بىرىككەندىلا، ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مۇھەببەت كىشىلىك ھاياتنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇ، شەخسىيەتسىز قەلبكە يىلتىز تارتقان ماھارەت، ئىشەنچ ۋە ئىرادە ئاساسىغا بىنا بولغان بىباھا ئەنگۈشتەر. ئۇ، تەلمۈرگەننى تېخىمۇ تەلمۈرتىدىغان سېھىرلىك كۆز ئەمەس، بەلكى چەكلىك ئۆمۈرنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىدىغان ئۆچمەس ئابىدە!

ئۇزۇن يىللىق ئاخباراتچىلىق ھاياتى مېنى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىش، ئىختىرا قىلىش ۋە روناق تېپىش جەريانى بىلەن تونۇشلۇققا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمگە ئۆچمەس تۇيغۇ ئاتا قىلغانلىرىدىن بارماق بىلەن ساناپ بېرەلەيمەن. بۇ، مېۋىلىك باغدا ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ، قەلبىمدە تولۇق پەيدا بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى بىر تۈپ مېۋىدە پىشىپ يېتىلگەن نۇرغۇنلىغان مېۋىلەر ئىچىدىكى بىر نەچچە تال مېۋىنىڭ كىشىگە بەرگەن لەززىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر. يېقىندا مەن ئەنە شۇنداق لەززەتلىك بىر تال مېۋىنى تېتىپ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات دولقۇنىدا كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، جاسارەت بىلەن يول تېپىپ، ئەشۇ يولغا چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلاپ نەتىجە قازانغان كىشىلەرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنى ئەسلىتىدىغان ھاياتلىق كۈيى خاتىرىلەنگەن. مۇھەببەت، ئىرادە، جاسارەت ۋە شەخسىيە تىنىمسىزلىكىنىڭ ھەققىي مەنىسى ئەشۇ كۈي بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كىشىنى ئەنە شۇنداق ياشاشقا، ئۆمۈرگە ئەنە شۇنداق مەنا بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇلغان. بۇ لەززەتلىك مېۋىدىن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئورتاق لەززەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «بىر كارخانىسىنىڭ خاتىرىسى» دەپ نام قويۇپ تەقدىم قىلدىم.

1988- يىل 10 - ماي

بۈگۈن ھاياتلىق سەپىرىمدە يېڭى مۇساپىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىش كۈنى. چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىكىگە خېرىدار چاقىرىش رىقابىتىگە قاتنىشىمەن، شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇم يا خۇشاللىقنى ياكى بولمىسا قورقۇشنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە جىددىيلەشمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن ئىستېپا بېرىپ، كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش قارارىمنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمىغان بەزى يولداشلارنىڭ ئۈمىدسىز قاراشلىرى كۆڭلۈمدە نۇرغۇن سوئاللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبكار ئىدى. «تاللىغان يولۇم ئۇلار ئېيتقاندەك راستىنلا بەك خەتەرلىكمىدۇ؟»، «ئۇ شىركەت راستىنلا شۇنداق مۈرەككەپمىدۇ؟»، «مېنى قايسى تەقدىر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟». كونكرېت، قانائەتلىنەرلىك جاۋابنى ئەمەلدىن كارخانا باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان مەندەك بىر نەزەرىيە - تەشۋىقات كادىرىنىڭ ئالدىن تاپالىشى ھەقىقەتەن قىيىن.

چىڭگىشلىشىپ كەتكەن نېرۋا پائالىيىتىمنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن، يادا بولۇپ كەتكەن ھۆددىگەرلىك لايىھىسىنى قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدىم. لايىھە شىركەت ئەھۋالىنى بىر نەچچە كۈن ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئارقىلىق خېلى ئەستايىدىل يېزىلغان بولۇپ، شىركەت ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە، ھۆددىگە ئېلىشتىكى مەقسىتىم، يېتەكچى ئىدىيە، ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر، ئىسلاھات، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى، شىركەت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، ئامىمىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىلان قاتارلىق مەزمۇنلار سىستېمىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئىزدىنىشتىن چاقنىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قەلبىمدە قايتىدىن گۈلخان

بولۇپ، چېچىلغان پىكىرلەر ئاستا - ئاستا مەركەزلەشتى. شەھىرىمىزدىكى كارخانىلار ئون يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق زامانىۋى ئىگىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى بولغان ئىلمىي باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا سەۋىيە-سى ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يەنىلا تۆۋەن، تاۋار ئىگىلىكى تەرەق-قىياتى جەريانىدىكى شىددەتلىك رىقابەت ئېقىمىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ئۈمىد-ۋار باھا بېرىش تېخىمۇ قىيىن. يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەتلىك، ئىجادىي، ئەمە-لىي ئىشلەش روھىغا باي ئىختىساسلىق خادىملار ئاز، ئەجەبا مېنىڭ ئىرادەم دىيارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى جىددىي ئېھتىياجىنى ئازراق بولسىمۇ قاندۇرالماسمۇ؟ نەزەرىيىنىڭ خىزمەت قىلىش نىشانى — ئەمەلىيەت. مېنىڭ مەقسىتىم: ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر-نى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىغا تاپشۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش. ياشاشنىڭ مەنتىقىسى—غا يېتىلىك بولۇش. ھالبۇكى، غايە كونكرېت بولۇشى، ئەلنىڭ ساداسىنى ئىپادىلىشى، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ، ھاياتىي كۈچكە، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ. ئالىي تېخ-نىكومنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن بېرىقى تىرىشىپ ئىزدىنىشىم دەل مۇشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇپ يېرىم يولدا تەۋرىنىش—ئى-رادىسىز كىشىلەرنىڭ جاھانسازلىق مەنتىقىسى.

ئۆز رېتىمىغا چۈشكەن تەپەككۇرنىڭ يالقۇنلۇق خىتابى ماڭغۇسى يولۇمنىڭ توغ-رىلىقىغا مۇستەھكەم ئىشەنچ بېغىشلىدى. ياھ، ئەتراپقا خۇشپۇراق چېچىۋاتقان گۈللەر ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلمىغان بولسا، خىياللار ئىلكىدە مېڭىۋېرىپ، «خەلق شەرقىي يولى»غا كېلىپ قالغانلىقىمنى تۇيماي قالىدىكەنمەن. گۈزەللىك مۇجەسسەملەشكەن بۇ يول-نىڭ ئىككى يېقىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگا - رەڭ گۈللەر نەۋباھارنىڭ سالقىن شا-مىلىدا تەبەسسۇم بىلەن يەڭگىل سىلكىنىپ ماڭا ئۇتۇق تىلىگەندەك قىلاتتى.

شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى، پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي كومىتېت، پىلان كومىتېتى ۋە شەھەرلىك تەمى-نات - سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، باھالىغۇچىلار، شىركەتتى-كى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتناشقان خېرىدار چاقىرىش چوڭ يىغىنىنىڭ كەيپى-ياتى سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. باشقۇرغۇچى يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تە-سەۋۋۇرۇمنىڭ ئەكسىچە ئانچە جىددىي بولمىغان رىقابەتتە مېنىڭ لايىھەم كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ئالقىشىغا، باھالىغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بىراق، بۇ ماڭا نىس-بەتەن ئېيتقاندا غەلىبە ئەمەس، بەلكى شىركەتتىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى-لەرنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسى ۋە ئۈمىدى ئىدى. پىلان ۋە نىشان تېخى قەغەز يۈزىدە بولۇپ، ھەقىقىي نەتىجە تېخى ئەشۇ پىلاننىڭ قانچىلىك ئەمەلىيلىشىشىگە ۋە مېنىڭ قانچىلىك ئىزدىنىشىمگە باغلىق.

1988- يىل 11- ماي

ئۇپۇق يېرىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرى ھىممىتىگە تەشنا ئىخلاسمەنلەرنىڭ چېھرىدە جىلۋە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يولىغا تەكشى سېپىلمەكتە. يوللار، كوچىلار ئىشقا ماڭ-

غان ئادەملەر ئېقىمىغا ئايلانغانىدى. مېنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنۇم شەھەرنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، تار، قىستاڭ يولدىكى ماشىنا، تراكتورلارنىڭ، ۋېلسىپىت، ئات - ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ ۋە يول بوشىتىپ بېرىشكە قىستىغان سىگناللىرى كىشىنى بىزار قىلاتتى. ئىشانغا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا نەچچە قېتىم ۋېلسىپىتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇم. قىستائېچىلىقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار ئۈستى-بېشىمنى قاپلىدى. مەن ئىدارە دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئارقامغا قارىدىم. دائىم سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىش ماشىنىسىدا سۇ سېپىلىپ پارقىراپ تۇرىدىغان ئازادە ئاسفالىت يول ئورنىدا چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تار ۋە قىستاڭ يول؛ ئىككى يېقىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنالار ئورنىدا ئوتتۇرا ئەسىرنى ئەسلىتىدىغان كۆرۈمسىز كەپىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىر شەھەرنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوخشاشمىغان مەنزىرە مەندە يېڭى بىر تەسىراتنى ئويغاتتى. «بۇ قىياپەتنى ئۆزگەرتىش ئادەملەرنىڭ شىجائەت ۋە جاسارىتىگە باغلىق!» دېدىم ئىچىمدە.

1988 - يىل 15 - ماي

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسى مېنى بىئارام قىلدى. كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئانچە قىزغىن ئەمەس. گويا كۆڭلىدە بىرەر سىر باردەك قىلىدۇ - يۇ، يۈرەكلىك ھالدا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بەزىلەر: «ئاستا - ئاستا چۈشىنىسىلا!» - دەپلا سۆزىنى تامام قىلىدۇ. شىركەت ھويلىسىدا غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن كىشىلەر مېنى كۆرۈپلا بىر - بىرلەپ تارقاپ كېتىشىدۇ ياكى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تىمتاس بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچ يىل ئىچىدە تۆت نەپەر دىرېكتور ئالمىشىپ بولغان بۇ شىركەتتە ئېھتىمال ئۇلارمۇ ماڭا ئىشەنچىسىز قاراۋاتقاندۇ؟ «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ» دېگەندەك قاراشتا بولۇۋاتقانلارمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، مېنىڭ بۇرۇن ئىگىلىگىنىم كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى ۋە ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدىغان يۈزەكى ھادىسىلەر. ماھىيەتتە شىركەتنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى خېلىلا مۇرەككەپلىكى ماڭا بارا - بارا ئايان بولۇشقا باشلىدى. قانداقتۇر سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل روھىي كىشەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى چۈشەپ تۇرغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ مەنبەسىنى تېپىپ چىقىش — ئىرادە ۋە غەيرەتكە باغلىق ...

مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان تىرىشچانلىق، يىراقنى كۆزلەشكە دەۋەت قىلىدىغان ئىرادە ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر، ئىشەنچ ۋە جاسارەت ماڭا ئىلھام بەردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچلۇق خىزمەتتە ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىشكە، ئىنچىكە تەھلىل قىلىشقا ۋە ساغلام ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ماھارىتىگە تايىنىش لازىم.

1988 - يىل 18 - ماي

پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەمۇرىي رەھبەرلىك بىرلىكتە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەمەلىي خىزمەت كۈن تەرتىپىنى مۇزا-

كىرە قىلدۇق. ئالدى بىلەن تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ تۈزۈم ئاساسىنى بەرپا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىلان، تەدبىر ۋە قەدەم - باسقۇچلىرى بەلگىلەندى.

بىرىنچى قەدەمدە بۆلۈملەرنى قايتىدىن تەسىس قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى، كەسپىي ئىقتىدارى، مىللىتى، جىنسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق قۇرۇلما شەكىللەندۈرۈپ، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلاملارغا تەقسىم قىلىش، مۇئەييەن باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە ۋە كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە خادىملارنى تاللاپ، ئاساسىي قاتلام مەسئۇللىرىنى بېكىتىپ چىقىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، ئاجىز ھالقا بولغان تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات روھىي ۋە كارخانا خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرىنسىپلىرى تەتبىق قىلىنغان، شىركەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھۆددە مۇددىتى ئىچىدىكى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، شىركەت دېموكراتىك باشقۇرۇش كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش قاتارلىقلار — تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

ئاساسىي قاتلام مەسئۇللىرىنى بېكىتىش مەسىلىسى يىغىندىكى قىزغىن، جىددىي مۇزاكىرە تېمىسى بولۇپ، ئايرىم كىشىلەرنىڭ پىرىنسىپسىز، غەيرىي يېقىنچىلىق ئىدىيىلىرى ئاز - تولا ئاشكارىلىنىپ قالدى. شىركەتكە يېڭى بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدە ھەم ئۆلچەمنى ئىگىلىشىم ھەم پېشقەدەم يولداشلارنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك. شىركەتنىڭ ھازىرقى ھاۋاسىغا قارىغاندا تەلەپنى بەك يۇقىرى قويغىلى بولمايدۇ. تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىش لازىم. بۇ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىسى. مۇشۇ چارە ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشقا پايدىلىقتەك تۇرىدۇ.

1988 - يىلى 25 - ماي

تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تەرتىپكە سېلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ماقۇللىشى ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئېلان قىلىندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تەشكىلىي ئىنتىزام، قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ئىككى نەپەر خىزمەتچىنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈشى، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ئالتە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن جازا كۆرۈلۈشى — ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۈزۈملەشكەن باشقۇرۇشقا نىسبەتەن جىددىي دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىشتە، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، قالايمىقانچىلىق ۋە چۇۋالچاق ھالەتنىڭ تۈزۈلۈشىدە زور رول ئوينىدى. كارخانا قىياپىتىدىكى يېڭى بۇرۇلۇش جاپالىق ئىزدىنىشنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى سۈپىتىدە ماڭا غايەت زور ئىلھام ۋە غەيرەت بېغىشلىدى.

1988 - يىلى 30 - ماي

باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچى بولغان ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش پەيتى يېتىپ كەلدى. بارلىق زېھنىي كۈچۈمنى مەركەزلەشتۈرۈپ

تەييارلانغان ئىسلاھات لايىھەسى شىركەتتە مۆلچەرلىنىدىكەندىمۇ كەسكىن مۇنازىرە قوزغىدى. مۇزاكىرە ھۆددىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈش ۋە نازارەتنى ئىنكار قىلىپ، باشقۇرۇشنى پۈتۈنلەي تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش؛ مالىيىگە بولغان بىر تۇتاش كونتروللۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۇل تاپقانلارنىڭ خالىغانچە چىقىم قىلىشىغا يول قويۇش؛ شىركەت پەقەت ھۆددە پۇلىنى يىغىشقا مەسئۇل بولۇش، تەقسىمات پەرقىنى تېخىمۇ زورايتىش قاتارلىق ھەر خىل ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئاشكارىلاندى. بۇ تەلەپ ۋە پىكىرلەر 1985-يىلىدىكى ھۆددىنى باشقۇرۇش ئورنىغا دەسسىتىپ، تىزگىنلەش مېخانىزمىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىش ئارقىلىق، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز مەنپەئەتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن قالايمىقانچىلىقلارنى قايتا تەكرارلاش ئىدى. ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلە شۇكى، رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى ×× بۇ خىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ باش ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ ناھايىتى تار، يىراقنى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە قارىماي، بىر قەدەر يۇقىرى كەسپىي ئىقتىدارى ۋە ھوقۇق ئىمتىيازى بىلەن تىكلىگەن ئىناۋىتى ئاساسىغا بەرپا بولغان شىركەتتىكى تەسىرىنى ئادەتتىكى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. سىياسىي ھاۋا شالاڭلاپ، دېموكراتىيىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان، توغرا ئىستىل، ئادىل پىكىرلەر زەربىگە ئۇچرىغان، «گاچا بولسىمۇ، يېنىڭ كېپىدە ئورۇنلۇق» قارىشى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئورنىشىپ كەتكەن، مۇتىھەملىك ۋە بىشەملىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنمەنچىلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتكەن بۇ خىلۋەت ماكاندا، كۆپ ساندىكى ئامما بېسىمدىن قورقۇپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھەسرەت بىلەن ياشاپ كەلگەن. ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەردىن ئۇلارنىڭ قەلبىنى كۆرۈۋاتىمەن، چاقنىغان كۆز نۇرىدىن ھەقىقەت ئىستىكىنى چۈشىنىۋاتىمەن. شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر بىر مەشغۇلاتلاردىن كەسپكە چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلاپ، شۇنىڭدىن ئۆمرىنى گۈللەندۈرۈشنى كۆزلەۋاتقانلىقىنى، ھەر بىر ھۆنەردىن ئىنسانىي تۇيغۇغا باي سەممىيەت ۋە كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىسىنى تولۇق چۈشىنىۋاتىمەن. ئىشىنىمەنكى، ھەقىقەت ھامان ئەشۇ تىرىشچانلىقتا ئۆگەنگەن زەپەردەست قوللارنىڭ، سەممىيەت ۋە ئادىللىقنى مىزان قىلىشقا ئادەتلەنگەن ساپ يۈرەكلەرنىڭ رېتىملىق ئاۋازى ئارقىلىق مۇشۇ خىلۋەتتە ھامان جۇلالايدۇ.

1988 - يىل 31 - ماي

ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ جىددىي سىناقلىرىغا دۇچ كەلدىم. قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاز كېچەمدىمەن ياكى ئىلگىرىلەمدىمەن؟ ئۆزۈمدىن بىرى ۋۇجۇدۇمغا كۈچ، ھاياتىمغا جاسارەت بېغىشلاۋاتقان ئۈمىد ۋە قەتئىي نىيەت مېنىڭ توختىماي ئىلگىرىلىشىمگە تۈرتكە بولدى. مەن ھەم سالماق، ھەم كەسكىن بولۇشۇم كېرەك. چۈنكى ئىسلاھات — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغۇپ كەلگەن قاتمال تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق كارخانىنى روناق تاپقۇزۇشتىكى تۈپ تەدبىر ۋە ئىجادىي خىزمەت. بىراق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ئىسلاھاتنى توغرا يۆنىلىشتىن ئاداشتۇرىدىغان، دۆلەت، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان، باشقۇرۇشنى ئاجىزلاش-

تۇرۇپ، شەخسىيەتچىلىك ۋە قانۇنسىز قىلمىشلارنى ئەۋج ئالدۇردىغان، شىركەت ئىستىقبالىنى خاراب قىلىدىغان ناچار خاھىش ۋە ھادىسىلەرگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش سىجىللىقى ۋە تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن شىركىتىمىزدە كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي خىزمەتنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پىلانى شىركەت ئەمەلىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، كارخانا تارىخىدىكى ئېچىنىشلىق ساۋاقلارنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. ئۇنى تەكرارلاشنىڭ ئۆزى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئەقەللىي ئىنسانىي مەسئۇلىيەتنى ئۇنۇتقان بىلەن باراۋەر.

1988- يىل 1- ئىيۇن

چەكسىز خۇشاللىق ھېسسىياتىم بىلەن تۇمەنلىگەن ياش بوغۇنلارنىڭ بايرام تەنتەنىسىگە ئورتاقلىشىۋاتىمەن. ئاجىز گەۋدەم ئىچىدىكى كىچىككىنە يۈرىكىم يىغىن ئەھلىنىڭ خۇشاللىقتىن ئۇرۇلغان چاۋاكلىرىغا رىتىمداش بولۇپ، كۆكرەك قەپەزلىرىمگە ئاياۋسىز ئۆزىنى ئۇرماقتا. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، كەسكىن خاراكتېرىمنى تۈنجى رەت ئوچۇق ئىپادىلىگەن، سالماق، ئەمما مۇرەسسەسىز سۆزلىرىم پۈتكۈل ئۈمىدنى ماڭا بېغىشلىغان نۇرغۇنلىغان سەممىيەت ئىگىلىرىنىڭ قەلبىنى شادلىققا چۆمدۈردى بولغاي، يىغىن ھاۋاسى جۇشقۇنلۇققا تولۇپ، قىزغىن كەيپىيات ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. كۆرۈۋاتىمەن — ماڭا تىكىلگەن جۈپ كۆزلەردىن مارىلىغان شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى؛ كۆرۈۋاتىمەن — تاڭدا چىللىغان خورازنىڭ قانات قېقىشىدەك تاراسلاپ چىقىۋاتقان ئالقىش سادالىرىدىن سەممىيەت ۋە توغرىلىقنى مەڭگۈلۈك مۇئامىلە مىزانى قىلىپ تاللىۋالغان پاك يۈرەكلەرنىڭ تەلپۈنگەن مۇددىئالىرىنى. ئۇلار ماڭا پۈتكۈل ئۈمىدىنى بېغىشلىغان، ئۇلار ماڭا پۈتكۈل كارخانىنىڭ ھاياتىنى يۈكلىگەن. مەن ئورغۇپ تۇرغان جاسارەت ۋە ماڭا تەلمۈرگەن جۈپ كۆزلەرنىڭ ئورتاق تىركىشىشى ئارقىسىدا ئاخىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىمنى داداللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم. ھەر قايسى بۆلۈملەرنى بىرلىك قىلغان ئىچكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھۆددە نىشانىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ ھۆددىگە بېرىش، ئىش ھەققىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن چېتىش، دۆلەت، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل تەقسىمات شەكىللىرىنى يولغا قويۇش، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان ساپ پايدىنى مۇۋاپىق نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىش، جانلاندۇرۇش بىلەن چەكلەش مېخانىزمىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ، قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساسىي مەزمۇن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، شىركەتنى ئوبدان تۈزەپ، مۇقىم تەرەققىيات ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش ئىسلاھات لايىھىسى ئاخىرى ماقۇللاندى.

1988- يىل 15- ئىيۇن

يىغىنلاردا بەزى يولداشلارنىڭ: «زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتورلار ھۆددە پىلانىنى تۆۋەنگە ئەمەلىيلەشتۈرۈپلا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، تاماشا پىلانى تۈزىدۇ ياكى ياس-

تۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ» دېگەندەك پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم. مېنىڭچە، ئىسلاھات بىلەن قاتماللىق، كونا ئىدىيە بىلەن يېڭى بۇرۇلۇش، ھەسەت قىلىش بىلەن ئىلگىرىلەش كەسكىن رىقابەتكە چۈشۈپ، جىددىي ئېلىشىۋاتقان مۇشۇ قەدەمدىكى ماكاندا باشقۇرغۇچىلارغا ئۇنداق خاتىرجەملىك ۋە جاپاسى يوق ھاۋالەت ئاتا قىلىنىدىغان كارخانا يوق. شۇڭا خېيىم - خەتەر تۇيغۇسى يوق، ئىنسانىي سەزگۈسىنى يوقاتقان مەسئۇلىيەتسىز كارخانىچىمۇ بولماسلىقى كېرەك.

1988- يىل 30- ئىيۇن

خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىرىدىن نامايەن قىلىنىدىغان قىزغىن قۇتلۇقلاش سالاملىرى كوچا - رەستىلەرنى گۈزەللىك دۇنياسىغا ئايلاندۇرغان، ئاتا - ئانا، قەۋم - قېرىنداشلار بىر داستىخانغا جەم بولۇپ، ھالال مېھنىتىنىڭ تەمىنى ئورتاق تېتىۋاتقان قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە تومۇز ئاپتىپىنىڭ تونۇردەك تەپتىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان مېھنەت تەرلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنى ھەر بىر دوقمۇشتا ئۇچرىتىمىز. چارۋا مەھسۇلات سىستېمىسىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر يىلىدىكى قۇربان ھېيتى ئەنە شۇنداق ئالدىراش ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ شادلىق ساماسىغا جۆر بولۇپ، يىلدا بىر كېلىدىغان ئەنئەنىۋى بايرامنى ئۇرۇق - تۇغقان، بالىلىرى ۋە دوستىيا - ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈپ شادلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتى شىركەتنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن دۆلەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن بېغىشلانغان. ھۆددە مەزگىلىدىكى بۇ تۇنجى مۇبارەك ھېيت زور ئۈنۈم بىلەن شىركەتنىڭ يىللىق ھۆددە نىشانىنى مۇددەتتىن تۆت ئاي بۇرۇن ئورۇنلاپ، تارىختا يېڭى سەۋىيە ياراتمىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. قۇتلۇق مىنۇتلىرىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، پۈتكۈل ئېسىيادىنى ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ شادلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان نامسىز تۆھپىكارلارغا تەشەككۈر!

1988- يىل 4 - ئاۋغۇست

ئۈنۈملۈك خىزمەت بەخش ئەتكەن جۇشقۇن روھ بىلەن سۈزۈك تاڭنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھوزۇرلىنىش پۇرسىتى بۈگۈن ماڭا نېسىپ بولمىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنى نىقابلاپ كەلگەن سۈرلۈك ۋەھىمە، رەزىل ئويۇنلار ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. كۆڭۈلسىز ھادىسە كەلتۈرگەن گۇمانىي پىكىر، تاساددىپىيلىق ئىچىدىكى ئېسەنكىرەش كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ، نېرۋامنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئالدىمدىن ۋالىلداپ ئۆتكەن تۈمەنخىل خىياللار پىكىرىمنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى غەلىتە ھېسلارنىڭ قولىغا ئايلاندۇرماقتا. تەسەۋۋۇرۇمغا سىغمىغان كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر رەسمىي تۈردە ئاشكارىلاندى — ئىككى يارەمچىنىڭ ئىش ئۈستىلى بىر ئىشخانىغا سىغمىدى. كۆڭۈلدىكى بۈيۈك مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا بىۋاسىتە رول ئويناپ يۈرگەن بۇ ئىككەيلەننىڭ ئىچ سىرلىرىنى تاساددىپەن ئاشكارىلىشى مېنى تېخى ھېس قىلمىغان بىلىم ۋە تۇيغۇ بىلەن تەمىن ئەتتى. ئېنىقكى، بىرسى جانىجان مەنپەئەت ئۈچۈن تىركەشسە، يەنە بىرسى ئاممىنىڭ، كارخانىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلايتتى. تىركىشىش بەخش ئەتكەن يېڭى پىكىرلەر ۋە ۋۇجۇدۇمدا يىلتىز تارتقان قەتئىيەت بىلەن شىركەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، قانۇن-

ئىنتىزامغا خىلاپ تەلەپلەر رەت قىلىنغاندىن كېيىن × × ئىشخانا بىناسىنى ئۆرۈۋەتـ
كىدەك ئەلپازى بىلەن خىرىس قىلىپ، چۇقان كۆتەردى. پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەمۇرى-
يەتتىكى مەسئۇل يولداشلارنى قەبىھ تىللار بىلەن ھاقارەتلىدى. ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىقتى-
دارى بىلەن كۆرەڭلەپ، تېرىسىگە سىغماي يۈۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ غەرىزى ئۆزى ئاشكارىلىن-
غان نەتىجىدە باشقىچىرەك ئىككىلىكىنى تەبىئىي رەۋىشتە ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ
قارىشىچە، بۇ شىركەتنى زىيالىي باشقۇرالماسمىش، ئىلمىي پوزىتسىيە، ئامىمىي خىزمەت
ئۇسۇلى، سەممىيلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسلىھەت ۋە دوستانە پىكىرلەر ئۇنىڭغا:
«كىتاب بېتىدىكى قۇرۇق ئىبارىلەرگە تايىنىپ جان باقىدىغان» ئاماللىسىز كىشىلەرنىڭ ئاجىز-
لىقى بولۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ. ھوقۇقىغا تايىنىپ خالىغىنىنى قىلىدىغان بۇ كۆرەڭ كىشىنىڭ
قوپال مۇئامىلىسىدىن شىركەت ئەھلىنىڭ، شۇنداقلا بۇرۇنقى باشلىقلارنىڭ ئېھتىيات
قىلىپ كەلگىنى راست. مۇشۇنداق ھالدىكى ئېھتىيات ئۇنىڭ خورىكىنىڭ تېخىمۇ ئەسەبىي-
لىشىپ، تېخىمۇ شەخسىيەتچىلىشىشىگە يول بوشاتقان. نەتىجىدە ئۇ ھېرىس بولغان پۇل
ئېتىقادى ئەقەللىي، ئىنسانىي ئەدەب - ئەخلاقتىن ۋاز كەچتۈرۈپ، خەلقىمىز پسىخولوگى-
يىسىدىكى سەلبىي تەرەپلەرنىڭ جاھىل ۋارىسىغا، ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئاڭسىز
جارچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ھەسەتخور، مەنمەنچىلىك ۋە تۆھمەتخورلۇقتىن ئىبارەت
ۋابادىنمۇ يامان ئىللەتكە دۇچار بولسىمۇ، ئۆزىنى تارتىشنى بىلمەيدىغان، نامرات ئەقىل-
دىن قانائەتلىنىدىغان نادان بىچارىنىڭ ھالىغا ۋاي!

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان كەسپىي ئەخلاق-
تىن خېلىلا يىراق بولغان نامۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر قىسىم كەسپىي تايانچلارنى
ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان. شىركەت مەسئۇللىرىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولغان كەسپىي
پائالىيەتلەرگە ئارىلىشالماسلىقى ئۇنىڭ خورىكىنى ئەنە شۇنداق ئۆستۈرۈۋەتكەن، سېتى-
ۋېلىش ھالقىسىدىكى يوچۇقلارنى كۆپەيتىۋەتكەن. رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى زىددىيەت، رەھبەرلىك بىلەن ئاممە ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ئىشچى - خىزمەت-
چىلەر ئارىسىغا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن ئاداۋەت، غەيۋەت - شىكايەتلەر، كوللېكتىپ-
ۋىزملىق روھنى يادرو قىلغان ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى
قالايمىقانچىلىق ئۇنىڭغا ئۆز ئىللەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت-
شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان ئىقتىسادىي
ئۈنۈم جەھەتتە ئاز - تولا تۆھپە قوشۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى پىلانىنى ئورۇنلاشنىڭ دەسما-
يىسى ئىدى. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ ئىختىيارچىسى بولغان بۇ ئادەمنى بىر
تەرەپ قىلىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىشمۇ ئەمەس ۋە يەنە ئۇنى ئاددىي ھالدا بىر تەرەپ
قىلىش شۈبھىسىزكى شىركەتنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى ھاۋاسىنى تەكشەشتە ئىنتايىن مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىش ئۇنداق ئاسانمۇ تۈگىمەيدۇ ۋە مۇقىملىقمۇ ساقلانمايدۇ.
**قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاھ، زىددىيەتلىك دۇنيا!**

**1988 - يىل 10 - ئاۋغۇست**

ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
ئىدىيە - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى پارتىيە ياچېيكىسى نۆۋەتتىكى مەركى-

زدى ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولى ئاجىز- لىشىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى — شىركەتتىكى نۇرغۇن ئىتتىپاقسىزلىق ھادىسىلىرى، قانۇنسىز قىلمىشلار ۋە ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، توغرا قاراشنى تىكلەش، ئىدىيىۋى ئاڭلىقلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ رولىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىدىيىۋى ئاڭلىقلىق — ئاڭ- لىق ھەرىكەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاكتىپ - سىياسەت، تۈزۈم - تەدبىرلەرنى ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش ئارقىلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان رولغا ئىگە. ئاڭلىقلىق — ئادەمنىڭ ئەڭ زور ئەركىنلىكى، ئاڭسىزلىق — ئەڭ زور يۈك. ئاڭلىقلىق — تەربىيىلىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا شىركەت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ مەزمۇ- نىنى بەلگىلەش، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى، ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيە، ئەخلاق تەربىيىسىنى ئاساس قىلىش، تەربىيىنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم.

رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ھادىسىلىرىنى تۈگىتىش ئارقىلىق پۈتكۈل شىركەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش — كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپە. مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرىنى چۈشىنىش، مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دىئالېكتىكىلىق قاراش بويىچە ئۇلارنىڭ ئىللەت- لىرىنى تۈگىتىپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشىمىز لازىم. خىزمەت ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ، ئاممە بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىكنىڭ ئاممىۋى ئاساسىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش لازىم. كەسپىي بىلىمدىن ئىبارەت بۇ كەمتۈك- لۈكنى تولۇقلاش — باشقۇرۇش پائالىيىتىنى تىجارەت پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، شىركەت- نى تۈزەشتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. «تىرىشچان تاپار، تاشقا مىق قاقار.»

1988 - يىل 25 - ئاۋغۇست

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان بازاردا ئۆشتۈمتۇت تالىشىپ سېتىۋېلىش شامىلى چىق- قىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسىنىمۇ قالايمىقان ئۆستۈرۈش مەملىكەت خاراكتېرلىك ھادىسىگە ئايلاندى. بۇ ئەھ- ۋال ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى ئېھتىياجنىڭ ھەقىقىي ئېشىشىمۇ ياكى باشقا پايدى- سىز ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ساختا كۆرۈنۈشمۇ؟ باھانى پىلانلىق تەڭشەش ئىگى- لىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددى- يەتنى پەسەيتىشكە پايدىلىق. بۇ قېتىمقى تالىشىپ سېتىۋېلىش شامىلى باھانىڭ ئومۇ-

يۇزلۇك تېز، يۇقىرى نىسبەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىشىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلغىنىمىزدا ماھىيەتلىك سەۋەبلەر: ئىقتىسادىي جەھەتتە قىزىپ كېتىش، ماكرولۇق تىزگىنلەش ئاجىزلىشىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە ئېھتىياجنىڭ تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىشى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، كارخانىلار پىلانسىز كۆپىيىش، خام ئەشيا تالىشىش، پۇل پاخاللىقى، ئوبوروت تەرتىپىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، قانۇنسىز ھايانكەشلىك قىلمىشلارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىدىن ئىبارەت. خام ئەشيا باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشى تاۋارلارنىڭ تەنەرقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى چېكىدىن ھالقىپ كېتىدۇ - دە، ئاخىرىدا بازار كاساتچىلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشقان نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تالىشىپ سېتىۋېلىش شامىلى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىپ، خېرىدارلاردا ئىشەنچسىز كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، كارخانىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئوبوروت يولىنى تەبىئىي رەۋىشتە تارايتىدۇ. بۇ، كارخانىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. پۇل پاخاللىقى كارخانىلارنىڭ نەچچە يىللىق جۇغلانمىسىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ، باھانىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشى كارخانىلارنىڭ مەبلەغقە بولغان ئېھتىياجىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. دېمەك، پۇل پاخاللىقى، باھانىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەتەرلىك ھەم ۋاقىتلىق ھادىسە. شامال ئۇزاققىچە داۋاملاشمايدۇ، بېسىمدارلىق قىلغانلار زىيان تارتىدۇ. بىزنىڭ تىجارەت فاكۇلتېتىمىز — ئېھتىياجغا قاراپ سېتىۋېلىش، سېتىۋالغان مالنىڭ خېرىدارى بولۇش، ئۇچۇرغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، تېز سېتىش، ئامباردا قالدۇق قالدۇرماسلىق، پۇتۇنلەي بازار ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان تىجارەتتە ھەرگىز قارىمىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

1988 - يىل 5 - سېنتەبىر

ھالقىلىق پەيتتە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى شىركىتىمىزگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، شۇنداقلا كۆپلىگەن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى تەقدىم قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ كىچىككىنە شىركەتكە بولغان غەمخورلۇقى، كۆڭۈل بۆلۈشى ماڭا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. نۇرغۇن خىزمەتلەر كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى چوقۇم يەردە قويماسلىقىم كېرەك.

1988 - يىل 20 - دېكابىر

كىشى ۋۇجۇدىنى سۆيۈندۈرۈپ قەلبىگە توقلۇق ئاتا قىلىدىغان سېخى، ئاۋات كۈز پەسلى ئۆتۈپ كەتتى. دەرەخ شاخلىرىدىكى ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماقلار لەرزان ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە يەرگە قونماقتا. خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغان تۇنجى ھۆددە يىلى تەقدىم قىلغان سوۋغات ماڭا ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز لەززەت بېغىشلىدى — يىللىق ھۆددە نىشانى بىر يېرىم قاتلانغانىدى. ۋۇجۇدۇم ئاجايىپ تاتلىق ھېسلارغا تولغان بولۇپ، ھاياتىمى كۈچىنى نامايەن قىلغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ روھلىنىپ قەلبىمنى شادلىققا چۆمدۈرمەكتە. قاناتلانغان ھېسسىياتىم مېنى ئېلىپ يىراق - يىراقلاردا پەرۋاز قىلماقتا.

تۇندە يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك - ھە؟ كۆكتە ۋاللىداپ چاقنىغان يۇلتۇزلار مەشئەلگە ئوخشاش يولۇمنى يورۇتماقتا. ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇمدا ھەر قانداق مۇزلۇق چوققىلارنى ئېرىتىپ تاشلىغۇدەك كۈچلۈك ھارارەتنى سەزمەكتىمەن. ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، بىراق شىركەت ماڭا زوررۇر بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى، نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەتتى. قىسقىغىنا ھاياتتا مەن نۇرغۇن شەيئىلەر بىلەن تونۇشتۇم. ئىشچان، ساددا، سەمىمىي ئادەملەرنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى قېلىپلىشىپ قالغان قاتمال ھېسسىياتىمنى ئويغىتىپ قەلبىمگە ئىللىقلىق بەخش ئەتتى. كىشىلەرگە بولغان تونۇشۇم، ئۇلار بىلەن ئەسرارلىشىشىم چوڭقۇرلىشىپ مۇناسىۋەتلىرىمدە ئۇچرايدىغان پەرقلىق مۇئامىلىنىڭ ئورنىنى ساقتىلىقتىن تولىمۇ يىراقلىغان ساددىيلىق ئىگىلىدى. كەسپىي جەھەتتىمۇ خېلى پىشىپ، تېخى كەسپىي بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە «سودىگەر» مۇ بولۇپ قالدىم. ئادەم مۇھىتنى ياراتقاندەك، مۇھىتمۇ ئادەمنى تەربىيىلەيدۇ. چۈنكى، ئىجاد قىلىش ئادەملەر پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي يادروسى.

كۆزۈم كۆككە تىكىلگەن ھالدا خىيال سۈرۈۋاتىمەن. تۇندە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ يىراق نەرسە — يۇلتۇز، كۈندۈزى كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ يىراقتىكى شەيئىي — قۇياش. دېمەك، ھەر ئىككى يىلانىپ كۈچلۈك جەلپ قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىنسانلارنى ئەڭ يىراقنى كۆرۈشكە چاقىرىدىكەن. شۇنداق! بۈگۈنكى نەتىجە ئەتە ئۈچۈن دەسمى بولالمايدۇ. تۇزەلگەندە قالايمىقانچىلىقنى ئۇنۇتۇپ قالماسلىق كېرەك. مۇداپىيە تەييارلىقى يوق غەلىبە ھامان قولدىن كېتىدۇ.

ئەقىل سېگنالى مېنى يېڭى يىل ئۈچۈن ئىزدىنىش يولىغا باشلىدى. ئەسلەش، سېلىشتۇرۇش، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئالدىمغا تاشلىدى. مەن ئەمدى تىنچىر قىمايمەن!

1988 - يىل 28 - دېكابىر

ئاز پايدا ئېلىپ، كۆپ سېتىش ئارقىلىق ئوبوروتنى تېزلىتىش ئۆتكەن يىلقى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمگەك ئىسراپچىلىقى ئېغىر، مەبلەغ ئۈنۈمى تۆۋەن، سانغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك ئىللەتلەرنى ئاشكارىلىدى. بولۇپمۇ ئۈچ ئاي داۋاملاشقان تالىشىپ سېتىۋېلىش شامىلى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىپ، نۇرغۇنلىغان كارخانىلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان زور ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈردى. تۆۋەنتە مەركەز پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ماسلىق، مۇقىملىقنى بۇزىدىغان يۇقىرى سۈرئەت قوغلىشىشتەك قىزىق ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن مەبلەغنى قاتتىق تىزگىنلەش، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، تۇزەش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەدبىرلەر ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن بېشارەت بېرىدۇ. پۇلنى تىزگىنلەش مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرسا، ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىشى ئوبوروتنىڭ ئاستىلىشىنى، مەھسۇلات سۈپىتىگە بولغان تەلەپنىڭ كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆتكەن يىلدىكى تىجارەت ئۇسۇلى بىلەن يېڭى يىلدىكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. مەبلەغ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېگىشلىك ئىقتىسا-

دىي ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يىللىقى تىجارەت ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن ئۇنۇملۇك تەدبىر بەلگىلەش كېرەك. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامما ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەقسەتنى چۈشىنىشتە گەپ يوق. ئەپسۇسكى، ئايرىم كىشىلەرنىڭ يەنە چىشىغا تېگىدىغان بولدۇم!

1989 - يىل 25 - يانۋار

دەل ۋاقتىدا قوللىنىلغان ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى مۆلچەردىكىدىن تېز ئۇنۇم بېرىپ، پايدا نىسبىتى ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان — ئىنتىزامسىزلىقنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولغان سېتىۋېلىش ھالقىسىدىكى قانۇنسىز مەنپەئەت يوچۇقلىرى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى. بازار كاسات بولسىمۇ، سۈپەت ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، خېرىدارنى جەلپ قىلىش ئىقتىدارىمىز كۈچەيدى. ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك يۇقىرىقى پايدىلىق ئامىللار، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەر يېڭى يىلدىمۇ ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىش ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

شۈكرى! ئۈستۈمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك خېلىلا يەڭگىللىگەندەك قىلدى، كۆڭلۈممۇ خېلى ئازادىلىككە چۆمدى، يۈرەك كېسەللى بولۇپ قالارمەنمىكى دېگەن ئەندىشەم تۈگىدى.

1989 - يىل 18 - مارت

مەن ئادەمنى سۆيىمەن ۋە چىن دىلىمدىن ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلايمەن. چۈنكى ئادەم — ئالەمدىكى بارچە گۈزەللىكنى بىلگۈچى ۋە ياراتقۇچى، شۇنداقلا ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ نامايەندىسى.

مەن ئادەمدىن يىرگىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارايمەن. چۈنكى، دۇنيانىڭ بىر زەررىچىسى بولغان ئىنسان — بارلىق نەپرەتكە ۋە رەزىللىككە جاۋابكار.

1989 - يىل 20 - ئىيۇن

بەزىدە ئۆزۈمگە ئاچچىقلىنىپ كېتىمەن. نېمە ئۈچۈن «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي...» دېگەندەك تىنچ ياشاشنى خالىمايمەن، نېمە ئۈچۈن زىددىيەتلەر قاينىمىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزۈمگە شۇنچىۋالا ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىمەن؟ ئۇنۇتقان ۋە ئۇنتۇلغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى تۈرلۈك غەۋغالاردىن خالىي، غەمسىز ئۆتمەمدىغاندۇ؟ خىلۋەت جايلاردا يىگانە ياشاشقا، ئەتراپتىكى مۇھىتقا پەرۋاسىز قاراشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى قانداق يېتىلىدىغاندۇ؟... تۇرۇپلا ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە قىزىقىپ قالىمەن. ئەگەر ھەمسۆھبەت بولسىڭىز ئۇلارنىڭ جاۋابى كۈلۈمسىرەش ياكى بولمىسا، «شۇنداقمۇ؟» دېيىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بەزىدە بىرەر باھانە كۆرسىتىپ، پېشىنى قاققىنىچە كېتىپ قالىدۇ. تىنچ مۇھىتنى، غەمسىز ياشاش يولىنى تاللىۋالغان ئاشۇ كىشىلەر بەلكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر كىشىگە ئازارىمۇ، ساۋابىمۇ يوق بولۇپ. «ياۋاش» دېگەن ياخشى نام بىلەن تەرىپلىنىشىچۇ قۇم.

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، ھەسەت- خورلۇقتىن، غەيۋەت - شىكايەتتىن خالىلىق. ئېھتىمال كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىگە بولـ- غان قاراشتىن كېلىپ چىققان غايە، ئېتىقاد مېنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بوران - چاپ- قۇنلىرى ئىچىگە ئىتتىرىۋاتقاندۇ ياكى تومۇرىمدا ئۇخچۇۋاتقان قېنىم ئاشۇ بوران- چاپقۇنلۇق، شىددەتلىك ھايات قاينىمىغا ئىچكىرىلەپ، ئۆز خىسلىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭغا جۆر بولۇۋاتقاندۇ؟ ھاياتقا، ھاياتنىڭ مەنىسىگە بولغان قارىشىم ئۇلارغا تۈپ- تىن ئوخشىمايدۇ. دىلىمدا پەقەت شۇ بىرلا جۈملە سۆز دائىم زىكرى قىلىدۇ: «كىشى- لىك ھاياتنىڭ قىممىتى — كۈرەش ئىچىدە!»

1989 - يىل 15 - سېنتەبىر

7 - ئايدىن كېيىن چارۋا مەھسۇلاتلار تىجارىتى تومۇز ئايلىرىدىكى دىمىق ھاۋاغا ئوخشاش بۇرۇختۇم ۋەزىيەتكە دۇچكەلدى. گويا پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى پۈ- تۈنلەي ئىشتىن توختىغاندەكلا بىرەر خېرىدارنىڭ شەپىسى يوق. قۇربان ھېيتنىڭ ئالدى- كەينىدە سېتىۋالغان 300 مىڭ يۈەنلىك قوي تېرىسى 9 - ئايغىچە بېسىلىپ قالدى. با- ھانىڭ كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلىشى بۇ يىلدىكى ئۈمىدنى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخ- شاش بىر چايقىلىشتىلا يوققا چىقىرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كې- لىۋاتقان تەھدىت مېنى بەكمۇ چۆچۈتتى. ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، كىشىلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتىمنىڭ، تەسىرىمنىڭ يوقاپ كېتىشىغۇ چاغلىقلا بىر گەپ. لېكىن بۇ مەغلۇبىيەت پۈتۈن كارخانىنىڭ ھايات - ماماتلىق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانىدى. مۇ- شۇنداق جىددىي بىر پەيتتە قانداقتۇر بىر غايىۋانە كۈچ مېنى شىركەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئىستىقبال ئىزدەشكە دەۋەت قىلدى. جۈرئەت، ئىزدىنىش، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرۇپ، ماڭا نىجاتلىق ئاتا قىلدى، شىركەت ئېغىر زىياندىن قۇتۇ- لۇپ قالدى. ئىقتىسادىي زىياندىن ئىبارەت ئېغىر تەھدىت لەسسىدە بوشاپ، روھىمدىكى جىددىيچىلىك خېلىلا تۆۋەنلىدى. ئۆزۈمدە باشقىچە جۇشقۇنلۇق ھېس قىلماقتىمەن. بىزنى قىيىن كۈنلەردىن قۇتۇلدۇرغان ئۈرۈمچى «خۋاشىن» خۇرۇم شىركىتىنىڭ ياردىمىگە رەھمەت!

1989 - يىل 21 - سېنتەبىر

ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچى- لەردە پۇلنى كۆپرەك خەجلىۋېتىش بىلەن خۇشاللىنىدىغان، چىقىمنى كۆپەيتىۋېتىدىغان، ئازغىنە نەتىجىنى كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلىپ قالىدىغان، شىركەتنى ھەممىگە قادىر قالتىس كارامەت ئىگىسى چاغلايدىغان ناچار خاھىشلار باش كۆتۈرۈپ قالدى. ئايرىم كى- شىلەر ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى يوق تەلەپلەرنى قويۇۋاتىدۇ. بىراق، ئامما ئۆز ئەج- رىنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك. مېنىڭچە بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن خىز- مەتلىرىمىزدىن كۆپچىلىك رازى. چۈنكى شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى يەنىلا ئاجىز. كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئاساستا ئىكەنلىكىنى ئۇ- لار خېلىلا ئوبدان چۈشىنىدۇ.

كارخانىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا خېلى ئۇزۇن مۇددەت تىرى- شىشقا توغرا كېلىدۇ. كۈندە تاپقاننى شۇ كۈنى تۈگىتىۋەتسە قانداقمۇ بېيىغىلى بولىدۇ؟

بۇ ئەقەللىي ساۋاد. شۇڭا «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇش»، ھادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، چىقىمنى قاتتىق تېجەش توغرىسىدا ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەش بىلەن بىرگە، يىراقنى كۆزلەپ، جۇغلانما كۆپەيتىشنى ھازىردىن باشلاپ ستراتېگىيىلىك نىشان يۈكسەكلىكىدە تۇتۇش كېرەك. بۇ مەزمۇننى كارخانىچىلارنى مۇپەتتىش قىلىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىش لازىم.

ئەمەلىي قەددىنى رۇسلاپ روناق تېپىشقا يۈزلەنگەن ھەمدە مىكرو ئۈنۈمگە ئىگە كارخانىلارنىڭ يۈكى بازارغا نىسبىي ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. باشقۇرغۇچى ئورۇنلار كارخانىلارغا ئىمكانىيىتى بار ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى لازىم. بۈگۈن يوتىنىڭ گۆشىنى شىلىپ تۈگەتسەك، ئەتە بىلەكنىڭ گۆشىنى شىلىپ تۈگەتسەك، ئاخىردا ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان كارخانىلار قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالمامدۇ؟ كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، مۇقىم تەرەققىيات ئىزىغا سېلىش، روناق تاپقۇزۇش، جۇغلانمىنى كۆپەيتىش دېگەنلەردىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

دۆلەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش — كارخانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتى. تېگىشلىك بولمىغان يۈكنى ئازايتىپ، كارخانىلارنىڭ جۇغلانمىسىنى كۆپەيتىش — تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئاساس يارىتىش ئۈچۈندۇر.

1989 - يىل 23 - نويابىر

ئىككى يىلدىن بۇيان، يۈرەك قېنىمىز بىلەن سۇغۇرۇپ، پۈتكۈل مېھرىمىز بىلەن پەيلەپ، كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ ئۆستۈرگەن ئىنتىزاملىق گۈللىرى خۇشپۇراق چېچىشقا باشلىۋىدى، گۈلزارلىق ئىچىدە ئاللىقاچان چەيلىۋېتىلگەن ئازغانلار سۇنغان غوللىرىدىن يىلتىز تارتىپ، بىر نەچچە تال ئاجىز نوتىنى قارمىۋالدى. رەھبەرلىك بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى X X نى خېلىلا ساراسىمىگە سالدى بولغاي، تۇتقاقلىق كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، ھەر خىل مەكىرلەر بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پارچىلاش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ھېلىقى تەرسانىڭ بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىكى بولۇپ، مېنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن يولداشلىق ئىشەنچ ئاساسىدا تەربىيە بەردىم. ئىنچىكە ھالدا غەيرىي نىيىتىدىن قايتۇرۇش، زور كۆپچىلىكنىڭ ئامىنلىك تەلىپىنى، شىركەتنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېغىر بېسىقلىق، ئىلمىيلىك بىلەن بېرىلگەن تەربىيە، نەسىھەت ئۇنىڭغا مېنىڭ ئاجىزلىقىم بولۇپ تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن، خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. ئەقەللىي ھېسسىيات ۋە ئادەملىك قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن خېلىلا ئۈنۈمىنى كۆرسىتىدىغان سەمىمىيلىكىمنى نەزەرگىمۇ ئىلمىغان بۇ ئادەمدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم.

جىگدىغا گۈل ئۇلاش ئاسان — ئىككىلىسى ئاساسەن ئوخشاش غوللۇق ئۆسۈملۈك. بىراق ئازغانغا گۈل ئۇلاش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

1989 - يىل 25 - دېكابىر

ئىسلاھات ئارقىلىق يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا ئۆتۈش، سۈرئەتلىك ئىگىلىكتىن ئۈنۈم ئىگىلىكىگە قاراپ مېڭىش — شىركەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش-

تىكى ئاساسى يۈزلىنىش، شۇنداقلا ئىگىلىك باشقۇرۇش بويىچە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە.

1988-يىلى يەتتە مىليون سەككىز يۈز مىڭ يۈەن ئوبوروت قىلىپ، تۆت يۈز يەتتە مىڭ يۈەن ئومۇمىي پايدا ئالغان بولساق، تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، پايدا نىسبىتىنى ھۆددىگە بەرگەن 1989-يىلى تۆت مىليون بىر يۈز مىڭ يۈەن ئوبوروت قىلىپ، تۆت يۈز يەتمىش مىڭ يۈەن ئومۇمىي پايدا ئاپتۇق. دېمەك، ئۈنۈم ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان پايدا نىسبىتىنى ھۆددىگە بېرىش — تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشتىكى بىر ئىلگىرىلەش بولدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۈنۈم ئىگىلىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش — سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، نۆۋەتتىكى قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش، مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، خام ئەشيا ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىش، دۆلەت، يەرلىك ۋە كارخانا مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى مۇقەررەر يول. ئەپسۇسكى، بەزىلەرنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكىنى دەل قانۇنسىز يوچۇقلارنى ئېتىپ تاشلىغان مۇشۇ تەدبىر!

1990 - يىل 10 - فېۋرال

تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن يولداشلىق ئىشەنچ ئاساسىدا ئىمىنىڭ، پارتىيىنىڭ، شىركەتنىڭ، شۇنداقلا، جاپالىق خىزمەت ۋە ئۇ ئاتا قىلغان مېۋە لەززەتلىرىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، سەمىمىي ھەمكارلىشىش يولىغا قايتىپ كېلىش ئۈچۈن ×× كە ياردەم بەرگەن نۇرغۇن پۇرسەتلىرىم نەتىجىسىز قالدى. ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ئەقىل-ئىدراك يېتىلىپ، شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى تولۇقلاشقان ئەزالىرى سېپىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئاداشقان ئەقلىدىن كۈتكەن ئاخىرقى ئۈمىد چىرىغى ئۆچتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ شىركەتكە كەلگەن ھەر قانداق باشلىق كوۋۇكتىكى كەپتەرگە ئوخشاش ئۇ تاشلىغان دانىنىڭ ئىتائەتمەن ئەسىرى بولۇشى ياكى ئۇزۇن تۇرماي موللاق ئېتىشى لازىم ئىدى. بۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان جەزمەن ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى ھەم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىنىپ يۈرۈيدىغان مەنمەنچىلىكىنىڭ دەسمايىسى ئىدى. ئىلگىرى كۈندە نەچچە قېتىم دەككىسىنى يەپ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە پېتىنالمايدىغان، ھەتتا ئۆرە تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يېڭىدىن تىلى چىققان كىشىدەك قەلبى يايراپ «خوجايىن» سۈپەتكە كىرىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىغان بۇ نادانىڭ ئىچى شۇ دەرىجىدە تارلىشىپ كەتتىكى، جىڭلى ئىشخانىسىغا كىرگەن ھەر بىر كىشىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى چايناپ يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپازدا قارايتتى. بۇ خىل تەھدىتلىرى ئىشقا ئاشمىغاندا بولسا، كىشىنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىشەنچىسىنى يوقىتىشقا ئادەتلەنگەن: «جىڭلى ھامان كېتىدۇ، بىز يەنە قالىمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئاگاھلاندۇرۇش سېگنالى چېلىشىنىمۇ ئۇنۇتمىدى. «ئايال خىزمەتچىلەرنى بېقىۋاتىمىز» دېگەن پوپۇزىلىرىمۇ ئۇنىڭ يەنە بىر خىل چوقۇندۇرۇش ھەيۋىسى ئىدى.

بىراق، بۇ خىلۋەتتە ئۇزۇلدىن بېرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ھەيۋىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ھەققانىيەت، تەھدىتنىڭ ئورنىغا تىكلەنگەن ئادىللىقنىڭ نۇرى بىلەن

قەلبى يورىغان ئانىسى ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۇنىڭ ئالدىدىن گۇس - گۇس دەسسەپ ئۆتۈپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانىدا بۇنى ئۇ، ھەممە ئادەم ھېچ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، پېشىنى يۈركەپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماق، دەپ چۈشەندى. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى پىنھا گۆھەر — ئەقىل - پاراسەتنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان، داۋاسى يوق كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بۇ بىمارنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى — خالىغىنىنى قىلالايدىغان، پۈتكۈل كارخانىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ ئوينىتىپ يۈرەلەيدىغان ھوقۇق ۋە ھەممىگە قادىر پۇل ئىدى. ئىمكانىيەتلىك چاغلاردا ئېرىشكەن بۇ ئىككى «گۆھەر» دىن ئۇ ھەرگىزمۇ ۋاز كېچەلمەيدى. يېقىندىن بۇيان كېسەل باھانىسى بىلەن ئۆيىدە دەم ئېلىۋېتىپمۇ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدارىغا كېلىپ ئىككى قېتىم ئورۇنسىز جېدەل چىقىرىپ، خۇددى كۆزىدىكى ئۈششۈك ھەرىدەك ئۇچرىغانلا ئادەمگە نەشتىرىنى سانجىپ ماڭدى. ئىلگىرىكى قالايمىقانچىلىقلاردا پېشىمىلىك، ھېلىگەرلىكنى كۈنلۈك قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەڭ بەھىرلىنىشكە ئادەتلەنگەن، ئەمدى بولسا كۈنلۈكتىن قۇرۇق قېلىپ، كۆپچىلىك تارتقان جاپاغا ئورتاقلىشالماسلىق تۈپەيلى ئادىل قانۇن - تۈزۈمنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان «دەردەمەن» لەر بىلەن بىر چىلىمدا بەڭ تارتىپ، ئۇلارنى ئاغزىغا كەلگەننى كاكىراشقا قۇتراتتى. بۇ خىل مىكىرلىرى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەلەمگە تولغان يۈرىكىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى مىڭ تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ھۆددە مۇددىتىنىڭ ئاخىرقى يىلىنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇقەددەس ئوردا دەپ بىلگەن بۇ ماكاندا ۋاقىتسىز كۆزىگە قادالغان مىخنى سۇغۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئەسلىدىكى تەختىگە دەسسەش ئىدى. ئەپسۇسكى، خام قاپاقتا تارتقان چىلىمنىڭ كۈچى كۆرسەتكەن بۇ شېرىن خىيال ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنچە يىل بىرگە ئىشلىگەن، ئەركىلىتىپ يەپىلەپ ئۆستۈرگەن «سەپداش» لىرىنىڭ بىرىمۇ ئەسقاتمىدى. قول ئاستىدىكى ياۋاش، مىسكىنە تىنىز مېھنەتكەش ئۆگەنگەن ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي ئادەملەرنىڭ تەقدىرى، تۇرمۇشى ۋە ئىستىقبالىغا خالىغانچە چاقچاق قىلىپ، دۆلەتنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مېڭىۋاتقان كارخانىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ئوينىشىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇلاسىلىغاندا: «نىيىتى يامىننىڭ قازىنى تۆشۈك!»

ئۇنۇم ۋە ئىقتىساد قىلىش جەھەتتە قولغا كەلگەن ئۆچمەس يېڭى نەتىجىلەر، يىللىق ۋەزىپىنىڭ ئۈچ ئايدا ئورۇنلىنىشى — ئۆزى بولمىسا شىركەت دەرۋازىسى تاقىلىپ قېلىشقا تولۇق ئىشەنچ باغلىغان بۇ نادانغا ھەقىقەتەن ئەجەللىك زەربە بولدى.

پۈتكۈل مېھرىنى، ساداقەتمەنلىك بىلەن پارتىيىگە، خەلققە بېغىشلاپ، كەسپكە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئىشەنچىنى كارخانىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاتىغان كادىرلارنى ئاداققى زەھەرلىك سۆزلىرى بىلەن ئېيىپلاپ: «ھېلىقى كەتمەنگە نان چىلاپ يەيدىغان سەھرالىق بىلىمسىزلەر ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئىشلەپ نېمە تاپار؟» دەپ خۇسۇمەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇمىتى ئەلەمگە تولغان قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان زەرداپ، مېھنەتكە مىننەت قىلماي ئىشلەشنى شەرەپ دەپ بىلگەن كىشىلەرگە قىلىنغان تۆھمەت ئىدى. بۇ خىل تۆھمەتنىڭ ئىگىسى ئەشۇ كەتمەندىن ئىبارەت مېھنەت قوراللىرىنىڭ ئەلگە نېمەت يارىتىپ بېرىشىنى، ئەشۇ مېھنەت داۋامىدا ئالتۇندىنمۇ ساپ ۋە

پاكىزلىكىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ئەشۇ قورالدا مېھنەت تەممىنى تېتىغان ئىنسانغا ھا- ياتىي كۈچ بەخش ئېتىۋاتقان يۈرەكنىڭ خۇددى دانكو نىڭ يۈرىكىدەك ۋالىلداپ يېنىپ كىشىلەرنى ئىجادقا، سەممىيەتكە ۋە ئىنسانىي ئەدەب - ئەخلاققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟ ئۇ ھاقارەتلىگەن «سەھرالىق» — ئۆمرىنى ھاياتكۆچۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى ياشاشقا ئاتىۋەتكەن، ئېتىقادىنى پارتىيە - خەلق خىزمىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان، كەسپكە مۇھەببەت باغلىغان، كىشىلىك مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى داۋاملىق ئېسىدە ساقلىغان؛ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئەمەس، بەلكى شىركەتنىڭ — ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە جان كۆيدۈرىدىغان، ئەشۇ يولدا ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان، پارتى- يىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى- نىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىپ ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاۋاتقان سەممىي، پىشقەدەم كادىر؛ سىستېمىمىزنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شەھەر بويىچە مۇنەۋۋەر پارتى- يە ئەزاسى، بىر بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى، تەدبىرلىك باشقۇرغۇچى. ئۇ ئاممىغا، پارتىيىگە كۆيۈنىدۇ. پارتىيە ۋە خەلق ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئۇ كەسپكە بولغان مۇ- ھەببىتى، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشى، مۇئامىلىدىكى سەممىيلىكى، ئېلىم - بېرىمدىكى ئادىللىقى، ھېرىش - چارچاشنى ئۇنۇتقان ھالدا بارلىقىنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن بې- غىشلاشتەك ئالىي خىسلىتى ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ «ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئىشلەپ تاپقىنى» ئەنە شۇ! خۇسۇمەت ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئەشۇ خىل پىسخىكىسى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇ ئىگە بولغان ئەشۇ شەرەپنى ئەمەس، ئۇنىڭ سا- يىسىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولالارمۇ؟

1990 - يىل 15 - فېۋرال

شىركەتتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنى بولغان × × نىڭ نادانلىق بى- لەن ئېلىپ بېرىۋاتقان يامان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىگە يەنە يول قويۇش، سۈكۈت قى- لىپ تۇرۇش شۈبھىسىزكى، ئۇمىد ۋە ئىشەنچنى يوقىتىپ، شىركەتنىڭ پۈتكۈل پائالىيە- تىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش بىلەن باراۋەر. ئۇنىڭغا چەك قويۇپ، قايتا ياما- راپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق — ئاجىزلىقنىڭ ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەدەپ كېتىشىنىڭ ئۆزى كەسكىن قارارغا كېلىپ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى.

1990- يىل 20- فېۋرال

مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ رەزىل ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بۇ خىلۋەت- تە ئۆزىنى «شاھ» ھېسابلاپ يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ شىركەتكە يەنە ئۇزۇن مۇددەت ھۆ- كۈمرانلىق قىلىپ، بۇرۇنقى تەختىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان ئاخىرقى ھىيلە-مى- كىرلىرى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولسىمۇ، بىراق دەرىجىدىن تاشقىرى «كەسپىي ئىقتىدار» ئارقىلىق ئېرىشكەن بۇ ھوقۇقىنىڭ بۇنداق ئاسانلا قولدىن كېتىپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھوقۇقنىڭ ئاممىنىڭ ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ، شۇنداقلا خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ

ئىستىقبالى، نازارەتى ئاستىدىكى ھوقۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سىستېما پارتكومىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولىقىدا ئېلان قىلىنغان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدى بولغاي، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر پەردە رەزىل ئويۇننى كۆرسىتىش ئۈچۈن جان تالىشىپ يۈرۈپ سەھنىگە چىققان بولسىمۇ پەقەتلا خېرىدارى بولمىدى.

1990- يىل 27- فېۋرال

بىر يىللىق تىجارەتنىڭ ئۈمىدلىك پەيتى بولغان بىرىنچى پەسىلدە دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىشىم شىركەت توغرىسىدىكى تەشۋىشنى ئېغىرلاشتۇردى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ھۆددە مۇددىتىنىڭ ئاخىرقى يىلى ئىدى. تەسەۋۋۇرۇمنىڭ ئەكسىچە كۆڭلىكى يېتىپ كېلىۋاتقان خوش خەۋەرلەر ماڭا ئەڭ ئۈنۈملۈك شىپا بولدى.

ياچېيكا شۇجىسىدىن باشقا رەھبەرلەر يوق شارائىتتا شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئامىمىسى شۇجى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى ۋە ئاساسىي قاتلام مەسئۇللىرىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىنمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن يۈكسەك ئاڭغا ئىگە ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كەسپىي بۆلۈم تولۇپ-تاشقان شىجائەت ۋە چىۋەرلىك بىلەن توختىماي جەڭ قىلىپ، بىر نەچچە يىللىق نەتىجىلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا رىقابەت ئېلان قىلغان، سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىقتىساد قىلىنىشنىڭ، كەسپىي ئىقتىدارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. مەن ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن، ئۇلارنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مەڭگۈ ئەسلەيمەن.

1990- يىل 1- مارت

يەڭگىل چىقىۋاتقان باھار شامىلى كوچا ۋە چوڭ يوللاردىكى چاڭ - توزانلارنى سۈپۈرۈپ پاك - پاكىز قىلىپ قويغانىدى، ئاسمان سېپىنىڭ غۇبارسىز كۆكلىمىدەك سۈزۈك، ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياش ئۆز نۇرىنى تەبىئەتكە سېخىيلىق بىلەن سېپىپ كەتتى. ئۇزۇن قىشنىڭ مۇزدەك باغرىدا لەھەتتىكى ئۆلۈكتەك جىم ياتقان تەبىئەت باھار ئاپتىپىنىڭ ئەللىۋەك نۇرىنى ئىچىپ باشقىچە جانلانغانىدى. ئەبرىشىم سۆگەت شاخلىرىدا شوخلۇق قىلىپ سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، مۇز يېرىپ ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى... قەلبىمنى پۇچۇلىغان ئازاب نەلەرگىدۇر يوقالغان؛ ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولۇپ، روھىمنىڭ باشقىچە جانلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاھ، ئانا تەبىئەت! نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن بۈيۈكسەن؟!

مەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاسفالىت يولدا مىغ - مىغ ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئىش ئورنۇمغا قاراپ ماڭدىم.

1990- يىل 1- ئاپرېل

بۈگۈن مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىنلەنگەن باشلىق — شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن نىياز مېنى ئىزدەپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەن ئاپتوموبىلغا تېرە بېسىۋاتقان يەردىلا ئۇچراشتۇق. ئۇ، مېنىڭ ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە

جەددىي ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدىكى توپا – چاڭغا مېلەنگەن ھالىتىمنى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئىشخانىسىدا تېلېفون بېرىش، ھۆججەت كۆرۈش، كەلگەنلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش قاتارلىق كۈندىلىك مەشغۇلاتلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالدى بولغاي، چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— ئەسقەر ئابدۇللا، جېنىڭىزنى بۇنچە قىيىنىغىچە مەدىكاردىن بىرنى سېتىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟

— كارخانا ئورۇنلاردا ئىشلەش مەمۇرىي ئورۇنلاردىكى ئىشخانىلاردا ئىشلەش بىلەن ئوخشىمايدۇ. بەزىدە ئىشچى، بەزىدە دېرېكتور، جەددىي پەيتلەردە تېخى مال سېتىۋالغۇچى بولۇپ ئىشلەش مېنىڭ بۇ يەرگە چىققاندىن بۇيانقى دائىملىق خىزمىتىم بولۇپ قالدى،— دېدىمەن كۈلۈپ تۇرۇپ،— ۋاقىت — ئۈنۈم دېمەكتۇر. بۇ، بىز كارخانىچىلارنىڭ شوئارى. خېرىدارنى ساقلىتىپ قويساق، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە زور دەخلى يېتىدۇ.

ئەركىن نىيازنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى خېلى ياخشى. ئۇ، گېزىتخانىنىڭ ئالاھىدە ئىختىيارىي مۇخبىرى. شۇڭا ئۇ، مېنىڭ شىركەتكە كەلگەندىن بۇيانقى ئىش – ئىزلىرىمنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ كەپتۇ. مەن ئەركىن نىيازنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەھۋال تونۇشتۇرۇشتىن باش تارتتىم. دېمىسىمۇ خىزمەت بەكلا ئالدىراش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇنچە ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايتتى. مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ھەر بىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىشقا، ماڭغان يولىدا ئىز قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بۇ ئادەم مېنى پەقەتلا قويۇۋەتمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل قەتئىي ھالىتىدىن بوشاشمايدىغانلىقىنى بىلدىم – دە، ئۇنىڭغا بىر نەچچە بەت ستاتىستىكا ۋە بىر توپلام ماتېرىيالنى بېرىپ:

— ئەركىن، كەچۈرۈڭ! ھازىر جەددىي ئىشىم بار. سىزنىڭ زىيارىتىڭىزگە ھەمدەم بولالمايمەن. كېيىنچە بىر گەپ بولار،— دېدىم – دە، كېتىپ قالدىم.

1990 – يىل 10 – ئاپرېل

ھاياجىنىمنىڭ چەكسىزلىكىنى ئالەمچە دېسەم، ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان مېھرى – مۇھەببىتىمنى دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. كۆڭلۈم ئىتتىپاقلىق، ئىشەنچ ۋە سەمىمىيلىكنى بىرلىك قىلغان ئەقىدە ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان مېھرىبان كىشىلەرنىڭ قەلبى بىلەن تەڭ سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئۆتمەكتە. بۇنى مەن سېتىۋېلىش پونكىتى باشلىقى ئەكبەرجاننىڭ 1989 – يىللىق ۋەزىپىنى ئون ئۈچ كۈندىلا ئون پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، 1990 – يىللىق ۋەزىپىگە ئاتلانغانلىق غەلىبە خەۋىرى ئاتا قىلغان شادلىق ئەمەس، بەلكى، پۈتكۈل شىركەتتىكى ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ بىر نىيەت – بىر مەقسەتتە مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان بۈيۈك زەپەر مارشىنىڭ ساداسى بەخش قىلغان ھاياجان، دەپ بىلدىم.

(ئاخىرى 66 – بەتتە)

ھامۇت غازى

# ئالتۇن ئاي پاچىسى





(ھېكايە)

## 1

1912 - يىلىنىڭ ياز پەسلى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان بۇ كىچىككىنە يېزا ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت ئىدى. يېزىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ ئۆستەڭدىكى سۇ شاۋقۇنلۇق ئۆركەش ياساپ ئېقىپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە باراقلاپ ئۆسكەن سۆگەت، تېرەك دەرەخلىرىدىكى ئۆزگىچە راھەت بەخش ئەتكەنىدى.

قاياقتىندۇر دىلىنى چۆككۈر ھەسرەت قاپلىۋالغانىدەك مۇڭغا پاتقان كاككۇكنىڭ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سايراشلىرى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. بىر توپ قۇشقاچلار قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىدىن قېچىپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، مۇگدىگىنىچە ئاندا - ساندا چۇرۇقلىشاتتى.

ئۆستەڭنىڭ غەرب تەرىپىدە يېزىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئانچە ھەشىمەتلىك

بو لمىغا ن مه سچىتنىڭ ده رۋا زىسى ئا لدىدا ئىككى- ئۈچ ئىشله مچى دا ق يه رگه سۇ نا يلا نغىنىچه له ززه تلىك ئۇ يقۇغا چۆ مگه ن. ئۇلار- نىڭ ئۈستىبېشىغا بىر توپ چىۋىن قونۇۋا لـ غا ن بولسىمۇ، ئۇلار سه زمىگه نـده ك بىخا- را ما ن.

مه سچىتنىڭ ئۇدۇ لىدا — ئۆسته ڭنىـڭ شه رق ته ر ىپىگه جا يلا شقا ن هه شىيمه تلىك ئىـ ما ره تنىڭ چوڭ ده رۋا زىسى ئا لدىدا، كىچىك سه يندا دا ئىككى تـۈپ چوڭ قا پـا ق تېره ك خۇددى پۈتۈن يېـزىنى ئىگىلـه پ تۇرغا ن سا يىۋه نده ك مه زمۇت قه د كۆتۈرۈپ تۇرا تتى، بۇ ئىككى تۈپ تېـره ك يوغـا ن ده رۋا زىغا هه يۋه تلىك تۈس به رگه نـدى. هو يلىدىكى پېشا يۋا ن ئا ستىدا تۆت قات قىلىپ سېلىنـ غا ن كۆرپه ئۈستىده بىـر ئا دەم يا نپا شلاپ يا تا تتى. بۇ ئا دەم هه م ئىسسىقنىڭ دېمىقى هه م قۇترا پ تۇرغا ن چىۋىنلارنىڭ ده ستىـ دىن تولغىنا تتى. ئۇنىڭ ئا ياغ ته رىپىده يىـ گىرمه به ش يا شلاردىكى بىر كىشى قولىدىكى زه يتۇن تا يا قـقا چـىگىلگه ن خا م قورۇغۇچ بىله ن ئىسسىق هه م چىۋىننى هه يده ش بىـ له ن به نت ئىدى.

ما نا بۇ يا نپا شلاپ يا تقا ن كىشى - ئۇ- لۇغ «هه زرىتى به گ» ما زىرىنىڭ با ش شه يـ خـى توختىهاجى ئىـدى. توختىهاجى ئوتـ تۇرا بوي، قا را متۇل، سا غلام، قـا پقـا را كه كه سا قىلى به ستىگه يا را شقا ن سېمىز كىشى ئىدى. تـوختىها جىنىـڭ «هـه زرىتى به گ» ما زىرىغا با ش شه يخ بولمىقى ئۇنىڭ ئا تىـ سىدىن قا لغا ن. ئۇ ئا تىسىغا ئۇنىڭ بوۋىـ سىدىن قا لغا نلىـقىنى ئېنىق بىله تتى. بو- ۋىسىنىڭ «با ش شه يخ» لىقىنى قا ندا ق قولغا كه لتۈرگه نلىكىگه كه لسه ك، بۇ تا زا ئېنىق ئه مه س. بۇنى ئا تىسى ئوچۇق ده پ به رمىـ گه نىدي. په قه ت بىر قېتىم ئا تىسي تا غىسى

بىله ن يىگىرمه يىل ئىلگىرى تا ۋا پتىن كېيىن سه دىقىله رنى ته قسىم قىلىشتا كېلىشه لمه ي جىده للىشىپ قا لغا نىدا، تا غىسىنىـڭ ئا تـ سىنى «ئا تا مىنىڭ با ش شه يخلىقىنى دا داڭ زورلۇق قىلىپ، ئۇرۇشۇپ تا رتىۋا لغا نىدى، سه نله رمۇ مېنى بوزه ك ئه تمه كچىمۇ؟» ده پ قا تتىق تىللىغا نلىـقىنى ئا ڭلىـغا ن ۋه شۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىـله ن كـۆرگه نىدى. كېيىن توختىهاجى ئا تىسـىدىن بۇ ۋه قه نى بىر نه چچه قېتىم سوراپ بېقىـشنى ئويلىـ غا ن بولسىمۇ، ئا تىسىنىڭ خا پا بولۇپ قېـ لىشىدىن ئه نسىره پ ئىندىمىگه نىدى.

توختىها جىغـا ئا تىسـىدىن خېلى كۆپ ۋه ج قا لغا نىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگه، هه ر يىلى ئىككى قېتىملىق چوڭ تـا ۋا پتا چۈشىدىغا ن سه دىقىمۇ ئا ز ئه مه س ئىـدى. ئۇ ئا تىسى ئۆلگه ن سه ككىز يىلـدىن بېرى، سه دىقىنى پۈتۈنله ي ئۆز ئىلـكىگه ئېلىۋېلىپ، با يلىـ قىنى ئا چكۆزلۈك بىله ن كۆپه يتتى. شۇندا ق قىلىپ، ئۇ، شۇ جا يـدا يېڭى كـۆتۈرۈلگه ن با ي بولۇپلا قا لما ي، به لكى نا هىيه مىقيا- سىدىمۇ تونۇلغا ن نوپۇزلۇق با يـلار قا تا- رىغا ئۆتۈپ قا لغا نىدى...

شۇ تا پتا توختىها جىنىڭ يۇرتىدىنى تا- تىلاپ تىنچ يا تقىلى قويمـا يۋا تقا ن يه نه بىر چوڭ ئىش با ر ئىدى. ئۇ بولسىمۇ- توخـ تىها جىنىڭ شىره م توغقـىنى ئىمىرلاها جىمـ نىڭ قولىدىكى ئا لتۇندىن يا سا لغا ن «ئا يـ گۈ لى» ئىدى.

توختىها جىـنىـڭ ئا تىسى شه رىپىـدىن شه يخ ها جىم ها يا تچېغىدا، ئه شۇ «ئا لتـۇن ئا ي» نى قولغـا كه لـتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ چا رىلارنى ئىشله تكه ن بولسىمۇ، قىلـغا ن هه رىكىتى كا رغا يا رىمـا ي هه سره ت بىله ن كه تكه ن. ئا تىسىنىڭ ها يات چېغىدا: «با- لام، ئىمىرلاها جىمنىـڭ قولىدىكى «ئا لتۇن

Altunoq

ئاي » نى قاندا قلا قىلىپ بولمىسۇن قولغا چۈشۈرۈۋالغىن . ئەگەر قولغا چۈشۈرەلمىسەڭ، ئىمىرلاھاجىم ئۆلگەندە بولسىمۇ قولغا چۈشۈرگىن. ئۇ چاغ سەن ئۇ يەردىن كەتسەڭمۇ، ھەممە جاي ساڭا جەننەت بولۇپ قۇچاق ئاچىدۇ» دېگەنىدى.

توختىھاجىنىڭ بايلىقى كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىڭ نەپسى بارغانسېرى چوڭىيىپ ئىپسىيادىنى بىر ئامال قىلىپ «ئالتۇن ئاي» نى قولغا چۈشۈرۈش ئىستىكى چۇلغىۋالغانىدى. بۇ يالغۇز بىر دانە «ئالتۇن ئاي» نى قولغا چۈشۈرۈش مەسىلىسىلا بولۇپلا قالماي، ھازىرقى نىزام بويىچە، «ئالتۇن ئاي» كىمنىڭ قولىدا بولسا «ئوردام مازىرى» نىڭ باش شەيخلىقىمۇ شۇنىڭ قولىدا بولاتتى.

«ئوردىخان پادىشاھى ھەزرىتى» مازىرى شەرىپىنىڭ باش شەيخلىق مەرتىۋىسى ھەم ئىناۋەت ھەم ھەر يىلىقى سەدىقە كىرىمى جەھەتتىن «ھەزرىتى بەگ» مازىرى شەرىپىدىن كۆپ ئارتۇق تۇراتتى. «ئالتۇن ئاي» ئەمەلىيەتتە، «ئوردىخان مازىرى» نىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى.

بۇ نىزام بۇندىن ئىككى يۈز - ئۈچيۈز يىل ئىلگىرى ئالتۇن ئاي ياسىتىلغان يىلى بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنى بېكىتكەن ئۇلۇغ شەيخنىڭ ئىسمى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.

ئېيتىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى مازار تەرىپىدىن تەڭ ئېتىراپ قىلىنغان «بۇۋىخان تۆرەم» دېگەن كىشى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىمىش .

توختىھاجى چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە يېتىپ ئىچى پۇشقاندەك بولدى - دە، تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— شاماۇتنىچا قىرىڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى.

توختىھاجىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە چەۋىدىن قوروپ ئولتۇرغان كىشى مۆگدەشتىن دەرھال چۆچۈپ ئۆزىنى ئوڭشىدى-دە:

— خوش غوجام، - دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان ھوجرىغا كىرىپ كەتتى. بۇ ئۆيدە تۆت - بەش سوپى سىپيا قىدىكى كىشىلەر بىر چىلىمنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، پەس ئاۋازدا شىۋىرلىشىپ، نۆۋەت بىلەن دۇت تارتىشىۋاتاتتى .

ھايال بولمايلا كىرگەن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ياغاق يۈز ، يۈزىنىڭ تېرىسى ئىستىنىمۇ ياكى تەبىئىي قارىلىقتىنىمۇ ئەيتاۋۇر قوڭۇررەڭ تۈسكە كىرگەن، باشلىرى ئالدىغا ساڭگىلىغان، كۆزلىرى نەشىنىڭ تەسىرىدىن پۇرلىشىپ، قاپاقلىرى قاتلىشىپ كەتكەن ئورۇق، شادىپاچاق بىر ئادەم سوڭدىشىپلا كىرىپ كەلدى ۋە ئالدىدا ماڭغىنى:

— تەقسىر، شاماۇت چىقتى، - دېدى.

توختىھاجى ياتقان جايىدىن قىمىرلىماستىن :

— شاماۇت، سەن ھازىرلا بېرىپ نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ كەل ، - دېدى.

شادىپاچاق شاماۇت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختا ، ئېغىلدىكى ئاتتىن بىرنى مىنىۋال، - دېدى توختىھاجى ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ.

— خوش، تەقسىر! - ئۇ ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاتخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئالاھىزەل يېرىم سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئىشىك ئالدىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ

دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. توختىماجى بىشىنى سەل مىدىرلاتقاندەك قىلىپ، ئاياغ تەرىپىگە كۆزىنى قىيپاش قىلىپ دېدى:

— قاراپ باق، كىم كەلدى؟

گەپنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەستىنلا شادەپاچاق شامامۇت هويلىغا ئىتتىك كىرىپ كەلدى ۋە چاققانلىق بىلەن توختىماجىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ جاۋاب بەردى:

— غوجام، نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇم كەلدى.

ئاڭغىچە دەرۋازا تۈۋىدىكى ئۆيدىن ئۈچ-تۆت سوپى ئۇدۇل دەرۋازا تەرەپكە قاراپ چىقىپ كەتتى. توختىماجى دەرهال بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەئەججۈپ بىلەن سورىدى:

— نىما نىچە تېز؟

— شەيخ ئاخۇنۇمۇ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كېلىۋاتقانىكەن. جىنگىدىلىكنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا ئۇچرىشىپ قالدۇق، تەقسىر، — دېدى شامامۇت قول باغلاپ تۇرۇپ.

شۇچاغ سىرتتىن ئۆزى ئاتمىش-يەتمىش ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ ئەمەدىلا چاسا قال بولغان، يۈزى سوزۇنچاق، سېرىق، ئەمما هەرىكىتىدىن تېمەنلىك چىقىپ تۇرغان ئېگىز بوي، ئاق يوللۇق تون كىيىۋالغان بىر ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ — نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇم ئىدى.

توختىماجى ئەدەب يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن تىنچلىق — ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، يېنىغا سېلىنغانلىق رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن تاۋار كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى. نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇم كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پاتىهە قىلدى، توختىماجىدىن قايتىدىن تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى.

— نەچچە كۈندىن بېرى يوق بولۇپ كەتتىلە، شەيخ ئاخۇنۇم. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىپ ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، — دېدى توختىماجى ياستۇققا يېرىم يانپاشلاپ.

— شۇنداق بولغاي، تەقسىر. مېنىڭمۇ ئۆزلىرى چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنلا. بۇ خوشلۇقنى ئۆزلىرىگە بالدۇرراق يەتكۈزۈپ مۆكىدىشارمەن، دەپ قانچە ئالدىرىساممۇ كالتە — كۆسەي ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەي، ئاخىر بۈگۈن پۇرسەت چىقىرىپ، ئۆزلىرى بىلەن دىدار ئەيلەش ئۈچۈن كېلىۋاتقانىدىم. سىلە ئەۋەتكەن شامامۇت بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇمۇ ئاللانىڭ دىلىمىزغا سالغانلىقىدىن تەخسىر، — دېدى نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇم.

— داستىخان كەلتۈرۈڭلار!

— خوش، تەقسىر.

هايال ئۆتمەي قىزغۇچ سەگەز گۈللۈك داستىخان بىلەن توقاچ مەزە كەلتۈرۈلدى.

دۇئادىن كېيىن داستىخان يىغىۋېتىلىپ، توختىماجى سۆز باشلىدى:

— شەيخ ئاخۇنۇم، ئۆتكەندە دېيىشكەن گەپلىرىمىز توغرۇلۇق بىرەر ئامال تاپالىدىلىمۇ؟

نەجمىدىن شەيخ دەرهال يانىدا ئۆرە تۇرۇپ چىۋىدىن قورۇۋاتقان ئادەمگە قاراپ:

— بالام، سەن بىردەم ئارام ئالساڭمۇ بولىدۇ، — دەپ قولىنى شىلتىپ قويدى.

بۇ ئادەم «خوش» دېگىنىچە دەرۋازا تۈۋىدىكى نەشىنىڭ سېسىق هىدى قاپلاپ تۇتۇنگە تولغان هوجرىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى.

— تەقسىر، پېقىر گەرچە كەم ئەقىل بولسامۇ كاللامغا بىر ئوي كەلگەنىدى. خالىسىلا بىر پىنهاندا مۆكىداشسا قىمكىن،

دەيمەن. قالغىنىنى ئۆزلىرى ئاڭلاپ بو-
لۇپ بىر نېمە دەلا، - دېدى نەجمىدىن
شەيخ ئاخۇنۇم ئۇچلۇق ئىگەكلىرىدىكى شا-
لاڭ ساقاللىنى سىلاپ قويۇپ. توختىهاجى
سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:
— كەچلىك غىزادىن كېيىن دېيىشە يە-
لى ئەمسە، - دېدى.

نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇم ئەسلىدە
توختىهاجىنىڭ ئاتىسى هايات چېغىدىلا
ئۇنىڭ ياردەمچى شەيخى ئىدى ۋە شۇ كى-
شىنىڭ ئۆز هاياتىدا قىلغان هەممە قاقتى-
سوقتىلىرىنىڭ شۇم مەسلىهەتچىسى ئىدى.
نەجمىدىن شەيخ ئىچى تار، هەسەتخور،
كاززاپ بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ هەر
خىل هىيلە - نەيرەڭلىرى ۋە شۇملۇقلىرى
توختىهاجىنىڭ ئاتىسىنىڭ مىجەزى بىلەن
باب كېلىپلا قالماي، ئاتىسى ئۆلگەندىن
كېيىن، توختىهاجىنىڭ ئاچكۆز، تويماس
نەپسى، ئىنسابسىز، دۆت كاللىسى ئۈچۈن
تېخىمۇ ماسلىشىپ، ئۇنىڭمۇ بىردىنبىر
ئەڭ مۇهىم مەسلىهەتچىسى بولۇپ
قالغانىدى.

توختىهاجى ئاچكۆزلۈك ۋە رەهىمسىز-
لىكتە ئاتىسىدىن كۆپ بېسىپ چۈشىمۇ،
لېكىن ئەقلىي جەهەتتە ئاتىسىدىن كۆپ
تۆۋەن تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا، نەج-
مىدىن شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ سىزغان سى-
زىقىدىن چىقمايتتى. بىراق تەقسىماتتا
ئاتىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ سىقىۋەتكەچكە،
نەجمىدىن شەيخ توختىهاجىدىن ئىچىدە
نارازىمۇ بولاتتى.

كەچتە توختىهاجى بىلەن نەجمىدىن
شەيخ ئاخۇنۇم توختىهاجى ئادەتتە يېتىپ-
قوپىدىغان هوجرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى
ئېتىكاپخانىدا غىزالاندى. غىزادىن كې-
يىن، هەر ئىككىسى ياخشى ياسالغان نە-
شىدىن چىلىم چەكتى. شۇ ئارىدا
توختىهاجى:
— قېنى، ئويلىغانلىرى نېمە ئىدى
شەيخ؟ - دېدى نەجمىدىن شەيخكە سوئال
نەزەرى بىلەن قاراپ.
— سۆزلەپ باقاي، قېنى ئاڭلاپ
باقسىلا، تەقسىر. كونىلاردا «جاندىن كەچ-
مىگىچە جانانغا يەتمەس» دېگەن ماقال
بار. ئىمىرلاهاجىنىڭ ئۆتەڭ، سېيتلە تە-
رەپلەردە خېلى ئابرويى بار. ئاشكارا
تىركەشسەك تەس بولىدۇ، سىڭلىمىز مەس-
تۇرەخان بۇۋۇمۇ ئېرىدىن تۇل قالغىلىسەككىز-
ئون يىل بولۇپ قالدى. ئىمىرلاهاجىنىڭ
ئوغلى مامۇت شەيخنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ
كەتكىلى ئاللىتە ئايدىن ئاشتى. ئالدى بى-
لەن تۇغقان بولۇپ يېقىنلاشساق ئىشلىرى-
مىز ئوڭۇشلۇق بولماسمۇ، تەقسىر؟
نەجمىدىن شەيخ سۆزىنى توختىتىپ، توخ-
تىهاجىغا تىكىلدى. توختىهاجى بېشىنى كۆ-
تۈرۈپ، نەجمىدىن شەيختە بىر قاراۋېتىپ:
— بۇنىڭ بىلەن مەقسەتكە يەتكى-
لى بولارمۇ؟ - دەپ قايتىدىن سورىدى.
نەجمىدىن شەيخ بىر كۈلۈۋېتىپ:
— تەقسىر، مۇشۇنچىلىك ئاددىي
ئىشنى پەرق ئېتەلمىدىلىمۇ؟ مەستۇرەخان
بۇۋىم مامۇت شەيخكە تەگسە، شۇلارنىڭ
كېلىنى بولىدۇ، دېگەپ گەپ. كېلىن دېگەن
ئۆينىڭ ئەزاسى دېگەنلىك. بىز شۇ ئار-
قىلىق ئالتۇن ئاي بار جاينى بىلىۋېلىپ-
لا ئالساق، قالغان گەپ ئاسان ئەمەسمۇ،
تەقسىر؟

توختىهاجىنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى
ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:
— توغرا، ناهايىتى ئوبدان ئويلاپ-
سىز، شەيخ ئاخۇنۇم.
شۇ ئارىدا هوجرا سىرتىدىن ئاياغ

شه پىسى كه لدى. ئىككىسى سۆزىنى توخـ
تىتىپ جىم تۇردى. ئىشىك ئېچىلىپ قىـ
ر دق ـ ئه للىك ياشلار چا مىسىدىكى پا كا ر بىر
خىز مه تچى ئا يال كىر دىپ كه لدى ـ ده:
«دا ستىخا نىنى يىغسا م بولار مۇ غوجا م» دېـ
گىنىچه بېشىنى تۆۋه ن سېلىپ تۇردى.

ـــ يىغىۋېتىڭ، ـ دېدى توختىھا جى
ئا يا لغا قا را پمۇ قو يما ستىن، ـ چىقىپ
ئا غچا خېنىمنى چا قىر ىۋېتىڭ، ھوجر ىغا
كىر سۇن!

خىز مه تچى ئا يال «خوش» دېگىنىچه
دا ستىخا نىنى يىغىپ چىقىپ كه تتى.

ـــ ئا غچا خېنىمغا ئېيتىمىز مۇ ته قسىر؟ـ
سور ىدى نه جىمىدىن شه يخ.

ـــ ئېيتىمىز، ئېيتماي بولامىدىغا ن.
ئا غچا خېنىم به زى گه پله رگه يا ردەم قىلـ
مىسا سىله قىلالامتىله، شه يخ؟ ـ دېدى
توختىھا جى.

ئا غچا خېنىم توختىھا جىنىڭ چوڭ خوـ
تونى بولۇپ، با شقا بىر ئىشا ن ئه ۋلا دىنىڭ
قىزى ئىدى. ئۆزى نا ھا يىتى ھا زا زۇل،
تا ما خور، ئا چچىقى يا مان، خىز مه تچى
ئا يا للار نى كىچىككىنه سه ۋه نلىكى ئۈچۈن
بىر ئۇزۇنغىچه قا تتىق تىللاپ، دۆشكىلـ
له پ تۇر مىسا كۆڭلى يېر ىم قا لىدىغان زاـ
لىم خوتۇن ئىدى. ئۆيدىكى ئه ر ـ ئا يال،
سو پى خىز مه تچىلىر ىنىڭ ھه مىسى بۇ ئاـ
يا لدىن قور قا تتى.

بىر ده مدىن كېيىن، يۈز ىنىڭ يېر ىمىنى
چۈمبه ل بىله ن يۆگىۋا لغان ئا غچا خېنىم
كىر ىپ كه لدى. نه جىمىدىن شه يخ ده رروۇ
ئورنىدىن تۇرۇپ تا زىم بىجا كه لتۈرگه نـ
دىن كېيىن، ئۇ نىڭدىن ته پسىلىي ھا ل سوـ
ر ىدى. ئىجا زەت بىله ن جا يىدا ئولتۇردى
ۋه توختىھا جىنىڭ ئا غز ىغا تىه مه بىله ن
قا ر ىدى.

ئا غچا خېنىم ئىشىك ته ره پكه ئا رقىـ
سىنى قىلىپ توختىھا جىغا يېقىن جا يىدىن
ئورۇن ئا لغا ندىن كېيىن، ئا لدى بىله ن
ئېغىز ئا چتى:

ـــ بىره ر ئىش بىله ن چا قىر دىتىلىمۇ
غوجا م؟

ـــ ئۆزۈڭلار بىلىسىله ر خېنىم، بۈگۈن
مېنىڭ شه يخ ئا خۇنۇمنى چا قىر ىتىپ كېـ
لىشىم شۇ ھېلىقى سىله بىلىدىغا ن ئىش ئۈـ
چۈن ئىدى. شه يخ ئا خۇنۇم بىر چا ره
تا پقا نىكه ن، بىر لىكته مه سلىھه ت قىلا يلى،
ده پ چا قىر ىتقۇزغا نىدىم، بو پتىمۇ؟

ـــ ۋاي، بولما مىدىغا ن غوجا م ھا جىم،
قا نداق مه سلىھه ت ئىكه ن ئۇ؟ ـ ئا غچا
خېنىم ئېچىغلىق يۈزىنى توختىھا جىم ته ره پـ
كه بۇراپ تۇرۇپ سور ىدى.

ـــ شه يخ ئا خۇنۇمنىڭ پىكىرى مه ستۇر ىنى
ما مۇت شه يخكه چا تسا ق، ده پ مه سلىھه ت
قىپتۇ. قېنى، سىلىنىڭ پىكىر ىڭلار قا نداق،
ئا غچىخا ن؟

ـــ ره ھمه تلىك قېيىن ئا تا م بىله ن قېيىن
ئا نا م ئۆلۈپ كه تكه ندىن كېيىن، مه ستۇر ىـ
خا ن سىلىنىڭ قوللىر ىغا كىچىكلا قا لغا نىدى.
شۇنىدىن بېرى ئۆزلىرى ھه م ئا تا ھه م
ئا نا ئورنىدا كۆيۈنۈپ، بېشىنى سىلاپ قاـ
تا رغا قوشتىلا. شۇنچىۋالا ئا تىدا رچىلىق
قىلىپ بۈگۈنگه ئه پكه لگه ن تۇرسىلا، مۇ باـ
دا سىله قوشۇلغا ن بولسىلا، بۇنىڭغا مه ن
نېمه ده ي، ھا جىم؟

توختىھا جى مه غرۇر ھا لدا بېشىنى لىڭـ
شىتىپ قويدى.

ـــ ھه ببه للى، بۇ به ك جا يىدا گه پ
بولدى. نا ھا يىتى توغرا ئېيتتىلا، بۇۋىدىم، ـ
ده پ خۇشا مه ت كۈلكىسىنى يۈزىگه يۈگۈرـ
تۈپ تۇرۇپ قوشۇلدى نه جىمىدىن شه يخ.

ئا رقىدىن توختىھا جى ئا ۋا زىنى په ـ
سه يتىپ، مه ستۇر ىخا ننى ما مۇت شه يخكه

چېتىپ، ئالتۇن ئاپىنى قانداق قولغا چۈ-
شۈرۈش پىلانىنى ئېھتىيات بىلەن ئاغچا
خېنىمغا بىر قېتىم چۈشەندۈردى.

— ئالتۇن ئاپىنىڭ بار يېرىنى بىل-
گەن ھالەتتىمۇ، قانداق قىلىپ قولغا كەل-
تۈرۈش كېرەك ھاجىم؟ — دەپ ئەنسىزلىنىپ
سورىدى ئاغچا خېنىم.

توختىھاجى دەرھال نەچچىدىن شەيخكە
قارىدى.

ئەشەددى، قۇۋ تۈلكە نەچچىدىن شەيخ
ئالىبۇرۇنلا قورسىقىغا پۈكۈپ قويغان زە-
ھەرلىك پىلانىنى دەرھال ئېغىزىدىن چى-
قارماي شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇ، توختىھاجىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ
قارىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، گېلىنى
بىر قىرىۋېتىپ دېدى:

— كەمىنىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە بىر ئوي-
لىغىنى بولسىمۇ، بىراق ئېغىزىمدىن چى-
قىرالماي ۋاتىمەن. ھەر قايسىلىرىغا دەي-
دېسەم...

— ئاڭلاپ باقمىدۇق شەيخ ئاخۇنۇم.
ئاندىن بىر گەپ بولمامدۇ؟ ھەر قانچە گەپ
بولسىمۇ، بىر - بىرىمىزدىن سىر تۇتقىدەك
نېمە گەپ قالدى ئەمدى؟ — دېدى توختى-
ھاجى جىددىيلەشكەن ھالدا نەچچىدىن شەيخ-
كە قاراپ.

— شۇنداق، دەۋەرسىلە، شەيخ ئاخۇنۇم.
سىلە بىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقاندىن چارە بولغان
ئادىمىمىز تۇرسىلا، قانداق گەپ بولسا دە-
ۋەرسىلە، — دېدى ئاغچا خېنىممۇ تاقەت-
سىزلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا ئېيتىپ باقاي، — شەيخ
ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، دېدى، —
ئالتۇن ئاپىنىڭ دېرىكىنى ئالالىسى-
لا، مەستۈرە بۇۋىدىن ئۆزىلا ئېلىپ،
دەرھال ئاتتىن بىرىنى مىنىپلا قايتىپ كەل-
سە، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيتنى تاپالمى-
ساق، دەيمەن ھاجىم؟

— ئۇ دېۋانىلار تونۇپ قېلىپ كېيىن
ئىزدەپ كەلسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دې-
دى ئاغچا خېنىم.

— بۇ تەرەپكىمۇ سەل قارىغىلى بول-
مايدۇ. ناۋادا ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ
قالسا، خېلى كۆپ مالال قىلىدۇ بۇ ناكەس-
لەر، — دەپ توختىھاجىغا قارىدى شەيخ.

— ئەگەر ئالتۇن ئاپىنىلا قولغا ئالالى-
ساق، مەستۈرىنىڭ بىزگە كۆپ ھاجىتىمۇ
قالماس. بۇ ئاۋارىچىلىقلاردىن ئاسانىراق
قۇتۇلالىلى دېسەك، مەستۈرىنىڭ جاجى-
سى بىر چىمدىم نەرسىغۇ بۇ؟ — دېدى
توختىھاجى پەس ۋە ئىنتايىن ۋەھىمىلىك
ئاۋازدا. ئۇ يەنىلا بىپەرۋا قىياپەتنى
ساقلاشقا تىرىشاتتى.

— دەل شۇنداق قىلماي بولمايدۇ
ھاجىم، مەن ئالىبۇرۇن شۇنداق ئويلىغان
بولساممۇ، ئەمما ئاغزىمدىن چىقىرالمىغانى-
دىم. چۈنكى مەستۈرەم ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغ-
قان...

— ئۇنداق گەپلەرنى سۈرۈشتۈرىدىغان
ئىشمۇ، ئەگەر ئىشىمىز ئەپلىشىپ قالسا،
ئۆزلىرىنى ئىككىدىن بىرگە ئىگە قىلىشىم-
دا گەپ يوق. ھەرەمگە بىرگە چىقىپ كې-
تەرمىز، يېرىم ئۇلۇشى سىلىنىڭ، — دېدى
سوغ چىراي ھالدا توختىھاجى.

شۇنداق قىلىپ بۇ كۈنى كەچ بىر رەزىل سۇ-
يىقەست — بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق پىلانى تە-
تۈكۈس تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ پىلاننى ئەشۇ
ئۈچ كىشىدىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى. ئە-
مىسا قىتىن بۇيان بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھە-
قىقىي گۇۋاھچىلىرى يەر بىلەن تام بۇنىڭدىن
مۇستەسنا، ئەلۋەتتە.

2

ساق ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، نەجمىدىن شەيخ قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، گەرچە ئىمىرلا ھاجىمنىڭ تازا رازىلىقى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ رەت قىلالمىدى. ئوغلى مامۇت شەيخ سادا، ئاق كۆڭۈل كىشى بولغاچقا، نېرى - بېرىسىنى كۆپ ئويلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئاخىرى بۇ توي كۆپ داغدۇغا بىلەن بولۇپ ئۆتتى.

تويدىن ئىلگىرى مەستۇرە خېنىمغا ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلىنمىدى. توي بولۇپ بىر ئاي ئۆتكەندە، مەستۇرە خېنىم ئاكىسى ۋە تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلدى. ئەتىسى كەچتۇرۇن ئائىلىسىدىكى ھەممە يەلەن ئۇخلىغاندىن كېيىن، توختىخاجىم ئېتىكاپخانىسىغا ئاغچا خېنىم بىلەن مەستۇرە خېنىمنى چاقىرىپ كىردى.

مەستۇرە خېنىم كۆرۈنۈشتە كۆپ سۆزلىمەيدىغان، سىپايە ئايال بولسىمۇ، بىراق مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش ئۈچۈن ھېچكىمگە يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ خۇي - مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ مىراستا قاداق ئىگىدارچىلىق قىلىشى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇراتتى.

بۈگۈن ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ بۇنداق كېچىدە ئۆزىنى چاقىرىپ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيۋاتاتتى.

— سىڭلىم، - دەپ سۆز باشلىدى توختىخاجى، - دادام رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئورنىدا مۇھاپىزەت قىلىپ قاتارغا قوشۇپ، كىشىلەرنىڭ قولىغا قارىتىپ قويماي، مۇشۇ نەچچىلىك كۈنگە ئېرىشتۈردۈم. ھازىر بىز ئىككىمىزنىڭ يەنە باشقا قېرىندىشىمىزمۇ يوق. بېشىمىزغا قانداق كۈن كەلسە ئىككىمىز تەڭ تارتىپ، تەڭ كۆرىمىز. خەۋەرلىرىدە بولۇشى مۇمكىن، ئىمىرلا ھاجىم، دادام ھايات چېغىدا ئۇنى بوزەك تېپىپ ئوردامنىڭ ئالتۇن ئېيىنى ئوغرىلاپ ئېلىۋالغانىدى. ئۇ چاغلاردا سىلى - بىز كىچىك، دادامغا ھەمنەپەس بولىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق، بۇ ئىشنىڭ بولغىنى بولغانچە بولدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە گەرچە دادام ئۆلۈپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىككىمىز چوڭ بولۇپ، دادامنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمىز. مازارى شەيخىمىزمۇ ئوبدان روناق تېپىۋاتىدۇ. بۇلار — دادامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتىدىندۇر. دادام ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا سىلە كىچىك ئىدىلە. بۇ گەپنى بىلمەيلا، دادام رەھمەتى: «ئالتۇن ئاينى ئىككى پەرزەنتىمگە تاپشۇردۇم. سىلە جەزمەن قولغا چۈشۈرمىسەڭلار مەن قەتئىي رازى ئەمەس» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئالتۇن ئاينى قولغا چۈشۈرۈش، ئاتا - ئانىمىزنىڭ «ئەتىنى ئېلىش» دېگەن پىكىر يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكەنىدى. بىراق، بۇ ئالتۇن ئاينى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئوبدانراق ئېپىنى تاپالماي كەلگەنىدىم. ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن سىلى ئۇلارغا كېلىن بولۇپ قالدىلا. يەڭگىلىرى بىلەن ئىككىمىز بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ بىر مەسلىھەتىنى ئالايلى، دەپ ئويلىغانىدۇق. ئۆزلىرىنىڭ قانداق پىكىرلىرى باردۇ؟ - دېدى توختىخاجى، مەستۇرە بۇۋىمگە تىكىلىپ.

مەستۇرە بۇۋىمنىڭ بۇ ئىشتىن ئىلگىرىمۇ ئاز - تولا خەۋىرى بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ئالتۇن ئاي ھەققىدە بىر قانچە

قېتىم دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى. بىـ
راق، ئۇنى ئۆزى ئارقىلىق قولىغا كەلتۈـ
رۈش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان ئىدى. مەسـ
تۈرە بۇۋۋى ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن
بېرى، ئاساسەن ئاكىسىنىڭ قولىغىلا قاراشـ
لىق قالغان ئىدى. ئاتامدىن قالغان مىراسىم
بار، دېگەن تەقدىردىمۇ، تېخىچىلا ئۆزىنىڭ
ئايرىم ئۆيى (ئائىلىسى) بولمىغاچقا، ئاـ
كىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتەلمىگەن ئىدى.
ئۇ ئاكىسىدىن خېلىلا ئەيمىنەتتى. بۇ قېـ
تىم مەستۈرە بۇۋۋىم ئالتۇن ئايىنى قولغا
كەلتۈرۈشتە كۆچ چىقارمىسا، ئاكىسنىرەنـ
جىتىپ قويۇشى مۇمكىن، مەنپەئەت مەسىـ
لىسىمۇ مۇھىم، ئەلۋەتتە. يەنە بىر تەرەپـ
تىن، ھازىر ئىمىرلا ھاجىغا كېلىن بولۇپ
بارغان بىرەر ئايدىن بېرى ئۇلار ئۇنىڭغا
ناھايىتى ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋاتسا، يولـ
دىشىمۇ ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتـ
سا، ھېسسىيات جەھەتتە بىرەر يامان
نىيەتتە بولۇش مەستۈرە بۇۋۋىم ئۈچۈن
ھازىر تېخى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتـ
تى. بىراق ئاكىسىنىڭ تەلەپىنى رەت قىـ
لىشىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا،
مەستۈرە بۇۋۋىم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئاكا، دادامنىڭ ۋەسىيىتى ھەققىـ
دە مەنمۇ ئاڭلىغانىدىم. سىلىنىڭ سۆزلىـ
رىگە كىرمەسلىكىم ھەددىم ئەمەس. بىراق مەن
قانداق يارەم قىلالارمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىـ
گە بىر ئايال تۇرسام؟ — دېدى.

— سىڭلىم، بۇ سۆزلىرىڭمۇ توغرا، سىـ
لە ھازىر شۇ ئۆينىڭ ئادىمى. بىراق ئالـ
تۇن ئاي ئەسلىدە بىزنىڭ. سىلە ئالدىن
تۇيدۇرماي تۇرۇپ ئالتۇن ئاي ھەققىدە
بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولسىلا، ئالتۇن
ئاينىڭ بار جايىنى بىلىۋېلىپ، ئاستا بىـ
رەر پۇرسەت كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئېلىپلاچان
دۇرماي قايتىپ كەلسىلە بولىدۇ. شۇنداق،
بۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋالسىلا، ھەر قانداق
كىشىنىڭ ئالتۇن ئاينى بىزدىن سوراشقا
ھەددى ئەمەس. قالغان ئىشنى ئۆزۈم جۆنـ
دەيمەن. ئەگەرچە ئەندە ئۆزلىرى پەقەت ئاـ
لالمىسىلا، بار جايىنى بىلىپلا كەلسىلە قالـ
غىنىغا يەنە چارە قىلىمىز. سىڭلىم، گەپ
شۇنداق بولسۇن. بۇ ئىش يۈرەك قاتلىـ
رىدا قەتئىي چىڭ تۇرسۇن. ھېچكىمگە تۇيـ
دۇرمىسىلا. دادىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورـ
ۇنلاشقا قەسەم ئىچەيلى. ئەگەر بۇ ئىش
ۋۇجۇدقا چىقسا، ھەممىمىز خۇدايىم بۇيرـ
سا ھەرەمگە چىقىپ كېتىمىز سىڭلىم، قالـ
غىنىدىن خاتىرجەم بولسىلا!

— خوش، ئاكا!

— ھېچكىمگە تىنمىسىلا سىڭلىم، يۈرەكـ
لىك بولسىلا، ئۆزلىرىگىمۇ ئېھتىيات قىلىـ
سىلا. پات-پات خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرسىلا، —
دېدى ئاغچا خېنىممۇ سۆز قېتىپ.

شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت تۈگىدى. ئاغـ
چا خېنىم مەستۈرە بۇۋۋىم بىلەن چىقىپ كەتـ
تى. توختىھاجى ئالتۇن ئاينىڭ قولغا كېـ
لىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشەنەتتى. خوشلۇقـ
تىن كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. بىراق
مەستۈرە بۇۋۋىمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغانىدا،
يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى.

3

كەچكۈز، مەستۈرە بۇۋۋىم قايتىپ كەتـ
كىلى بىر ئايمۇ بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇـ
نىڭدىن تېخىچە خەۋەر يوق. توختىھاجىـ
نىڭ كېچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنى مەستۈـ
رە بۇۋۋىم بولۇپ قالدى.

ئازنى ئاخشام توختىھاجى خانىقادا
زىكرى-سۆھبەت قىلىپ قايتىپ چارچىغاـ
نىدى، شۇڭا بالدۇرلا يېتىپ ئۇخلاپ قالـ
دى. تەڭ كېچە بولغانىدا «تاراق-تۇرۇق»

ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىپ تۇرغاندا، تۇ-
يۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئارقىدىن خىز-
مەتكارلارنىڭ توختىھاجىنى چاقىرغان ئا-
ۋازى ئاڭلاندى. توختىھاجى نېمە بولغان-
لىقىنى بىلەلمەي ئالمان - تالمان كىيىم-
ىنى كىيىپلا ئىشىكتىن چىقتى. ئايۋاندا
بىر تالىپ ياغ چىراغنى يېقىپ توختىھاجى-
نى كۈتۈپ تۇراتتى. توختىھاجى چىقىپلا
سورىدى:

— نېمە ئىش؟

— مەستۇرە خېنىم كەلدى، ھاجىم.

— قېنى؟

— چوڭ ھوجىردا قالدى. قېشىدا ئاغ-
چا بۇۋىلار بار.

توختىھاجى بىر تەرەپتىن سورىغاچ،
يەنە بىر تەرەپتىن تالىپنىڭ ياندۇرغان
چىرىغىنىڭ نۇرىدا ئىتتىك مېڭىپ چوڭ ئۆي-
گە كىردى.

بىراق، توختىھاجى ئۆينىڭ بوسۇغىسى-
دىن پۇتىنى ئېلىشىغىلا، ئاغچا بۇۋىدىم:

—ۋاي كىرمەي تۇرسىلا!—دەپ ۋارقىردى.

توختىھاجى چۆچۈپ پۇتىنى تارتىۋېلىپ،
ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. نېمە ئىش
بولغانلىقىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالغان
توختىھاجى تەقەززالىق بىلەن سورىدى:

— ھە نېمە ئىش؟

— كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋالسۇن،— دې-
دى ئاغچا خېنىم.

توختىھاجى گەپ قىلماستىن يانچۇقى-
دىن قىپقىزىل كومزەك ناسۋال قا-
پىقىنى ئېلىپ، بىر چېكىم ناسۋالنى لې-
ۋىگە كۈچەپ ئاتتى.

— ئەمدى كىرسىلە،— ئاغچا خېنىمنىڭ
ئاۋازى ئاڭلاندى.

توختىھاجى ئۆيگە كىردى. قوش قەۋەت
كۆرپىنىڭ ئۈستىدە قوش ياستۇققا يۆلە-
نىپ مەستۇرە خېنىم ۋايجانلاپ ياتاتتى.
ئاغچا بۇۋىدىم يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چې-
كىلىرىنى ئۇۋۇلايتتى.

توختىھاجى كىرىپلا:

— سىڭلىم، ساقمۇسىلە؟—دەپ سورىدى.

مەستۇرە بۇۋىدىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە
ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاكىسىغا قىيا بې-
قىپ بوش ئاۋازدا:

— ساق، ئاكا،— دېدى.

توختىھاجى ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل قى-
ياپەت بىلەن بىر سىڭلىسىغا، بىر ئاغچا
خېنىمغا قارايتتى. مەستۇرە بۇۋىدىم «سىرت-
تا ئادەم بارمۇ؟» دېگەن مەنىدە ئاكىسىغا
قارىدى. توختىھاجى سىرتقا چىقىپ، ئۆي-
دىكى تالىپنى تاشقىرىقى چوڭ ئايۋانغا چى-
قىپ چىراغقا قاراشنى، ئاتنى ئوبدان ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرىدى. تاشقىرى-
قى ئۆيدە ئادەم قالمىغاندىن كېيىن، ئۆي-
گە يېنىپ كىردى.

— زادى قانداق ئىش، سىڭلىم؟

مەستۇرە بۇۋىدىم ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، ئال-
تۇن ئاينى قانداق قىلىپ ئېلىپ كەلگەن-
لىك ۋەقەسىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

مەستۇرە خېنىم ئاكىسى بىلەن سۆھ-
بەتلىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، قېيىن
ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. مەستۇ-
رە خېنىمنىڭ كۆڭلىدە بىر ئەندىشە بار
ئىدى. بۇ ئىش ھەر قېتىم كۆڭلىدىن كەچ-
سىلا ئىچىگە بىر غايىپ قورقۇنچ كىرىۋا-
لاتتى. بىراق، ئالتۇن ئاينى قولغا كىر-
گۈزۈۋالغاندىن كېيىنكى بايلىقنى ۋە ھە-
رەمگە كېتىشنى خىيال قىلغا كەلتۈرگەندە، كۆز
ئالدىدا يېڭىچە ئۈمىد ئىستىكى پەيدا
بولاتتى.

مەستۇرە بۇۋىدىم بۇ قېتىم ئېرىنىڭ ئۆ-
يىگە كەلگەندىن كېيىن، ئېرى ۋە قېيىن

ئاتىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىيالىنى بىلىۋالغانىدەك تۇيۇلدى. ئېرى مەستۇرە بۇۋىمگە ھەر قېتىم گەپ قىلىپ قارىغاندا، مەستۇرە بۇۋىم: «ئۇ كاللامدىكىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن دەرھال يەرگە قارىۋالاتتى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سېلىپ كېتەتتى، يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئېرى ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشىنى سەل سەزگەندەك قىلسىمۇ باشقا ئويلاردا بولمىدى. ۋاقىت ئۆتۈپ ئېرى، قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىسىنىڭ مۇئامىلىسىدە باشقىچە ئۆزگىرىش كۆرمىگەندىن كېيىن، مەستۇرە بۇۋىمنىڭ كۆڭلى بارا-بارا توختىدى.

كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مەستۇرە بۇۋىم كۆڭلىدىكى سىرىنى ئىنىسى-جىنىغا بىلدۈرمەي پەيت كۈتمەكتە ئىدى. مەستۇرە بۇۋىمنىڭ قېيىن ئاتىسى ئىمىرلا ھاجىم ياشانغانلىقىغا قارىماي زېھنى قۇۋۋىتى جايىدا ھەم تەقۋادار، مۆمىن ئادەم ئىدى. كىشىلەرگە مۇئامىلىدە سىلىق، ئادىل بولغاچقا، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەت قىلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى.

ئىمىرلا ھاجىمنىڭ قورۇسى چوڭ بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئۆيى بىلەن ئۆزىنىڭ ئولتۇراق ھوجرىسى ھويلىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە قوش ئايۋان بىلەن ئاجرىلىپ تۇراتتى.

مەستۇرە بۇۋىم ئالتۇن ئاينىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان بولسىمۇ، قانداق جايدا ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەنىدى.

رامىزان ئايلىرى كىرىپ قالدى. ئىمىرلا ھاجىملار كۈندە دېگۈدەك بىرەر سوپىنىڭ ئۆيىگە ئىپتارغا چاقىرىلاتتى. رامىزانغا ئون تۆت كۈن بولغاندا يىراق يېزىدىكى بىر تالىپى ئىمىرلا ھاجىمنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئىپتارغا چاقىردى. ئەتىسى چۈش بىلەن ماڭماقچى بولۇشتى. چۈشتە يولغا چىقسا كەچتە ئىپتارغا ئۈلگۈرۈپ بارالايتتى.

مەستۇرە بۇۋىم بۇ كۈنى كېچىچە ئويلاپ، زولۇق يېگۈچە ئارىلىقتا كۆزىنى يۇممىدى. كۆڭلىدە بىر پىلاننى ئويلاپ ئەمدىلا كۆزىنى شېرىن ھېسسىيات ئىچىدە يۇمۇشقا قېيىن ئانىسى زولۇق يېيىشكە ئويغاتتى.

مەستۇرە خېنىم ئۇخلىيالماي بەك چارچىغان ۋە كۆڭلىدە بىر خىل دەككە-دۈككە بولغاچقا، كەيپى ياخشى ئەمەس ئىدى. گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. قېيىن ئانىسى نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا: «زۇكاممداپ قالدىم، مىجەزىم يوق» دەپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندىمۇ ئورنىدىن تۇرمىدى. چۈشكە يېقىن ھەممىسى مېھمانغا جابدۇنۇپ بولغاندا، مەستۇرە خېنىم قېيىن ئانىسى بىلەن قىزخان بۇۋىمنىڭ قايتا-قايتا زورلىغىنىغا ئۇنىماي «مىجەزىم يوق، بارالمايمەن» دەپ رەت قىلدى. مەستۇرە بۇۋىم بىلەن ئائىلىسىنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيىدىغان لەيلىخان ئاغىچا ۋە ئېتىز-ئېرىق، تېرىلغۇ يەرلەرگە قارايدىغان بىر كۆزى ئەلەس، بىر قۇلىقى ئاڭلىماس «ئىسلام گاس» قاتارلىق ئىككى كىشى بىلەن قورودا قالدى. ئىمىرلا ھاجىم ئايالى بىلەن قىزخان بۇۋىم، ئوغلى مامۇت شەيخ ۋە كىچىك قىزى، كۈيئوغلى قاتارلىقلار بۇ كېچە شۇ يەردە قونىدىغان بولۇپ مېڭىپ كەتتى.

بۇ — مەستۇرە بۇۋىم ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بولدى. مەستۇرە بۇۋىم ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لەيلىخان ئاغىچىنىڭ «قوپـ

مەسىلا خېنىم، ئۇزۇلۇپ قالىلا » دېگىنىگە قارىماي، « يېتىۋەرسەم ئېزىلىپ قالىدىكەنمەن. بىردەم‑ يېرىم دەم ھەرىكەتلىنىپ ھاۋا يەي ، بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى.

مەستۇرە بۇۋىم ئۆيدە قېلىپ قالغاچقا، ھويلىنىڭ ئىككى ئايۋان ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئىشىكى ئوچۇق قويۇلغانىدى. مەستۇرە بۇۋىم ھويلىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، لەيلىخان ئاغچىنى كىر ـ قاتلارنى يۇيۇشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر دۆۋە كىر ـ قات يىغىلدى. « ئىسلام گاس» ئادەتتە ئۆيگە كۆپ كىرمەيتتى. تاماققا چاقىرسىلا كىرەتتى، بولمىسا تاماقنىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئېتىز بېشىدىلا يەيتتى. مەستۇرە بۇۋىم لەيلىخان ئاغچىنىڭ كىر يۇيۇۋاتقانلىقىغا قاراپ قويۇپ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، كىچىك ساندۇقلارنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى دادىسىنىڭمۇ پۇل قاچىلايدىغان بىر كىچىك ساندۇقى بار ئىدى. مەستۇرە بۇۋىم ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇنداق كىشىلەر كۆپىنچە پۇل ۋە قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ساقلايدىغان كىچىك ساندۇق بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. قېيىن ئاتىسى ۋە قېيىن ئانىسى ياتىدىغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆينىمۇ ئاختۇرۇپ ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئىمىرلا ھاجىم يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆينىڭ تېمىغا ئايلاندۇرۇپ تارتىلغان زەددىۋالىنىڭ بىر يېرى ئېگىز ۋە چوڭقۇر كىرىپ كەتكەنىدى. مەستۇرە بۇۋىم زەددىۋالىنى كۆتۈرۈشىگىلا، ئېگىزلىكى بىر مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان «ئوغرى ئىشىك » تىن بىرسى كۆرۈندى. ئىشىك كىچىك قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلانغانىدى. مەستۇرە بۇۋىم زەددىۋالىنى جايىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ سىرتقا چىقتى. لەيلىخان ئاغچىنىڭ يۇيۇۋاتقان كىرلىرىنى يىيىشىپ، ياردەملەشتى.

ئىچىدە قۇلۇپنى قانداق قىلىپ ئېچىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيتتى. كەكە بىلەن ئۇرسا سىرتتىكىلەر ئاڭلاپ قالاتتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن لەيلىخان ئاغچىنىڭ كىر يىيىشىغا ياردەملەشكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن بىرەر تۆمۈر تەسەك ئىزدەپ ھويلا ھەم ئايۋاندىن بىر نەرسە تاپالمىدى. شۇنداق ئىزدەشتۈرۈۋاتقاندا، مەستۇرە بۇۋىمنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئاشخانا يورغىتام بېشىغا قويۇلغان ياغلىق قاپاققا چۈشۈپ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەلدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، بىر تالىپ ياغ قۇيۇپ ئاچقۇچ يۇتۇپ كەتكەن بىر قۇلۇپنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەنىدى. مەستۇرە بۇۋىم شۇ چارىنى ئىشلەتمەكچى بولدى ۋە ياغلىق قاپاقتىن بىر قوشۇقچە ياغنى قۇيۇپ قايتىپ بېرىپ، قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى چۈشىدىغان تۆشۈكتىن قۇيدى ۋە ئايۋان تېمىغا قېقىلغان بىر دانە چوڭ مىخنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قۇلۇپنىڭ يان تەرىپىدىكى يوچۇقتىن يۇقىرىغا قايرىدى. قولى ئاغرىپ كەتكەندە بىردەم ئارام ئېلىپ، يەنە سىرتقا چىقىپ لەيلىخان ئاغچىغا ياردەملەشكەن بولۇپ تۇردى. لەيلىخان ھەدەپ ئۇنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلاتتى:

— خېنىم، سىلە ئارام ئالسىلا، بۇ ئىشقا پاكىز قوللىرىنى مەينەت قىلمىسىلا، ـدەيتتى.

مەستۇرە بۇۋىم قايتىپ كىرىپ، قۇلۇپ بىلەن يەنە ئەپلەشتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئاغرىپ بارماقلىرىدا مىخنىڭ ئىزلىرى قالدى. قوللىرى قاپىرىپ پەقەت ھالى قالمىغاندا قۇلۇپ ئاران ئېچىلدى. ئالاھىزەل ئىككى سائەت ۋاقىت كەتتى. ئەگەر يەنە بىردەم ئېچىلمىسا ، مەستۇرە بۇۋىم ھەتتا يىغلاپ تاشلار ئىدى. قۇلۇپنىڭ

AltunOq

ئېچىلىشى مەستۇرە بۇۋىنىڭ ئاچچىقلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ھەيدەپ، چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈردى. مەستۇرە خېنىم زەدىۋالنى يەنە تاشلاپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ لەيلىخانىنىڭ ئەتراپىدا بىردەم ئايلىنىپ قويدى. ساددا لەيلىخان ئاغىچىنىڭ خىيالىغا بۇ ئىشلار كىرىپمۇ باقمىدى. مەستۇرە بۇۋىم تۆتىنچى قېتىم قايتىپ كىرىپ، چاندۇرماي زەدىۋالنى قايرىپ ئوغرى قازناق ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئۈستىدىكى كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىمتاس غۇۋا يورۇقىدىن مەستۇرە بۇۋىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قورقۇنچتىن شۈركەندى. ئۇ، تۆت تەرەپكە ئوبدان سەپسالغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچى ئاستا — ئاستا يورۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆينىڭ ئىككى تەكچىسى ۋە يورغا تاملىرىغا ھەرخىل كىتابلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىك مورا تامىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تۈنىكە بىلەن قاپلانغان ئورۇس ساندۇقچىسى كۆرۈندى. مەستۇرە بۇۋىم «بىسمىللا» دەپ تۇرۇپ، ساندۇقنى قولىغا ئالدى. كۆردىكى، بۇ ساندۇقچىمۇ قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مەستۇرە بۇۋىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، يۈرىكى سېلىپ ھاياجاندىنمۇ ياكى قورقۇنچتىنمۇ ئەيتاۋۇر خۇددىنى يوقىتايلا دەپ قالدى. ئۇ ساندۇقچىنى ئېلىپ، بىر مىنۇتچە تىنىۋېلىپ، يۈرىكى سەل ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن، دەرھال ساندۇقچىنى كۆتۈرۈپ، زەدىۋالنى قايرىپ، ئاندىن ئىشىكنى ياپتى. ئەسلىدىكى قۇلۇپنى چاندۇرماي جايىغا كىرگۈزۈپ قويدى. ئەمدىكى مەسىلە ساندۇقچا ئىچىدا زادى ئالتۇن ئاي بارمۇ — يوق؟ شۇنى بىلىشتىلا قالغانىدى.

دۇنيانىڭ قىسمەتلىرى شۇنداق ئىكەنكى، بەزىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ياخشى تىلەكلىرى ئاجايىپ تۇسالغۇ ۋە ئەگرى — توقاي يوللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىسسىق جانلىرىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن يامان تىلەكلىرى (قارا نىيەتلىرى) ھېچقانداق تۇسالغۇسىزلا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن.

مەستۇرە بۇۋىم قولىغا ئالغان كىچىك ئورۇس ساندۇقچىسى دەل ئالتۇن ئاي قاچىلانغان ساندۇقچا ئىدى. مەستۇرە بۇۋىم ئۇنى ئاسانلا قولىغا چۈشۈردى. ئۇ ساندۇقچىنى كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئۇزۇن رومىلىنى قولىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. لەيلىخان ئەمدىلا يۇيۇپ بولغان كىرلىرىنى يېيىش بىلەن بەنت ئىدى. شۇڭا ئۇ مەستۇرە بۇۋىمگە دىققەت قىلمىدى. مەستۇرە بۇۋىم ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كىچىك ساندۇقچىنى يەنە بىر رومالغا يۆگەپ، مەخسۇس ئۆزىنىڭ كېيىمىنى قاچىلايدىغان ساندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قۇلۇپ سېلىۋەتتى ۋە كۆڭلى ئىزىغا چۈشۈپ «ئۇھ» دەۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، مەستۇرە بۇۋىنىڭ قول — پۇتلىرىدا جان قالمىغان بولۇپ، رەڭگى روھىمۇ ناھايىتى جىددىي ئىدى. ئۇ دەھلىزگە چىقىپ، ئىشىكتىن قاراپ لەيلىخان ئاغىچىنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسالدى. لەيلىخان ئاغىچا ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولۇپ، مەستۇرە بۇۋىمگە قاراشقا چولىسىمۇ تەگمەيتتى.

مەستۇرە بۇۋىم دالان ئۆيگە كىرىپ، ئەينەككە قاراپ ئۆز چىرايىنى كۆردى. يۈرىكىنىڭ جىددىي سوقۇشى، ھولۇقۇشى تارتىپ كەتكەن چىرايىدا ئەكس ئەتكەنىدى. مەستۇرە بۇۋىم ئارام ئالغان قىياپەتتە بۇرۇنقى ئورنىدا يېتىۋالدى. بىر ھازا ئۆتكەندە لەيلىخان ئاغچا ئاستا مېڭىپ ئۆيگە كىردى ۋە مەستۇرە بۇۋىمدىن ھال ـ ئەھۋال سوردى:

— خېنىم، قانداقراق تۇردىلا؟

— تازا ئەھۋالىم يوق تۇرىدۇ، ئۇستىخانلىرىم سىرقىراپ ئاغرىيدۇ، لەيلىخان.

— ئەتىگەندىن بېرى ئارام ئالالماي ئۆزۈلۈپ قالدىلا خېنىم، بىردەم يېتىپ ئارام ئالسىلا. مەن ئىپتىدارغا ئۆلگۈرتۈپ بىر ئوگرە ئېتىپ بېرەي، ئوبدان بىر چىنە ئىچىۋالسىلا، ـ دېدى لەيلىخان.

مەستۇرە بۇۋىم ئىچىدە خۇشال بولسىمۇ، يەنە بىلىندۇرمەي «مەن ياردەملىشەلمىدىم، لەيلىخان،» دەپ قويدى.

— مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، بۇۋىم! ـ لەيلىخان چىقىپ كەتتى.

مەستۇرە بۇۋىم لەيلىخاننىڭ پەقەتلا سەزمىگەنلىكىنى تولۇق جەزملەشتۈردى. كېچىچە ئىچىگە كىرىۋالغان بىئاراملىق تۈپەيلىدىن ياخشى ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن لەيلىخاننىڭ سىرتتىكى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ساندۇقچىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھېلىقى مەخسۇس كىيىم قاچىلايدىغان گىلەم خورجۇنغا — كۆينەك، چاپانلىرى ئىچىگە يۆگەپ قاچىلىدى.

مەستۇرە بۇۋىم ناۋادا «ئالغان نەرسەم ئالتۇن ئاي بولماي قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ قاتتىق ئەندىشىمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنچلاندۇرغىنى ساندۇقنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكى ئىدى. ئۇ ئاخىر ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئالتۇن ئاينىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇۋەتتى.

چۈشكە يېقىن ئىمىرلا ھاجىم، مامۇت شەيخلار قايتىپ كەلدى. مەستۇرە بۇۋىم قورقۇنچلۇقتا چاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئۇلار مەستۇرە بۇۋىمنى كېسەل، دەپ قارىغاچقا، ھېچقانداق گۇمان قىلمىدى. ئېرى كەلگەندىن كېيىن، مەستۇرە بۇۋىم ئۇلارنىڭ جىددىيلىشىشى ئۈچۈن پۇت ـ قولىنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋايساپ يېتىۋالدى. ئىچىدە قېيىن ئاتىسىنىڭ قازناق ھوجرىغا كىرمەسلىكىنى تىلەيتتى. بۇ كېچە تېنچ ئۆتتى. مەستۇرە بۇۋىم ئەتىسى ئەتىگەندىلا «كېچىچە دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. توپراق بېشىنى يوقلاپ كېلەي» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە ئېرى ۋە قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلىرىنىڭ «سىلە ھازىر كېسەل، ئات بىلەن ئۇزۇنغا بارمىسىلا» دېگىنىگە پەقەت كۆنمىدى. ئاخىر رۇخسەت قىلىندى. يولدا ھەمراھ بولۇشقا بىر ئادەم قاتتى. مەستۇرە بۇۋىم «ئاتقا مېنىپ بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. مەستۇرە بۇۋىمنىڭ غەلىتە تەلەپلىرىنى قويغانلىقىدىن ئۇلار سەل ئەجەبلەنگەندەك قىلىشسىمۇ، بىراق ئالتۇن ئاينى خىيالىغا كەلتۈرۈشمۇ باقمىدى. مەستۇرە بۇۋىم چۈش بىلەن يولغا چىقتى...

توختىھاجى يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالتۇن ئاينىڭ قولغا چۈشكەنلىكىدىن ئالەمچە خۇشال بولدى. مەستۇرە بۇۋىمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغاندا بەدىنى تىكەنلەشتى. شۇ چاغ ئۇ، كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈككەندەك قىلىپ:

— ئارام ئالسىلا، سىڭلىم. ھەي، ئورۇن راسلاڭلار، يېتىپ ئارام ئالسۇن، — دېدى، ئانىدىن خوتۇنى ئاغچا بۇۋىم بىلەن بىر كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن، — ساندۇق قېنى؟ — دەپ سورىدى.

مەستۇرە بۇۋىم خورجۇننى قولى بىلەن ئىما قىلدى. توختىھاجى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشقان تالىپلارنى ۋە ئايال خىزمەتكارلارنى ئايۋانغا چىقىپ ئارام ئېلىشقا چىقىرىۋەتتى.

كىچىك ساندۇقچىنى كۆرگەندە، توختىھاجىنىڭ جاغال كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. شۇ تاپتا دۇنيادىكى ھەممە بايلىققا ئىگە بولغاندەك بىر ھاياجاننىڭ قاينىمىغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. دېمەك، نەچچە يىللاردىن بېرى ئويغىدىمۇ، چۈشىدىمۇ خىيال قىلىپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس بايلىق ھازىر توختىھاجىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. توختىھاجىغا بۇ ساندۇق گويا ئۆز شەكلىدە كۆرۈنمەي، بەلكى ئالتۇن قەسىردەك كۆرۈنۈۋاتاتتى: توختىھاجى ساندۇقچىنى قولىغا ئېلىپ، ھاياجاندىن چىلىك تۇتۇۋالغانلىقىنى قولىنىڭ تىترىشىدىنلا بىلدى ۋە دەرھال نەجمىدىن شەيخنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

بىرەر سائەت ئۆتە — ئۆتمەي، نەجمىدىن شەيخ يېتىپ كەلدى. ئۇ چاقىرغىلى بارغان كىشىدىن ئەھۋالنى ئازراق پەرەز قىلغانىدى. نەجمىدىن شەيخ توختىھاجى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، دەرھال تالىپلارغا «مەستۇرە بۇۋىمنىڭ كېسىلى ئېغىر، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ھېچكىمنىڭ يېقىن كېلىشىگە بولمايدۇ» دەپ ئۇقتۇردى.

مەستۇرە بۇۋىم چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق، ئىچىدە قورقۇنچ كۆپ بولغاچقا، پات — پات چۆچۈپ ۋارقىراپ قوياتتى.

توختىھاجى نەجمىدىن شەيخ ۋە ئاغچا بۇۋىم ئۈچەيلەن توختىھاجىنىڭ مەخسۇس ئېتىكاپخانىسىدا مەسلىھەتنى پۇشۇردى.

توخۇ ئۈچىنچى قېتىم چىللىغاندا، مەستۇرە بۇۋىم كۆزلىرىنى ئېچىپ، بېشىدا ئولتۇرغان ئاغچا بۇۋىمنى كۆردى. ئاغچا بۇۋىمنىڭ سىرلىق كۆزلىرى غەلىتە تۇستە چاقنايتتى. مەستۇرە بۇۋىمنىڭ يۈرىكى ئېغىپ تۇراتتى. پەقەت توختىھاجىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى بىلگىلى بولمايدىغان سوغۇق چىرايى بىلەن، زەھەر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە نەجمىدىن شەيخنىڭ قوۋۇلۇق، شۇملۇق چىقىپ تۇرغان خۇنۇك چىرايىنى ئېنىق كۆرەلىدى.

مەستۇرە بۇۋىم «خان ئاچا» دەپ زەئىپ ئاۋازدا چاقىردى ۋە كۆزىنى يۇمدى. ئاغچا بۇۋىم توختىھاجىغا قارىۋالدى، توختىھاجى بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ قويدى. ئاغچا بۇۋىمنىڭ شۇ پەيتتە پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ تۇراتتى.

— سىڭلىم، بىر پىيالە دېمىدە سۈيى ئىچىۋالامىلا؟ — سورىدى ئاغچا خېنىم.

مەستۇرە بۇۋىم بېشىنى لىڭشىتتى. نەجمىدىن شەيخ ئاغچا بۇۋىمنىڭ ئىشارىتىنى بايقاپ، كات ئۈستىگە قويۇلغان بىر پىيالە «دېمىدە سۈيى» نى ئاستا ھەرىكەت بىلەن ئاغچا بۇۋىمگە سۇندى. ئاغچا خېنىمنىڭ چىرايى مۇردىنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— مانا دېمىدە، ئوتلىۋالسىلا، — ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پىيالىنى مەستۇرە بۇۋىمنىڭ لېۋىگە تەگلىدى. مەستۇرە بۇۋىم كۆزىنى يېرىم ئېچىپ، پىيالە-

دىكى «دېمىدە» دىن ئىككى قېتىم ئوتلى-
دى. «دېمىدە» بىر ئاز قىزىق بولسا
كېرەك، مەستۇرە بۇۋۇم كېيىن ئوتلىغىلى
ئۇنىمىدى. شۇ تاپتا ئۆي ئىچىدە توختى-
هاجى بىلەن نەجىمىدىن شەيخ پارتلاش
ئالدىدىكى بومبىنى كۆتۈپ تۇرغان كىشىلەر-
دەك ئىنتايىن ئالاقزادىلىكتە جۆمگەندى.
نەجىمىدىن شەيخ توختىهاجىغا پات-پات
قاراپ قويايتتى. نەجىمىدىن شەيخ:

— ئوتلىسىلا خېنىم، بۇ شىپالىق كەس-
نە ئەرەقىيات دەمىسىدۇر، — هە دەپ زور-
لىدى. مەستۇرە بۇۋۇم قايتا كۆزىنى ئې-
چىپ، ئاغچا بۇۋۇمنىڭ زورى بىلەن يە-
نە ئىككى قېتىم ئوتلىدى. «دېمىدە» نى
ئىچىپ، ئالاھىزەل ئۈچ-تۆت مىنۇتلاردىن
كېيىن، مەستۇرە بۇۋۇم:

— خان ئاچا، ئىچىمگە ئوت كەتتى،
يەنە سۇ بەرسىلە، — دەپ ئاچچىق تولغى-
نىشقا باشلىدى ۋە كۆز قارىچۇقلىرى ئۈس-
تىگە تارتىلىپ، پۇت-قوللىرى قاتتىق
تارتىشىشقا باشلىدى. ئاغچا بۇۋۇم پى-
يالىدىكى قالدۇق «دېمىدە» نى قوللىرى
تىترىگەن هالدا كولۇڭغا چېچىۋەتتى.
ئاغچا بۇۋۇم شۇندىن كېيىنلا:

— ۋاي، بولۇڭلار، تېۋىپنى چاقىر-
تىڭلار، — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

— مۇرات، ئەلى بۇ ياققا كىرىڭلار! —
دېگىنىچە توختىهاجىمۇ دەرهال ئۆيگە كى-
رىپ كەلدى.

پېشىن نامىزىدا مەستۇرە بۇۋۇمنىڭ
مېيىتى يەرلىكىدە قويۇلدى. توختىهاجى
ئۆز يىغىسىدا:

— ۋاي قېرىندىشىم، دۇشمەنلەرنىڭ
ساڭا نېمە ئۈچۈن زىيانكەشلىكى يەتكەن-
دۇر، قېرىندىشىم، — دەپ قوشاق قاتتى.
ئاغچا بۇۋۇمۇ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن
تېخىمۇ بەك ئەزۋەيلىدى:

— قەستكە ئۇچرىغان قېرىندىشىمەي!...

— ۋاقىتسىز كېتىپ قالغان قېرىندى-
شىمەي!

كىشىلەر بۇ سىرلىق ئۆلۈم ۋە غەيرىي
سۆزلەردىن ئەجەبلىنىپ «تۇۋا» دېيىشتى.
كەچقۇرۇن ئىمىرلا هاجىمنىڭ ئوغلى ما-
مۇت شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى، سىڭلىسى
هەم ئەر-ئايال سوپى شەيخلاردىن سەك-
كىز كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىشىك ئال-
دىغا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈشكىمۇ ئۇل-
گۈرمەي «ۋاي، قېرىندىشىم!» دەپ يۇ-
قىرىدىكى سۆزلەرنى تەكرارلاپ يىغلاپ
تۇرغان سوغۇق چىرايلارنى كۆرۈپ هاڭ-
تاڭ قېلىشتى. مېهمانلار ئىشىنىڭ باش-
ئايىغىنى ئۇقمايلا بىر مۇسىبەت ئۈستىگە
كەلگەنىدى. ئۇلار ساهىپخان بىلەن نېمە
دەپ كۆرۈشۈشنى بىلمەيلا قېلىشتى. مېه-
مانلار ئۆيگە كىرىپ تۆردىن ئورۇن
ئېلىشقانىدىن كېيىن، مامۇت شەيخ
هەيرانلىق ئىچىدە توختىهاجىغا ۋە ئۇ-
نىڭ ئايالىغا دىققەت قىلدى. توختىهاجى
ئېغىر قايغۇغا چۆمۈپ ئاغزىغا گەپ كەل-
مەيلا قالغاندەك ئىدى. گەپنى ئاغچا بۇ-
ۋۇم باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋال-
غان، سۆزلىرىدىن تەمكىنلىكى چىقىپ
تۇراتتى:

— مەستۇرە خېنىم، هاجىمنىڭ بىردىن-
بىر سىڭلىسى ئىدى. رەهمەتلىك هاياتچې-
غىدا هاكىمۇ بەك ئامراق ئىدى. مەن ئۆز
قېرىندىشىمدىن چارە بىلەتتىم. تۈنۈگۈن
كېچە سىرتتا تۇيۇقسىز شەپە ئاڭلاندى.
چىقىپ قارىساق، مەستۇرە خېنىم ئاتتىن
ساڭگىلاپ قاپتۇ. كېيىملىرى توپا، لاي،
دەرهال كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردۇق.
خېنىمنى ياتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇ ئارانلا

«مەن بولالمىدىم» دېيەلمىدى. باشقا ھېچقانداق گەپ قىلماي، كۆزىنىمۇ ئاچماي ياتتى. بەدەنلىرىدە زەخمە ئىزلىرى بار. رەھمەتلىككە تېۋىپ چاقىرىپ، كۆپ دورىلارنى قىلغان بولساقمۇ، ئاخىرى... ھى... ھى... ھى...- ئاغىچا خېنىم يىغلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا توختىھاجى يەنە بىر پەس يىغلىدى.

نەجمىدىن شەيخ كۆك كۆزلىرىنى تۆت تەرەپكە تەڭ يۈگۈرتۈپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىغا ئوغۇرلۇقچە سەپسالماقتا ئىدى. مامۇت شەيخ بىلەن كەلگەن مېھمانلار يىغا-زارىغا چۈشۈشتى. بىراق، توختىھاجىنىڭ:

— بولدى، ھەممە قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، يەنە نېمە يىغا ئۇ!- دەپ ۋارقىرىشى بىلەن يىغىدىن توختىشىپ، بىر-بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراشتى. ئەمما، مۇسىبەت ئۈستى بولغاچقا، ياۋاش تەبىئەتلىك مامۇت شەيخ يەنە قايتۇرۇپ بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئاغىچا خېنىمنىڭ مەستۈرە بۈۋىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئېيتقان باش-ئايىغى يوق سۆزلىرى ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالغان بولسىمۇ، ھازىرچە ھېچنەرسە دېيەلمىدى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مامۇت شەيخ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنغان ھالدا ئۆز گۇمانىنى يېشىش ئۈچۈن نەجمىدىن شەيختىن سورىدى.

— شەيخ موللام، ئۆزلىرى ئاتام دېمەتلىك ئادەم، مەستۈرە خېنىم زادى نېمە بولۇپ قازا تاپتى؟ بىر نەرسە دەپ بەرسىلە قانداق؟

— بەللى، مامۇت شەيخ ئاخۇنۇم، بۇنى سىلە مەندىن سورىسىلا مەن كىمدىن سوراي مەن؟ مەستۈرە خېنىم ئۆيگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا پېقىرنى چاقىرتىپ كەلدى. مەن كەلگەندە، مەستۈرە خېنىمنىڭ تىنىقىمۇ توختاي دەپ قاپتىكەن. بەدەنلىرىدە جاراھەت ئىزى. توختىھاجىنىڭ دېيىشىچە، مەستۈرە خېنىمغا سىلە تەرەپتىن بىرسى ئازراق قەست قىلغانىمىش، دېگەن سۆز بار،- دېدى نەجمىدىن شەيخ،- بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك ھەيران قالمىسىلا، ھەم بەك ھولۇقۇپمۇ كەتمىسىلە، ھاجىم ھەم ئاغىچا بۈۋىملارنىڭ سىلىگە گەرچە ھازىر قاتتىق ئاچچىقى بولسىمۇ، مۇسىبەت ئۈستىدە بولغاچقا ۋە سىلىنىڭ ئائىلىنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ گەپ-سۆز قىلمىدى. پېقىرمۇ بۇ توغرىدا ئاز گەپ قىلمىدىم. ئەمدى سىلە بۇ گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقارماي ھاجىملار تەرەپتىن گەپ قىلمىسا، ئىندىمەي ئاستا كېتىپ قالسىلا، ئوبدان ئىراق ئالدىغا چىقىپ، ھاجىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنى رازى قىلسىلا بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مامۇت شەيخ:

— خوش، شۇنداق قىلايلى شەيخ،- دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى. ئەمما ئاخىردا:

— مەستۈرە خېنىم بىز تەرەپتىن ھېچقانداق خاپىلىق تارتمىغانىدى، شەيخ ئاخۇنۇم؟- دېدى.

بۇ گەپكە جاۋابەن نەجمىدىن شەيخ:

— ئاغزىلىرىنى يۇمسىلا، بۇ گەپنى قايتا تەكەۋۋەسسىلە چوڭ ۋەقە چىقىدۇ، مامۇت ئاخۇنۇم، ياخشىلىقچە ھوشلىرىنى تېپىۋالسىلا،- دېدى.

مامۇت شەيخ يەنە ئېغىز ئېچىشتىن ئېھتىيات قىلدى.

## خاتىمە

مەستۈرە بۈۋىنىڭ ئۆلۈمىگە قىرىق كۈن بولغاندا، تېخى ھېچنەرسىنى سەزمىگەن

Altunoq

ئىمىرلا ھاجىم بىلەن ئايالى قۇدىسىنىڭ قا-
رىسىنى ئۇششۇتىدىغان مەزگىلدە تۇيۇقسىز
بىر سەۋەب بىلەن ساندۇق ئاختۇرۇش يۈزى-
سىدىن ئالتۇن ئاي قاچىلانغان ساندۇقچى-
نىڭ يوقالغىنىنى بايقىدى. ساندۇقنى ھېچ-
قانداق يەردىن تاپالمىغان ئىمىرلا ھاجىم
قاتتىق سارا سىمىگە چۈشۈپ، پۈتكۈل ئا-
ئىلىسىنى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئۆز ئۆيىگە
كىرىپ - چىقىدىغان بارلىق سوپى - شەيخ-
لەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇردى. قورئان
تۇتقۇزۇپ، قەسەم قىلدۇردى. لېكىن ئال-
تۇن ئايىنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكى
بولمىغاندىن كېيىن، ئەر - ئايال ئىككىيى-
لەن قاتتىق خاپىلىقتا ئاغرىپ يېتىپ قالدى.
مامۇت شەيخنىڭ كۆڭلىگە ئۇشتۇمتۇت
مەستۇرە بۇۋىنىڭ ئۆيىگە قايتىشى ۋە
سىرلىق ئۆلۈمى كەلدى. ئۇ، بۇ گۇمانىنى
ئاتىسىغا دېدى. ئاتىسىمۇ بۇ گەپنى ئاڭ-
لاپ، دەرھال ئۇنى تۆت - بەش سوپى - شەيخ بى-
لەن توختىھاجىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى.
توختىھاجى مامۇت شەيخنىڭ ئالتۇن
ئايىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەلگەنلىكى-
نى ئۇقۇپ، شۇ ھامان ۋارقىراپ، چالۋاقاپ:
— كىمدە - كىم ماڭا بەدنام سۇۋىماق-
چى بولىدىكەن، شۇنىڭ قارنىنى يارىمەن.
ئۆزۈممۇ ئۆلۈمەن، سىڭلىم مەستۇرە بۇ-
ۋىنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، - دەپ داۋ-
راڭ سالدى. مامۇت شەيخ نائىلاج دەردى-
نى ئىچىگە يۇتۇپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى.
مامۇت شەيخ ئۆز ئۆيىگە قۇرۇق قول قاي-
تىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن، ئىمىرلا ھا-
جىم دەرد ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.
سەككىز ئايدىن كېيىن، توختىھاجى ئا-
ئىلىسىنى ئېلىپ ھەجگە ماڭدى.
بىراق، شۇنىمۇ قەيت قىلىش كېرەككى،
ئالتۇن ئايىنى ئوغۇرلاشتىكى باش رېژىس-
سور نەجمىدىن شەيخ ئاخۇنۇمنىڭمۇ ئالتە
ئايدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۆلگەنلىكى توغ-
رىسىدا مىش - مىش گەپلەر تارقالدى.
لېكىن ھېچكىم بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى.
ئالتۇن ئايىنىڭ تىراگېدىيىسى مانا شۇنداق
ئاخىرلاشتى.

---

(بېشى 94 - بەتتە)
ئۇنى ۋاسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردۇم. بۇ
قېتىم پېشانىڭنىڭ تايىنىش نۇقتىسى ماڭا
يىراق، كۆتەككە يېقىن بولغاچقا، بىرلا
بېسىشىم بىلەنلا، كۆتەك غۇلاپ كەتتى. ئەت-
راپتا بىردىنلا چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈل-
دى. شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، بىرىنچى بو-
لۇپ چاۋاك چالغىنى مەمتۇل بولدى. ئۇ
چاۋاك ساداسى ئىچىدە مېنى قۇچاقلىدى،
بىز قۇچاقلاشتۇق. قەلبىمدىكى غەلىبە خۇ-
شاللىقى بايىقى شاپىلاق ئازابىنى ئاللى-
قاچان ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى.
— تاغا، مۇختارغا بېرىدىغان مۇكا-
پىتىڭىز قېنى؟ - دېدى مەمتۇل ھامۇت ئاكىغا.
ھامۇت ئاكا ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆت-
مەيلا بىر دانە سۇلياۋ تاشلىق خاتىرە
دەپتەر بىلەن بىر دانە ماي قەلەم ئېلىپ
چىقتى:
— بۈگۈن مۇختار سىلەرگە «بىلىم —
كۈچ» دېگەن ھەقىقەتنى سوۋغا قىلدى،
بۇنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويىماڭلار.
مەن كېتىۋېتىپ، خاتىرە دەپتەرنى
ۋاراقلىدىم. ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى
مۇنۇ تامغىلىق خەتكە كۆزۈم چۈشتى: «ما-
ئارىپنى قوللاشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە يا-
راتقان يولداش ھامۇت سابىرغا تەقدىم.»

ئابدۇسەمەت خېلىل

# شېئىرلار

## ۋەتىنىم — پەخرىم

ۋەتىنىم — پەخرىمسەن، ئىپتىخارىمسەن،
جېنىمغا جان قوشقان ۋاپادارىم سەن.

سۆزلەشكە تىل بەردىڭ، ئۆرلەشكە قانات،
مېھرىبان ئانامسەن، غەمگۈزارىمسەن.

قوينۇڭدا سۈردۈم مەن ھايات پەيزىنى،
كۆڭلۈمنى يايراتقان ھۆر دىيارىمسەن.

مېھرىڭدىن سۇ ئىچىپ قانماقتا دىلىم،
راھىتىم، ئارامىم، نەۋباھارىمسەن.

ئۆركەشلەر شادلىقىم ھۆسنۈڭگە باقسام،
تۇزىماس قىسپىقىز دىل لالىزارىمسەن.

شەنىڭگە ئۈزۈلمەي ياڭرايدۇ ناخشام،
بولغاچقا ئىلھامچىم، دىلخۇمارىمسەن.

مۇشكۇللەر ئالدىمنى توسالماس ئەسلا،
يۆلەنچۈك تېغىمسەن، كۈچ-مادارىمسەن.

تەسەددۇق سەن ئۈچۈن بارلىقىم مېنىڭ،
ئۆمرۈمنى ياشناتقان نىجاتكارىمسەن.

## ئىتتىپاقلىق كۈيى

ۋەتەن گويا بولسا بىر دەرەخ،
ياپراقى بىز ئۇنىڭ ھەر مىللەت.
باغلانغان چىڭ دوستلۇق رىشتىمىز،
ئۈزۈلمەيدۇ ئەبەدىل-ئەبەد.

جىمى مىللەت بولدۇق بىر گەۋدە،
روناق تاپتى بۇ گۈزەل ھايات.
بۇ دوستلۇقنى چىڭىتقان تارىخ،
بار بۇ ھەقتە پولاتتەك ئىسپات.

بولغاچ بىزدە بۇزۇلماس بىرلىك،
ئېچىلدۇردۇق دوستلۇق گۈلىنى.
چىڭىتتۇق بىز بوران-چاپقۇندا،
بەختىمىزنىڭ ئالتۇن ئۈلىنى.

ئىتتىپاقلىق بولدى بىزگە كۈچ،
توسقۇن يېرىپ ئاشتۇق تاغ-داۋان.
ئىزدىمىزدىن ئۈندى گۈل-ئىپار،
پەرۋاز قىلدۇق شۇڭقاردەك ھامان.

ئىلگىرىلەتتۇق تارىخ چاقىنى،
مۈردىنى بىز تىرەپ مۈردىگە.
ئەجرىمىزدىن پۈركەيمىز مەڭگۈ،
ھۆر ۋەتەننى زەپەر گۈلىگە.

## رۇبائىيلار

ھەرىمۇ ئۇۋىدىن كېتەلمەس نېرى،
ھەر جانغا قەدىرلىك تۇغۇلغان يېرى.
بەختىيار سانايمەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ،
بولسىمۇ يۇرتۇمدا ئەلنىڭ چاكىرى.

×

بەزىلەر ئىش قىلار ئەمەلگە قاراپ،
كۈندە مىڭ ئۆزگىرەر شامالغا قاراپ.
ئازغىنا نەپ ئۈچۈن سېتىپ ۋىجدانىنى،
ئۆمرىنى بىھۇدە قىلىدۇ خاراب.

خۇشامەت بەدىلىگە تاپقان ئالتۇندىن،
مىلىك ياخشى بىر تىرىق ئۇنىسە ئەجرىڭدىن.
خۇشامەت ـ پەسكەشلىك كويىغا چۇشمە،
زەردىن كەچ ۋە لېكىن كەچمە قەدرىڭدىن.

×

ۋەتەن، سەندىن كۆپتۇر ئالغىنىم،
ۋە لېكىن ئاز ساڭا بەرگىنىم.

زارلانما يەمەن كەتسىمۇ بۇ جان،
شەرەپ سەن ئۇچۇن تاغ كۆتەرگىنىم.

×

سۇرىتىڭنى قىلىپ يادىكار،
قىلغانىدىڭ قەلبىمنى ئىززا،
ئايرىلساق گەر، قاراپ سۇرەتكە
سېنى ئەسكە ئالىمەن دىلدار...

**ئەخەت داۋۇت**

## ئىككى شېئىر

### ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

ۋەتەن بولغاچ ماڭا گۇلىيار، ۋىسال سەھرى قۇچاق ئاچتى،
ۋەتەن گۇلزارلىقى ياشناپ، ئىپار پۇركەپ ـ پۇراق چاچتى.

مېنىڭ بۇ قەلب ئۆيۈم ئەسلى قاراڭغۇ دەشتى ـ چۆل ئەردى،
ئانا ـ جۇڭخۇا ۋاپادارىم دىلىمغا نۇر ـ چىراغ ياقتى.

ۋەتەنىڭ ئەجرى كۆپ سىڭگەچ يېتىلدىم نەۋقىران ئەر بوپ،
تەپەككۇر، ئەمگىكىم بىرلە ئىجادىم چىن روناق تاپتى.

ۋەتەن ئوغلى دېگەن نامىم بىلەن مەڭگۇ پەخىرلىكمەن،
بولۇپ مېھرىم گويا دەريا، كۆزى پۇتمەس بۇلاق ئاقتى.

كۆڭۈل كۆكتە قىلىپ پەرۋاز جاھان سەييارىنى كەزگەچ،—
ۋەتەن ئاتلىق نىگارىمغا ئۆمۈرلۈك ئىشتىياق ئاشتى.

### سۆيگۈ ناخشىسى

(مۇۋەششەھ)

ۋىسالىڭ ئىشىق ـ ئوتىن ياقتىڭ دىلىمغا، رەھنىما دىلبەر،
سېنىڭدىن ئۆزگە بىھاجەت، يۈرەككە سەن داۋا، دىلبەر.

ئەسىر قىلدىڭ ۋۇجۇدۇمنى سېھىرلىك جىلۋە ـ ناز بىرلە،
كۆڭۈل خانەم ھەمىشە ياز، دىلىستانىڭ سابا، دىلبەر.

تەبەسسۇم بىرلە ھەر باقساڭ يۈرەك ئۇلىم جىغىلدا يدۇ،
سىنىڭ ئىشقى – پىراقىڭدا يۈرەك خۇددى لاۋا، دىلبەر.

ئەبەدلىك سۆيگۈدىن تاپتىم ساڭا چىن ئاشنالىقنى،
ۋۇجۇدۇم ساڭىلا بەخشەن، ساڭا مەن مەھلىيا، دىلبەر.

نىگاردىم، چاقىغان تەشنالىقىم سەنسىز شىپا تاپماس،
لېۋىڭدىن مەي ئىچەي تەشنا يۈرەك قانسۇن تازا، دىلبەر.

يۈرە، ئوينايلى گۈلشەندە قىلىپ سەيلانى باغلارنى،
زامان ئوغلانلىرى كۈلسۇن، قۇرۇپ بەزمە – ساما، دىلبەر.

ئاسايىشلىق زامان بىزنىڭ، جاھان بىزنىڭ، بەخت بىزنىڭ،
گۈزەل كەلگۈسىچۈن ئىشلەپ قىلايلى باغ بىنا، دىلبەر.

رەقىبلەر رەشك ئوتىدا ھەسرەت بىلەن ئۆرتىنىپ كۆيسۇن،
مۇھەببەت – رىشتىنى ئەسلا ئۈزۈلمەس شۇم – ياۋا، دىلبەر.

ئىلىم – ھېكمەت مۇھەببەتلىك كۆڭۈللەرنىڭ بېزەكىدۇر،
ئىجادتىن باغ ياسايمىز ئۈز قىلىپ كۆركەم راسا، دىلبەر.

مېنىڭ بۇ ئوت يۈرەك قەلبىم سۆيۈنگەچ سەن بىلەن جانان،
تۆمۈرلۈك سۆيگۈنۈملا سەن جاھاندا، گۈل – زىبا دىلبەر.

**زىياۋىددىن**

## ئىككى شېئىر

### ساڭا

رەھمىتىم كۆپ، شەپقىتى زور پارتىيەم غەمخان، ساڭا،
تىلىغا ئالسام يانىدۇ ئىشقىم بولۇپ گۈلخان ساڭا.
باشلىدىڭ بىزنى ئۇلۇغۋار يولدا، كۆزلەپ ئەتىنى،
قەلب جامىدا مۇھەببەت لىپمۇ – لىپ تولغان ساڭا.
ياشنىدى چۆللەر گۈلىستان، چۆمدى بەختكە زېمىن،
ئىخ، كۆڭۈللەر تۇشتىدە رەھمەت كۈيى فونتان ساڭا.
ماڭىمىز سەن باشلىغان يولدا ئاداشماي، داجىماي،
گېزى كەلگەندە پىدادۇر بىر ئەمەس، مىڭ جان، ساڭا.

ھەر قاچان دەيمەن ئۆزۈمگە: ئەي، زىيا، لەۋزىڭدە تۇر،
پارتىيەم ئىقبال تېپىگى، يولباشچى بىر چولپان ساڭا.

## تاڭ لىرىكىسى

شەۋىرلىشار ئەركە شاماللار،
يالتىرايدۇ شەبنەم گىيادا.
كۆز قىسقاندا ئاداققى يۇلتۇز،
جىلۋىلەندى سۇبھى قىيادا.

خورازلارنىڭ ياڭراق، شوخ كۈيى،
مەلە - كۈينى لەرزىگە سالدى.
چىراي ئېچىپ پەردىدەك ئۇپۇق،
لېۋى نۇردا يۇيۇلۇپ قالدى.

كەڭ تەبىئەت ئويغاندى شۇنداق،
ساپ ھاۋادىن سۆيۈندى نەپەس.
زېمىن بويلاپ تارىدى ھايات،
سۆيگۈدىن قۇت بېغىشلاپ پەۋەس.

تارىدى نۇر، ئوينىدى شولا،
تۈن ھەيدەلدى، ئالدى ئورۇن تاڭ.
شەھەر، يېزا... ئارا ئوخچىدى،
ھايات قاتقان ناخشا، لىرىك ئاھاڭ...

تاڭ — ھاياتنىڭ سۆيگۈ شاھىدى،
نۇر — بەختىمىز بەلگە بېشارەت.
زۇلمەت كەتتى، ئەتتى تاڭ بەخش،
بەختىمىزى ھۆرلۈك، شىجائەت.

**ئابابەكرى توختى**

## دوستلۇق لىرىكىسى

ھەر سۆبھى چوققىلاردىن تاڭ تارايدۇ،
ھەر سۆبھى تاڭ نۇرىدا يۇيۇنىمەن.
ھەر سۆبھى كۆكۈم تىترەپ ھالسىرايدۇ،
قۇياشنى باغلايمەن، تەۋىنىمەن.

ھەر سۆبھى قۇتلۇقلايدۇ بەختىمىزنى،
رەڭ شەيدا تۇيغۇلاردەك جىلۋىسى بار.
پاك نۇرلار ياسايدۇ بىر ئاق دېڭىزنى،
دوستلۇقنىڭ قىبلىسىگە تىكلەپ مۇنار.

دوست دەيمەن تاڭ يولىغا قويۇپ قەدەم،
سۆيسە ئۇ ئەگرى - توقاي يوللىرىمنى.
ئۇپۇققا سىڭىپ كېتەر ياش كۆلەڭگەم،
ئۇ دوستلۇق تارتىپ مېنىڭ قوللىرىمنى.

دوستلۇقنىڭ خىسلىتى كۆپ، ھېكمىتى ھەم،
ئەزرائىلنى تەمتىرەتكەن كۈلكىسى بار.
دوستلۇقنىڭ چېھرى گويا باھار - كۆكلەم،
دىللارغا ئەبەدىيلىك تۆككەن ئىپار.

دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ ئانا خەلقىم،
مەنمۇ ھەم ئۇنىڭ ئەۋلاد - مىراسخورى.
(دوستلۇقنى سۆيۈپ كەلدۇق ئەلمىساقتىن،
ئۆچمىدى قەلبىمىزدىن دوستلۇق نۇرى).

دوست دېمەك — ھايات دېمەك، رەقىبلەرنىڭ
سورۇلار دوستلۇقتىلا كۆككە كۆلى.
دوستلۇققا سىڭگەن مېھنەت، ھالال تەرنىڭ
قەترىسى باغ ياسايدۇ، سەر خىل گۈلى.

ئه خه ت مۇهه ممه دی

# ئانا ئه جر دگه

نه ده بار ئا له مده سه نده ك قه لبی ئوت — گۆلخان، ئانا،
نه ده بار ئا له مده سه نده ك ئه ڭ ئۇلۇغ ئمنسان ئانا.
نه ده بار په رزه نتكه سه نده ك مېهری كه ڭ ئوكیان ئانا،
نه ده پار په رزه نتكه سه نده ك جان پمدا قۇربان ئانا.
نه ده بار سه نده ك جاپاكه ش گاڭ بمله ك ئمشچان ئانا،
نه ده پار په رزه نتكه سه نده ك كۆڭلی باغ - بوستان ئانا.

تۇنجی كۆز ئاچقا ندا مه ن، سۆیدۈك یۈزۈمگه لەۋ یېقمپ،
شۇ سۆیۈشتمن مېهری - شه پقه ت كه لدی دەریادەك ئېقمپ.
ته رمه دلك ئه سلا چمرای ئاۋاره قملسام په ش قېقمپ،
بمر ئېغمز زارلانمه دلك هه م یه رده قویماستمن بېقمپ.
سه ن ئه بەد قه لبمدەكی ئه ڭ، ئه ڭ ئېزدز مېهمان ئانا،
په رۋەشمگدەن چۇنكی مه ن تاپقان تېنمگه جان، ئانا.

بولدی قان جمسمممغا سه ن به رگه ن هالالدەن ئابۇ ئاش،
ئه رشی - ئه لاغا چمقاردی هه ر قېتمم قملغان هاپاش.
به ردی سۇلتان په یزدنی باشمنی بمر رەت سه ن سملاش،
بۇ بمله ن ئوینا پ یۈره كله ر، یه تتی كۆك ئاسما نغا باش.
سه ن توگۈپ سوغ تۈنده یوتقانی ماڭا یاپقان ئانا،
تامچه یاش تۆكسه م سېنمڭ ئاققان كۆزۈڭدەن قان، ئانا.

په پمله پ ئمززه تته، هېچبمر دمل ئازاری قملممغان،
نا تمۋان قه لبمنی كۈلپه تنمڭ تمغی هه م تملممغان.
ئه گمشمپ، ماڭساڭ ئېتمزغا بمر ممنۇت ئایرملممغان،
سه ن بمله ن یۈمران قانا تمم سۇنممغان، قایرملممغان.
ئه ركی، ئویناق چاغلمردم شاد ئۆتتی به ك چاپسان، ئانا،
سوردممقمم باردۇر شۇڭا سه ندەن ئه پۇ هه ر ئان، ئانا.

قمشتا «دولقۇن» غا كېتمپ، كه لسه ڭ یۈزۈڭ مۇزلۇق ئمدی،
چمڭقی چۆش له ۋله رده نه م یوق، یازدا ئۇسسۇلۇق ئمدی.
ئمشلمگه چ شورتاڭدا، سۆیسه ڭ ته می سه ل تۇزلۇق ئمدی،
كه یگمنمڭ جۇل - جۇل كمیمله ر، بۇمۇ یوقسۇزلۇق ئمدی.
شۇ جاپالار ئۈستمدەن مه ن یۈك بولۇپ باسقان ئانا،
بۇ بمله ن یه لكه ڭده یۈكله ر هه سسمله پ ئاشقان، ئانا.

تام تۇتۇپ ماڭغان چېغمم چمققان «ئانا» دەپ تمل ماڭا،
خۇددی بمر كۈنده ك تۇیۇلغان ئۈندەكی هه ر یمل ماڭا.

كۆلدىكى ئويناق بېلىقلار ھالىتى تەمسىل ماڭا،
بۇ كەبى راھەتنى بەرگەن بىر ئۆزۈڭ پاك دىل ماڭا.
ئەركىلەپ ئويناپ، كۈلۈپ بولغان راسا پاقلان، ئانا،
شۇ ئۈچۈن ھۆرمەتتە سەن قەلبىم ئارا سۇلتان ئانا.

چوڭ بولۇپ تاپتىم ئەقىل، ياخشى ـ ياماننى بىلگىدەك،
دەردكە يىغلاپ، بەزمە ـ توي، مەشرەپتە ئويناپ ـ كۈلگىدەك.
مەۋسۇمۇم يەتتى قىرانلىق ئاغىنىمۇ كۆمتۈرگىدەك،
بار كۈچۈم يولۋاسنى، شىرنى مۇش بىلەن ئۆلتۈرگىدەك.
بۇ قۇۋۋەتنى خىسلىتىڭ سوۋغات قىلىپ سۇنغان، ئانا،
ئۇ ئۈچۈن بەرمەي جاۋاب قانداق چىدار ۋىجدان، ئانا.

ۋادەرىخا!... شۇم كېسەل سالدى ئازابلار بىر مەھەل،
ياش تۆكۈپ كۈتكەن تەلەپنى قىلمىدى تەقدىرىمۇ ھەل.
قالدۇرۇپ ئارماندا ئاخىر قوينىغا ئالدى ئەجەل،
ئايرىلىش دەردى، ئازابى بولدى ياش ئوغلۇڭغا تەل.
قايتىدىن ياندۇردى قەدرىڭ شامىنى ھىجران، ئانا،
مەن تىلەپ قالدىم دۇئادا سەن ئۈچۈن ئىمان، ئانا.

تىلغا شۇ نامىڭنى ئالسام كۆلدى شاد يايراپ دىلىم،
بىر ئۆمۈر ياد ئەيلىگەنگە نەدىمۇ قانسۇن تىلىم.
قالدى سەندىن خۇي ـ ئۇدۇم، مۇشكۇلگە قايرىلماس بېلىم،
ئاق سۇتۈڭنىڭ پاكلىقىدىن ياندى پارلاپ مەنزىلىم.
خىسلىتىڭ چولپانغا ئوخشاش كۆزنى چاقناتقان، ئانا،
ئىشتا تاۋلانغان قولۇڭدىن ئۈندى گۈل ـ رەيھان، ئانا.

بوپتۇ قۇربان گۈل چىراي، نۇرانە ھۆسنۈڭ مەن ئۈچۈن،
بوپتۇ قۇربان تال ـ چىۋىق تىمسالى پەسلىڭ مەن ئۈچۈن.
بوپتۇ قۇربان مالۇ مۈلكىڭ، بارى ـ ۋەسلىڭ مەن ئۈچۈن،
بوپتۇ قۇربان تىك چىناردەك ھالى ـ بەستىڭ مەن ئۈچۈن.
مەن سېنى بۇلبۇل كەبى كۈيلەي ئۇرۇپ خەندان، ئانا،
چۈنكى پەرۋاز ئەيلىسەم، سەن بىپايان ئاسمان، ئانا.

مېھنىتىڭ، ئەجرىڭ جاۋابىنى تولۇق بەرمەي ئۆزۈم،
ئەقلى، ۋىژدانىم چىدامدۇ، يەرگە چۈشمەمدۇ يۈزۈم؟
گەر ئۆمرىدىك ئاقلىماي ئۆلسەم يۇمۇلغايمۇ كۆزۈم،
قىممىتىم ھايۋان قاتارى، چىقسا يالغانغا سۆزۈم.
قەلبىدە پەرزەنت ئوتى كۆيگەن گويا خۇمدان، ئانا،
تەرىپىڭ پۈتمەيدۇ يازسام بىر ئۆمۈر داستان ئانا.

جان ئانا، جانىم ئانا، قەدرىڭنى بىلمەي قاپتىمەن،
چاقنىغان چېھرىڭدىكى نۇرنى ئوغۇرلاپ ئاپتىمەن.

قاقشىتىپ جان، قان شوراشتىن شاد كۈلۈپ ئويناپتىمەن،
شۇ گۆدەك چاغلاردا بىلمەي كۆپ جاپالار ساپتىمەن.
يانىدۇرۇش ئەجرىڭنى ئەھدىم بولسا گەر ئىمكان، ئانا.
بىغۇبار قەلبىمدىكى بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئارمان، ئانا.

**ئابلىز ھەسەن**

## ئىككى شېئىر

### ئۈمىد ئىسمىلىك بالىلارغا

ئۈمىد — جان تۇغۇلغان ئۈز بوۋاقلارغا،
تېردىك جان كۆزىدىكى قۇت نۇر — يورۇق.
ئۈمىد — كۈچ كېمە ھەيدەر پالاقلارغا،
ئۈمىدۋار دېڭىزچىدە ئىشەنچ تولۇق.

ئەجەلگە تىغ ئۇرغۇچى جۇشقۇن بىمار
كۆزىدە ئۈمىد ئۇزۇن ياشاي دەيدۇ.
ئۈمىد — قىز بويىدىكى نەسەپ تۇمار،
نۇر قۇچۇپ تىنماي ئەرشكە ئاشاي، دەيدۇ.

باغچىدا يۈرگەن جۈپ - جۈپ يىگىت-قىزنى،
ئىلكىگە ئالغان جۇشقۇن ئۈمىد پارلاپ.
ئوغلىغا ئات قويۇشتا شۇ بىر سۆزنى،
جاسارەت لۇغىتىدىن ئالغان تاللاپ.

ئۈمىدسىز ئۆمۈر خۇشال ھايات ئەمەس،
بەخت قۇشى ئۈمىدسىزنى ئەگىمەيدۇ.
ئۈنىڭسىز قەن - ناۋا تمۇ ناۋات ئەمەس،
تاتلىق ئۇ، يېگەنسېرى تويغىمەيدۇ.

ئۈمىد — جان تۇغۇلغان قۇش بوۋاقلارغا،
نەزمەم — كۈچ بەخش ئېتەر قاناتلىرىم.
يەلكەن ئۇ دولقۇن يارار قولۋاقلارغا،
ئاتلىنار پەرھادلىرىم، ئەۋلادلىرىم.

### قەدەھ ناخشىسى

قەدەھنى زورۇقماي تەنھا ئىچمەن،
سايەڭدەك يۈرىمەن قالماي كەينىڭدە.
ھېسسىياتىڭ نەزمە مېنىڭ يارقىن كۈچىمەن،
مېنىڭ خوشلۇقۇم بار جۇشقۇن كەيپىڭدە.

دۇنياغا مېھمان مەن، يۈرتقا ئۆز ئوغۇل،
خىسلىتى ئۆز ئىنسان ئۈلگەم سەن ئۆزۈڭ.
سايەم گەر ئالدىڭغا چۈشسە سەن بولبۇل،
باسقان قەدىمىڭگە قىزارماس كۆزۈڭ.

سېنى دەپ قەدەھنى قىزغىن ئىچىمەن،
مىننەتسىز ياشىدىڭ ئۈزاقتىن - ئۈزاق.
سېنى دەپ مەن جاندىن شەرتسىز كېچىمەن،
ياخشىلىققا ھېچۋاق قويمىدىڭ توزاق.

سەندەك بىر خىسلەتلىك ئادەمنىڭ كىمدىن
تۇغۇلۇشىنى ھېچكىم قىلالماس زاكاز.
يۈرگۈك مىسرالارنىڭ ياقتۇرغىنى سەن،
دىلغا ماس ھەردىكىتىڭ ئالىي دەرس، تاراز.

زورلىما، قەدەھنى ئىچىمەن ئۆزۈم،
مەي تۇتقان قولۇمغا قەلبىم ھۆكۈمران.
يۈزۈم قىزارسىمۇ قىزارماس كۆزۈم،
ئۈلگە مىسەن، قەلبىمگە سىغار كەڭ جاھان.

**يالقۇن ئۆمەر**

## غەزەللەر

### ئەجرىم

ئاتا قىلدى ماڭا پۈتمەس شەرەپ - ھۆرمەت ھالال ئەجرىم،
كۆكەرتتى چۆل - باياۋاندا ھامان بوستانە - تال، ئەجرىم.

مۇشەققەت باغرىنى تىلغاپ شىجائەت شەمشىرى بىرلە،
يېرىپ ئۆتتى تۇمەن ئۆتكەل، توساقنى بىئالال، ئەجرىم.

ئىجاد گۈلزارىدا ئۆمرۈم سائادەت ئىلكىدە ئۆتتى،
ھايا تىمغا بېرىپ لەززەت گويا كى قىلدى بال، ئەجرىم.

ۋۇجۇدىمغا بېغىشلاپ دائىما يۈكسەك پاراسەتنى،
مېنى تاپقۇزدى قىلغان ھەر ئىشىمدا قۇت - كامال، ئەجرىم.

مانا بەل باغلىدىم، دوستلار، ۋەتەن قوينىنى گۈللەشكە،
قىلار جەزمەن ئۇتۇق، شاندىن ئانا ئەلنى خۇشال، ئەجرىم.

### ھەرگىز

يېمەس ۋايىم بۇ دۇنيادا پەزىلەتلىك كىشى ھەرگىز،
كۆمۈلمەس ئەل ئۈچۈن قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشى ھەرگىز.

ھەقىقەتنى كىمىكى چىن مىزان قىلسا ھاياتلىقتا،
تۆكۈلمەس ئەبەدىي كۆزدىن ئازاب، پۇشايمان-دەرد يېشى ھەرگىز.

دىلى مايماق، تىلى قايماق ھەسەتخور، پىتنىخور بۇندا
بولالماس قەلبى يۈكسەك، پاك، كىشىنىڭ تەڭدىشى ھەرگىز.

ئەقىل - ھېكمەت بىلەن ئۆسكەن سادا قەتمەن يىگىتلەرنى،
قىلالماس رام سېھىرلىك جادۇگەرنىڭ كۆز - قېشى ھەرگىز.

ئېتەلمەس زەخمى ئەل سۆيگەن باھادىر جىسمىنى ھەر دەم،
ۋاپاسىز، بىنومۇسلارنىڭ زىيان - زەخمەت تېشى ھەرگىز.

تۇغۇلغان گۈل دىيارى قويننى ۋەيران، خازان ئەيلەش ،
ئەمەستۇر سۆيگۈگە مۇشتاق ۋاپادارنىڭ ئىشى ھەرگىز.

ئىجاد ئىشقىدا كۆيگەن ئوت يۈرەك شائىر، غەزەلخانىنىڭ ،
ھالال مېھنەت قىلىپ ئۆتمەس بىكارغا ياز ـ قىشى ھەرگىز.

## دەيمەن

شۇبۇ نەزمەمنى ھېسسىياتىنىڭ پەقەتلا بىر قۇرى دەيمەن ،
تۈزەتكە يىسىز كىتابخانىم، مەگەر بولسا سورى دەيمەن.

قاراشتا تۇرقىدىن مەزمۇت كۆرۈنگەن لىم ياغاچ ھەتتا —
بولالماس چەللىگە تۈۋرۈك مەگەر بولسا پورى دەيمەن.

ۋاپاسىز، بىنومۇسنى يار، بۇرادەر قىلمىغان ياخشى ،
ئۇنىڭ بار دوستىقىمۇ قۇرغان توزاق ـ قاپقان، تورى دەيمەن.

تۇرۇپ كۈچ بەستىدە، مېھنەت ـ مۇشەققەتكە بولۇپ تەسلىم،
قېلىپ ئاچ ئۆلسە ئۇندا قىنى ئۆزىنىڭ شۇم شورى دەيمەن.

ئېتى قات ـ قات يېرىلغان چۆل ـ دالادا ياشنىتار گۈلنى،
تازا دەل ۋاقتىدا ياغقان باھارنىڭ ياغمۇرى دەيمەن .

زېمىننى پاكلىغاي ئەخلەت ـ چاۋار ھەم چاڭ ـ توزانلاردىن ،
زەرب بىرلە ئۇرۇلغان شوخ شامالنىڭ غۇر ـ غۇرى دەيمەن .

باھادىر، مەرد يىگىتلەرگە ھارام مالدىن ھامان يۈكسەك
ئۆزىنىڭ مېھنىتى سىڭگەن بىرەر باش چامغۇرى دەيمەن.

گۈزەل قىلماق ھامان زۆرۈر ۋۇجۇدىن ئىلمۇ ھېكمەتتە،
بېرەلمەس ئەرگە ھېچ زىننەت كىيىمنىڭ پار ـ پۇرى دەيمەن.

نېمە لەززەت بىراۋ چايناپ يىگۈزگەن بال ـ شېكەرلەردە،
ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر ئاداب، سەۋەب: بار تەم، ھورى دەيمەن.

تەۋەككۈل بىرلە ھېسسىياتقا كۆڭۈل بەرگەن تاپالماس قۇت،
جىمى ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ھامان بار پەيت دورى دەيمەن.

AltunOq

بىردىنى پۈتلىسا بىرسى تېرىپ چاچىال - ئىزاھ ھەرۋاق،
ئەبەدكە ياڭرىماس دوستلۇق - ئىنا قىلىقنىڭ خورى دەيمەن.

مەگەر نەزمەمنى ياقتۇرسا ئاڭا ئەيلەپ تەشەككۈر ئەل،
شۇچاغ مەنمۇ ئۆزۈمنى بۇغەزەلنىڭ ئاپتورى دەيمەن.

ئېزىز سايىت

## شېئىرلار

### قۇياش نۇرى چاقنار چېھرىمدە

تاڭ سۈزۈلۈپ ئويغانسا ئالەم،
ئۈپۈق يېرىپ چىققىدۇ قۇياش.
شۇ قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدىن،
كۈلەر زېمىن، كۈلەر تاغۇ - تاش.
مۇھەببەتتى ئۇرغۇپ دىللارنىڭ ،
زەر نۇر بىلەن بولىدۇ سىرداش.

ئالتۇن قۇياش نۇرلىرى چاقناپ،
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە ئوتقاش.
كائىناتنى كېزىپ ئۇ مەغرۇر،
كەڭ زېمىننى ئېتىدۇ باخاش.
قۇياش مېھرى ئەلنىڭ قەلبىدە،
مۇجەسسەمدۇر مەڭگۈلۈك يولداش.

كۆڭۈل سۆيگەن ئانا دىيارنىڭ،
گۈزەللىكى دىللاردا نەقىش.
زېمىندىكى ھەر گۈل ھەر گىياھ،
قۇياش بىلەن ئەزەلدىن رەڭداش.
قۇدرىتىدۇر ئۇنىڭ تەڭداشسىز،
مۇمكىن ئەمەس ئايرىلىپ ياشاش.

يۈرەك شۇڭا سوقىدۇ مەغرۇر،
ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ تومۇرداش.
ئەكس ئېتەر چېھرىمدە مېنىڭ،
قۇياش نۇرى ھەمىشە ئوخشاش.

ھارارىتى ھەممىدىن كۈچلۈك،
ھاياتلىقنىڭ مەنبەئى قۇياش.

ۋەتىنىمدۇر قۇياشنىڭ يۇرتى،
مەن ئۇنىڭغا قانداش - قېرىنداش.
پەخىرلىنىپ ياشايمەن ئەبەد،
تەلپۈنىمەن بوۋاققا ئوخشاش.
مەن ئەزەلدىن قۇياش ئوغلىمەن،
قەلبىم مېنىڭ قۇياشقا تۇتاش.

### زورلىماڭلار ھاراققا

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

زورلاۋەدى يېقىن ئاغىنەم،
ئولتۇرۇشتا مېنى ھاراققا.
ئىچمەي دېسەم بولمىدى پەقەت،
يېغىپ كەتكەن سوئال - سوراققا.

كۆڭلى ئۈچۈن يېقىن دوستلارنىڭ،
ئىچتىم ئاخىر ئاچقان قورساققا.
تەكەللۇپقا بولۇپ مەھلىيا،
تەگدى ئاغزىم سەي ۋە تاماققا.

كەتكەن تولۇپ شىرەنىڭ ئۈستى،
ئالىي سورتلۇق ئېسىل ھاراققا.
بەس - بەس بىلەن ئىچتۇق قانغىچە،
ئاۋازىمىز كەتتى يىراققا.

كه تتۆق قىزىپ بولۇپ شىر كه يىپ،
تولدى سورۇن كۆلكه ـ چا قچا قتا.
ئولتۇرۇشىمۇ سوزۇلدى شۇنچه،
كه چىمۇ كىرىپ قالدۇق چىراغقا.

مه سلىكىمىمۇ چىقتى ئه ۋجىگه،
گه پىمۇ كىرمه س بىزنىڭ قۇلاقتا.
قوزغىلىشقا باشلىدۇق بىردىن،
مىڭىشىمىزنى بىلمه ي قا يا قتا.

ئۆيدىن شۇنداق چىقىش بىله ن ته ك،
قالدىم يىتىپ لا يغا ـ پا تقا قتا.
كىيىم ـ كىچه ك بۇزۇلدى پۈتۈن،
ما ڭالمىدىم ئه سلا يىرا قتا.

بىشىم قىيىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
چۆمدۈم چه كسىز هه سره ت ـ پىرا قتا.
ئىچىۋىرىپ قاڭسىق ها را قنى،
يىتىپ قالدىم ئاخىر يا تا قتا.

دوختۇر كۆرۈپ بۇيرۇدى دەرهال،
ئاشقازانى ئىتتىك پىچا قتا.
زه خىملەنگەچ ئاشقازىنىم هه م،
سالدى مىنى قاتتىق ئازابقا.

ئازابتىنمۇ قۇتۇلدۇم بۈگۈن،
ئىنگه بولدۇم ئاچچىق ساۋا قتا.

ئىچمه يدىغان بولدۇم مه ن په قه ت،
قويدۇم قه دە م يىڭى ها ياتقا.

قالماي دىدىم ياشلىقىمدا،
«ها را قكه ش» دەپ نامۇ ئاتا قتا.
چىن ها ياتقا سالماي مه ن ئىكه ك،
زورلىماڭلار ئه مدى ها را قتا.

**ئه مگه كچىنىڭ ئوغلىمه ن**

به ختى كۆلگه ن ئه مگه كچىنىڭ ئوغلىمه ن،
پۈتۈن جىسمىم چىن ئه مگه كتىن يا را لغان.
ئىجادىمدىن ئۆچمه س تۆهپه يا رىتىپ،
نامىم مىنىڭ ئه ل ئىچىگه تا را لغان.

تا پتىم ئىجاد ـ مىهنىتىمدىن به ختىمنى،
يىتىلدۈردۈم ۋۇجۇدۇمدا پا را سه ت.
ئه جدادلا رنىڭ بىسىپ شانلىق ئىزىنى،
تاۋلىدىمه ن چىلىشلاردا جاسا رە ت.

ئه جرىم بىله ن گۈلله ر چىكىپ چۆلله رگه،
باغ ياسىدىم ته رله ر تۆكۈپ چىكه مدىن،
ئه ۋلادلىرىم هوزۇرلانسا شادلانسا،
به ختىم مىنىڭ شۇدۇر په قه ت مىۋه مدىن.

به ختى كۆلگه ن ئه مگه كچىنىڭ ئوغلىمه ن،
مه ن ياشايمه ن پاك تىرىم ـ ئه جرىم بىله ن.
چىلىشلاردا قۇچۇپ شانۇ زه په رله ر،
ماختىنىمه ن، ئه مگىكىم به ختىم بىله ن.

**ئه نۋه ر ئابله ت (شه يدائى)**

## يۈره كتىكى پىنهان ناخشىلار

### كۆلۈپ

يا ندۇرۇپ قه لبىمده سۆيگۈ يالقۇنى با قتىڭ كۆلۈپ،
پاك يۈره ككه چىن مۇهه ببه ت ئوتىنى ياقتىڭ كۆلۈپ.

ھېسلىرىم قالدى يۈگەنسىز ئۇيقۇدىن بولدۇم بىدار،
يۈرىكىم قاتلاملىرىدا قان بولۇپ ئاقتىڭ، كۆلۈپ.

ئۇيغىتىپ ئارمانلىرىمنى ، تولدۇرۇپ قەلبىمگە كۆي،
لەۋلىرىڭ بىرلە لېۋىمدە پىستىلەر چاقتىڭ ، كۆلۈپ.

كۆڭلىرىم ئۆتتى بەختلىك، سۆيگۈدىن لەززەت ئېلىپ،
ئۆكسىمەي تۇيغۇم كۆكىدە پەر - قانات قاقتىڭ، كۆلۈپ.

گۈللىدى ياشلىق باھارىم، تاپتى قۇت ئارمانلىرىم،
جۈپ يۈرەك بولغاچ ۋاپادار، سەن ۋىسال تاپتىڭ ، كۆلۈپ.

## دەپ

مەن سېنى كۆتتۈم ئۇزاق يىل، ۋەدىدىن يانمايدۇ، دەپ،
پاك، سەبى كۆڭلىنى بەرگەن ياردىدىن تانمايدۇ، دەپ.
سۆيگۈمىز بولغاچ ھەقىقىي، سالسىمۇ ھىجران ئازاب،
قەلبىگە شاھتۇر ساداقەت، قىلچە داغ تولانمايدۇ، دەپ.
تەڭلىسە شەيتان ئەگەر گۈل ئىشلىتىپ نەيرەڭ - مىكىر،
كەچمىگەچ ۋىجداندىن ئۇ، مەڭگۈ ئالدانمايدۇ دەپ.
قەدرىگە يەتكەچ ھاياتنىڭ ، توسسىمۇ ئالدىنى جۇت،
ھېچقاچان باسقان ئىزىدىن چاك - توزان قونمايدۇ ، دەپ.
ئاھ! بۈگۈن بىلسەم سىرىڭنى، قاپتىمەن ھەسرەت چېكىپ،
ئۆزگىگە شەيدا بولۇپسەن ئىشلىرىم چانمايدۇ، دەپ.

## سېنى

بولسا قەلبىڭ بىغۇبار، سۆيگەن نىگارىم دەي سېنى،
ياشلىقىمنى ياشنىتار قۇتلۇق باھارىم دەي سېنى.

يانسا ئىشقىڭ ئەل ئۈچۈن، ئەلگە گەر قاتساڭ كۈچۈڭ،
تومۇرۇمدا قان بولۇپ، ئوخچۇپ ئاقارىم دەي سېنى.

ئەتىنى دىلغا پۈكۈپ، پەن تەكتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ،
ئەجىر قىلساڭ كۆكسىگە گۈللەر تاقارىم دەي سېنى.

ئىلمۇ ھېكمەت بايدا بولساڭ قانائەتتىن جۇدا،
كەشپىياتتا بەرق ئۇرۇپ قانات قاقارىم دەي سېنى.

تۇسسا ئالدىڭنى خەتەر، باغلاپ ئۈممىدتىن چىلىك' كەمەر،
ئەگمەسەڭ باش، قۇت تىلەپ، نۇسرەت تاپاردىم دەيسېنى.

ماختىنىشتىن ساقلىنىپ، خىسلەتتە نۇردەك پاكلىنىپ،
ئارزۇيۇمنى ئاقلىساڭ چىن غەمگۇزاردىم دەي سېنى.

**تۇرسۇن ئۆمەر**

## چىغىر يولدىن ئاڭلىنار ناخشا

### چىغىر يولدەك چىگىش خىياللار

سىڭىپ كەتكەچ كائىنات تۈنگە،
دالىلارمۇ كۆرسەتمەس چىراي.
بۇلۇت ئىچرە سىلجىپ باردۇ،
ۋىسالىنى يوشۇرماقتا ئاي.

ئويغاق دەريا - جۇشقۇن دالىلار،
ساھىللارنى قىلار مەسخىرە.
قارلىق چوققا، جىلغا - ئىدىرلار،
قارا تۈنگە بولۇر ھەمشىرە.

قارلىق چوققا جىلغا - تەرەپتىن،
تۇرۇپ - تۇرۇپ كېلەر بىر سەلكىن.
تاتلىق سۆيۈپ مەڭزىدگە كېتەر،
شۇندا قىتىمۇ بۇ يىگىت تەمكىن.

كۈمۈش چوققا پارلىدى بىردىن،
سىلجىپ چىقتى بۇلۇتلاردىن ئاي.
ئاپئاق چوققا قىلدى تەبەسسۇم،
نۇرغا تولدى قىشلاقلار ھاي-ھاي.

يىگىت دەردلىك ناخشا توۋلايدۇ،
چىغىر يولدەك چىگىش خىيالى.
چىغىر يولدا، توغراق يېنىدا،
كۆرۈنمىگەچ يارىنىڭ جامالى.

### چىغىر يولدا چاۋا تېرەر سۇمبۇل چاچ

تاتارغان شور، قومۇشلۇق ئورمان،
قاغجىرىغان جىگدە شاخلىرى.
ھەر سىلكىنسە (كۆي تۆكەر يا پىراق)،
قىزنىڭ قارا سۇمبۇل چاچلىرى.

ئاغامچا بار قىزنىڭ قولىدا،
چاۋا تېرەر ئورمان ئىچىدىن.
خىجىل بولار ئۆسسىغان توغراق،
قىزنىڭ زىبا چېھرى - ھۆسنىدىن.

چاۋار بىلەن تولدى ئاغامچا،
مېھرى بىلەن چىلىك چەگدى ئۇنى.
كۆينىكىنىڭ پېشىدە سۈرتتى،
مۇنچاق - مۇنچاق كۈمۈشتەك تەرنى.

چىغىر يولنىڭ دوقمۇشىدىكى
توغراقتا ئۇ يۆلەندى بىر پەس.
تاتلىق خىيال بۆشۈككە ئۇ،
لەززەتلىنىپ بۆلەندى بىر پەس.

قىز توغراققا يۆلەندى ئاھ دەپ،
تەشنالىقتىن چاڭقىدى - تالدى.
سۇ تۇتقىلى كەلمىگەچ يىگىت،
ئېغىپ يۈرەك، رەڭگى تاتاردى.

گۈلخان يېنىپ قىزنىڭ ئىچىدە،
ئاتەش ياغدى چولپان كۆزىدىن.
چىمىدىم توپا ئالدى ئېگىشىپ،
يىگىتىنىڭ باسقان ئىزىدىن.

قىز ھىدلىدى تۇپراقنى ئۇزاق،
يۈرىكىگە يېپىشتى پىراق.
يىگىتنى سۆيگەنىدەك بولدي،
توپا بەرگەچ رەيھانىدىن پۇراق.

## ئېغىپ كەتتى يۈرەك پارىسى

يىگىت كەتتى چىغىر يول بىلەن،
خوش دېيەلمەي يىراق سەپەرگە.
تىپىرلايدۇ يۈرىكى تىنماي،
سولانغانىدەك تۆمۈر قەپەزگە.

چىغىر يولدىن قايرىلىپ بىر پەس،
كۆتتى ئوماق سەھرا قىزىنى.
يىگىت ئەمدى ھەسرەتتە قالدي،
ئېيتالمىغاچ يۈرەك سۆزىنى.

چىغىر يولدا ئۇزاق ساقلىدى،
قېرى توغراق ئۈنىڭغا شاھىد.

ئېزھار قىلدي توغراق تېنىگە،
يارى ئۈچۈن بىر نەزمە بېيىت.

ھەسرەت ھىدى تارقىتىپ يىگىت،
ئوت ياندۇردى دىما قلىرىدا.
كۆزلىرىدىن ھېجران يامغۇرى
سىرغىپ چۈشتى زىنا قلىرىغا.

پاتتى قۇياش ئۇپۇققا ھارغىن،
يىگىت كەتتى خېلى ئۇزاققا.
ئۇ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىنى،
سەلكىن ئېلىپ كەتتى قىشلاققا.

قىز چۆچۈدى ناخشىدىن شۇئان،
كەلدى دەرھال توغراق يېنىغا.
ئوقۇپ سۆيگۈ بېيىتىنى ئۇ،
ئوت تۇتاشتى ئىچى - تېشىغا.

ئۇ، يۈگۈردى چىغىر يول بىلەن،
كۆرۈنمىدى يىگىت قارىسى.
كىرپىك تىترەپ ئوخچىغاندا ياش،
ئېقىپ كەتتى يۈرەك پارىسى.

ئوبۇلھەسەن روزىمەمەت

# ئىككى شېئىر

## جانانغا سوئال

ھالرەڭ شەپەق جۇلا بەرگەن يۈزۈڭگە،
تەلمۈرىدۇ كۆكتە ئۈزگەن ھىلالمۇ.
تىنىقلىرىڭ ساھىللارغا ئۇرۇلسا،
داۋالغۇيدۇ تىنچ ئاققان زىلالمۇ.

ئاھۇلارنى سېھىر قىلغان كۆزۈڭگە،
چۆمۈلىدۇ خىلقەت بولاق كېچىدە.
كىرپىكلىرىڭ سادا ق بولغان يۈلتۇزلار،
سىرغىپ ئاقار سامان يولى ئىچىدە.

مۇڭلۇق تۈننى ئەللەي ئەتكەن سۆزۈڭگە،
چۈش كۆرىدۇ مەجنۇنتاللار يۈيۈنۈپ.
كۈيلىرىڭگە ئەسىر بولغان چىمەنلەر،
يۈيۈلىدۇ شەبنەملەرگە چۆمۈلۈپ.

ئاھ دىلبىرىم مەپتۇن قىلدىڭ ئۆزۈڭگە،
ئاشۇ كۆزۈڭ گۈزەللىكىنىڭ چېھرىمۇ؟

Altunoq

نازۈك ھېسلار چاقماق چاققان يۈرىكىڭ،
چىدىن ھايا تىنىڭ ساڭا بەرگەن مېھرىمۇ؟

## ئىلتىجا

كىر پىكىمگىنى يۇلۇۋەتكىن كۆزۈمدىن،
قاشچى يۇلتۇز يەرگە سىرغىپ ئاقمىسۇن.
مۇڭلىرىمغا شەبنەم تۆكۈپ بولۇتلار،
چۇقانلىرى كۆكتە چاقماق چاقمىسۇن.

كىر پىكىمگىنى يۇلۇۋەتكىن كۆزۈمدىن،
سۆزۈك بۇلاق لاتقا يۇتۇپ ئالمىسۇن.

قاردىچۇقۇمغا لەۋ تەگكۈزگەن دالىلار،
پىرا قىمدا مەجنۇن بولۇپ قالمىسۇن.

كىر پىكىمگىنى يۇلۇۋەتكىن كۆزۈمدىن،
ئەلەم بىرلە ئانام تۆگەپ كەتمىسۇن.
شىۋاق بېسىپ مۇڭغا پاتقان قەبرەمنى،
غېرىپسىنىپ دادام ماكان ئەتمىسۇن.

كىر پىكىمگىنى يۇلۇۋەتكىن، چېھرىڭگە
بېقىۋالاي ئەڭ ئاداقى دەملىرى.
ئاچچىق ئازاب، تاتلىق ۋېسال چىرمىشىپ،
قۇرۇپ كەتسۇن تەشنالىقىنىڭ نەملىرى.

**ئەركىن داۋۇت**

## يۈرىكىمىز ئوت، ۋۇجۇدىمىز ئوت

### ئالما بەردىڭ

ئالما بەردىڭ، ئالدىم ئالمىنى،
تازىم بىلەن ساڭا ئېگىلىپ.
«رەھمەت» دېدىم قەددىمنى رۇسلاپ،
جۇپ كۆزۈڭگە ئىللىق تىكىلىپ.

ئاق ئالمىدەك ئاققىنە چېھرىڭ،
كەتتى گويا ئوتتەك قىزىرىپ.
ماڭا مەيلىڭ بار ئىكەن سېنىڭ،
ھەرىكىتىڭدىن قالدى سېزىلىپ.

ئالما بەردىڭ، ئالدىم ئالمىنى،
تازىم بىلەن ساڭا ئېگىلىپ.
ئىككىمىزنىڭ رىشتە زەنجىردەك،
بىر — بىرىگە كەتتى چىگىلىپ.

### كۆڭلۈك قاردەك بولسا ئاپئاق

ئولتۇرۇپسەن ئالما تۈۋىدە،
جۇپ كۆزۈڭدىن ئۇنچە ياش تۆكۈپ.
گويا توپتىن ئايرىلغان قۇشتەك،
غېرىپلىقتا خىيالغا چۆكۈپ.

چىرايلىرىڭ سارغايغان شۇنچە،
سىرىقلىقتا بەئەينى سامان.
رېئاللىقتىن زارلانما قاقشاپ،
تۇرمۇش يولى ئېگىز — پەس ھامان.

تاشلاپ كەتكەن بولسا سۆيگۈنىڭ،
ئۇنتۇپ ئۇنى يىراقلارغا باق.
سۆيەر سېنى يەنە باشقىسى،
كۆڭلۈك قاردەك بولسىلا ئاپئاق.

**غېنى قۇربان**

## دىلبىرىمگە

خىيالىم كەپتىرى قىلىغاندا جەۋلان،
ئارزۇيۇم ئىزلەيدۇ يۈرەك پارىنى.
ئۆمرۈم رىشتىسى كۆيسە ھىجراندا،
بۇ تىلىم سۆزلەيدۇ قەلب زارىنى.

تەشنالىق شەمشىرى قەلبىمنى تىلىپ،
قان قىلۇر يۈرىكىم يوقۇ — بارىنى.
جۇدالىق نەشتىرى سانجىلىپ دىلغا،
قويمايدۇ بۇ ھالىم ئىختىيارىنى.

ئىنتىلىش ئىستىكى گويا كى زەخمەك ،
چېكىدۇ يۈرىكىم نازۇك تارىنى.
سېغىنىش ئارزۇسى قىلسا نالىزار،
بۇ قەلبىم بوزلايدۇ، ئىزلەپ يارىنى.

بۇ مېنىڭ كەچمىشىم، بىلدىڭمۇ دىلبەر،
بىلسەڭ بۇ ئازابقا ئىزلە چارىنى.
ئۆزگىدىن تېپىش بىھاجەتتۇر زىنھار،
ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن دەردىم دارىنى.

شۇنچە زار ئەيلىدىم ھېجران دەشتىدە،
بىلمىدىڭ، بىلسەڭمۇ بىلمىگەن بولدۇڭ.
يۈرسەممۇ ئارقىڭدا دەرۋىشچە گويا،
كۈلدۈڭغۇ، كۈلسەڭمۇ كۈلمىگەن بولدۇڭ...

كەتمەككە تەمشەلدىڭ يېنىمدىن تېخى،
مېنى چىن دوست قىلىپ قويۇپ يىراققا.
راستىنلا بىشارەت بەردى رېئاللىق،
يول ئېلىپ كەتمەككە مەندىن يىراققا.

كەتتىڭ سەن ئارقاڭغا قىيامۇ باقماي،
مەن قالدىم بەختىمنىڭ قەنتىنى چاقماي.

جۇش ئۇرار ئىدى بۇ قېنىم سەن ئۈچۈن،
ئەمدى ئۇ توختىدى تېنىمدە ئاقماي.

يۈرىكىڭ قانداقمۇ كۆرگەندۇ قوبۇل،
«خوش» دېگەن سۆزنىمۇ قىلماي مېڭىشقا.
شۇ كۆڭلۈڭ قانداقمۇ ئۇنىدىكىن تاڭ،
قەلبىمگە ھېجراندىن تاياق تېگىشقا.

ۋىسالغا ئىنتىلىپ كىرپىكمۇ قاقماي،
قانچىلاپ تۈنلىرىم ئازابتا ئۆتتى.
نەچچە رەت ۋۇجۇدۇم ئۆرتىنىپ ئوتتا،
ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپ ھالىمدىن كەتتى...

ئېيتقىنا ئەي سەنەم، چىن سۆزۈڭنى سەن،
گۇناھىم نېمىدۇر ئالدىڭدا مۇنچە؟
ئۇرسەن ئىشقىڭنىڭ قامچىسى بىلەن،
نە گۇناھ قىلدىممەن ئۇرغىدەك شۇنچە؟!

كۆيگۈنۈم گۇناھىم بولسا گەر مېنىڭ،
سەنمۇ ھەم بىراۋغا ئاشىقمەن دېمە.
ئەگەر ئۇ گۇناھ دەپ ھېسابلانمىسا،
ئېيتقىنا خوش، مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟...

**گۆزەلنۇر ئابدۇرېھىم**

## ئىككى شېئىر

### سەھرا قىزى

مىسلى چولپان كۆزلىرىڭدىن ئاي خېجىل سەھرا قىزى،
ئەبرىشىمدەك بويلىرىڭغا مەن ئېجىل سەھرا قىزى.

ئىشتا ئىلغارلار سېپىدە چاقنىغىڭدا سەھنىگە،
مەن تاپارمەن خىسلىتىڭدىن بىر ئەقىل، سەھرا قىزى.

دەۋرىمىزنىڭ قوينى كەڭ ئەمگەك ـ ئىجاد ئەھلى ئۈچۈن،
كەشپىيات چولپانلىرىدىن بوپ يېتىل، سەھرا قىزى.

ئىچ ـ تېشىڭ بولغاچ گۈزەل ، قىلدىڭ مېنى ئىشقىڭغا رام،
كەلگۈسى ـ هۆر ئەتىگە دەۋردىم كېپىل، سەهرا قىزى.

كۈي قاتاي بۇلبۇل بولۇپ ئىشقىڭدا مەن شامۇ سەهەر،
گۈل بولۇپ كۆڭلۈم بېغىدا سەن ئېچىل، سەهرا قىزى.

## قەشقەر

سېنى كۆرسە كېلىپ كىمكى تۈمەن كۆل بويىغا، قەشقەر،
گۈزەل هۆسنۈڭ سالار جاننى ئاشىقلىق كويىغا، قەشقەر.

ئىگىپ باشىنى مەجنۇنتال بېرەر گويا ساڭا تازىم،
ئورالغان هەممە ئەتراپىڭ يېشىللىق تونىغا، قەشقەر.

يۇيۇنساڭ نۇر بىلەن تاڭدا جۇلالار توز كەبى چېهرىڭ،
گۈزەل قىزلار ياساندەك خۇشاللىق تويىغا، قەشقەر.

قۇلاق سالساڭ جاراڭلايدۇ ئاشىقلار ناخشىسى كۆكتە،
يىگىت ـ قىزلار قۇرار بەزمە گىتار ئېپ قولىغا، قەشقەر.

تېخىمۇ گۈللىگىن ـ ياشنا، تولۇپ ئايدەك جامالىڭغا،
ساڭا سادىق يۈرەكلەرنى سېلىپ ئىشق ئوتىغا، قەشقەر.

**ئىمام مۇهەممەت**

## ئىككى شېئىر

### ئەينەكنىڭ باياني

ئەينەكلىكتىن چېقىلدىم، سۇندۇم،
بەزىلەرگە كۆرسىتىپ نۇقسان.
كۆرسەتمىسەم بولۇر نە رولۇم؟
مېنى شۇنداق ياسىسا ئىنسان.

قىلساڭمۇ گەر مېنى مىڭ پارچە،
ئىللەتىڭنى كۆرسىتەر پارەم.
يوشۇرساڭمۇ ئىللەتىڭنى سەن،
ئاخىر بىر كۈن بىلەر خەلقى ئالەم.

### ئۆرنەك ئالدىم

كېچە ـ كۈندۈز يورۇتۇغلۇق تۇرسىمۇ،
كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسا يىدۇ لامپۇچكا.

ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلىشتەك،
ئالىيجاناب روھ دىلىدا بولغاچقا.

كۆڭلىگە زور پىلانلارنى پۈكسىمۇ،
بەزىلەردە چىدام بىلەن غەيرەت كەم.
كىر گۈزەلمەس شۇڭا ئۇلار هاياتقا،
ئەل ـ جامائەت زوقلانغۇدەك ياخشى تەم.

ئۆرنەك ئالدىم لامپۇچكىدىن دوستلىرىم،
ئاشتى غەيرەت ـ شىجائىتىم، جۇر ئىتتىم.
ئىللەتىمنى يىلتىزىدىن قۇرۇتتۇم،
شان ـ شەرەپلەر قۇچۇشقا بار قۇربىتىم.

**مەھەممەت تۇرسۇن يالغۇزەك**



# داۋاگەر ئوغرى

— گەلەمنى ئوغرى ئالغان ئوخشايدۇ، دادىسى. يەنە نېمىلەرنىڭ يوقالغانلىقىغا قاراپ باقايلى، — دېدى.

ئايالىم بىلەن ئۆيدىكى نەرسىلەرگە بىر باشتىن قاراپ چىقتۇق. ئۆيدىن ئىككى پارچە گىلەم، ئۈچ قوي، بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى ۋە قىزىمىز سەيدىگۈلنىڭ تويىغا ئاتاپ يېقىنىدىلا ئېلىپ قويغان لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئوغۇرلىنىپ كېتىپتۇ. ئايالىم بۇ نەرسىلەرنىڭ يوقالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە زادىلا كۆزىدىن يېشى قۇرۇمىدى.

مەنمۇ ھالال مېھنەت بىلەن تاپقان شۇنچىۋالا نەرسىلىرىمىزنىڭ بىر كېچىدىلا ئوغۇرلىنىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ جىمىپلا كەتتىم. قولۇم — قوشنا، مەھەللە — كويىمىزنىڭ ھالىمىزغا ئېچىنىپ كۆپ تەسەللىي بېرىشتى. ئايالىم ئالدىغا ئۈچرىغانلىكى كىشىلەرگە:

— بىزنى نەس بېسىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ھەر يىلى بىزنىڭ مال — مۈلكىمىز زىيانغا ئۇچرامدۇ؟ تېخى يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىلا ئوغرىنىڭ كاساپىتىدىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلغان ئەمەسمىدۇق، ئۆلگىنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك مانا ئەمدى بىزنى يەنە پالاكەت

مەن قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىدىن بالا — چاقىلىرىمنى ئېلىپ ئائىلىمگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆي بېساتلىرىمنىڭ ئوڭتەي — توڭتەي قىلىۋېتىلگەنلىكىگە كۆزۈم چۈشتى — دە، شۇ ئان كۆڭلۈمگە «ئوغرى» دېگەن دەھشەتلىك بىر خىيال كەلدى.

ئايالىم مايسىخان بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش، كەلگۈلۈك دائىم بىزگىلا كېلەمدىغاندۇ؟ — دەپ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نالە — پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، مايسەم مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ:

باستى، - دەپ قايغۇ، ئەلەمنى كۆز يېشى ئارقىلىق چىقىراتتى. دېمىسىمۇ، تېخى يېڭىدىلا ئۆيىمىزگە ئوغرى كىرىپ، ئائىلىمىزنى پوستى سويۇلغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويغانىدى.

ئۇستى-ئۇستىلەپ كەلگەن بۇسورۇقچىلىقتىن كېچىلىرى ئۇيقۇم قېچىپ كىرپىك قاقماي چىقاتتىم. مېنىڭ جىمغۇر بولۇپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مانا شۇ ئىدى. غەم-قايغۇلىرىمنى ئايالىم ۋە بالىلىرىمدىن يوشۇراتتىم. ئۇلار مېنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ جاراھىتى ئۇستىگە تۇز سەپكەندەك بولۇپ كۆڭلى تېخىمۇ بىسەرەمجان بولاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن كەتكەندۇ. ‹جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان›، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ ئۆزىمىزنى بىئارام قىلمايلى. ھەسرەت - نادامەت قىلغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟» دېگەن گەپنى ئاغزىمدا قىلسامۇ، لېكىن، كۆڭلۈمدە ھەرگىزمۇ ئۇنداق دېمەيتتىم. قوشلاپ كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىك ماڭا قاتتىق تەسىر قىلىپ، روھىي ھالىتىمنىمۇ باشقىچە بىر خىل قىلىپ قويغانىدى.

مەن بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئوغرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئىزدەپ تېپىشىغا قاراپ تۇرماي، ئۆزۈممۇ بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم.

مەن كوچىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ناتونۇش كىشىگە — مەندە گۇمان قوزغىغان ھەر بىر ئادەمگە شۈبھە بىلەن قاراشقا باشلىدىم. لېكىن، ئۇلار مېنىڭ گۇمانلىق تەرىزدە قارىشىمغا بىر خىل ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ ئۆتەتتى. ئىشلار مۇشۇ بويىچە كېتىۋەردى. ماللىرىم ئوغۇرلانغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچبىر ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدۇق. ئوغرىنىڭ تۇتۇلۇپ، مال-مۈلۈكلىرىمنىڭ قولۇمغا قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا سۈرگەن شېرىن ئارزۇ، ئۈمىدلىرىم بارا-بارا شامالدا توزۇپ كەتكەن توزغاقتەك ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

بەخت بار يەردە بەختسىزلىك، شادلىق بار يەردە قايغۇ بولۇپ تۇرغىنىدەك، مېنىڭ ئارامى خۇدا ئۆتۈۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشۇمنىڭ بىر كېچىدىلا شۇنچە چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى ئوغرىنىڭ كاساپىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىم ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئوغرى دېگەن نەرسە مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ باقسۇنچۇ قېنى، پۇت - قوللىرىنى چېقىپ تاشلاپ، كىشىلەرگە ئەبەدىي يامانلىق قىلالمىغىدەك ئەدىپىنى بەرمىسەم ھېساب ئەمەس، دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈرگەن بولسامۇ، بۇ ئوي پەقەت ئوي پېتى قېلىۋەردى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئوغرى تۈگۈل، چاشقانمۇ مېنىڭ بوسۇغامدىن ئاتلىمايدىغان بولۇپ قالدى.

مېنىڭ قولۇمغا ئاسانلىقچە چۈشۈپ قالمايدىغان كالتە پەم ئوغرىمۇ تېخى بۇ دۇنيادا يوق ئوخشايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ لەنىتى مەلئۇننى قاچانلا بولمىسۇن قولغا چۈشۈرۈپ، ئەتىمىنى ئالمىسام مېنىڭ قانداقمۇ دەردىم چىقسۇن؟! كۆزلۈك ھوسۇلنى يىغىۋالغاندىن كېيىنلا كەيپىياتىمدا باشقىچە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىشكە ھۆددىگە ئالغان ئوتتۇز مو باغ ۋە يەردىن مول ھوسۇل ئالغانلىقىم سەۋەب بولدى. مانا ئەمدى جىمغۇر-

لۇقۇم، غەم - ئەندىشە، قايغۇ، ھەسرەتلىرىم يوقاپ، خىيالىم يەڭگىللەپ جانلىنىپ قالدىم. باغ ھەم زېمىندىكى مەھسۇلاتلاردىن قولۇمغا بىر مۇنچە پۇل چۈشتى. ئايالىم بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئۆيىمىزدىن يوقالغان نەرسىلەرنى قايتىدىن سېتىۋالغاندىن تاشقىرى، بىر دانە ئۆكۈزمۇ ئېلىپ قويدۇم. تۇرمۇشىمىز بۇرۇنقىدەك توق، باياشات، ھېچكىمگە، ھېچنىمىگە ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ. مەھەللىكويدىكىلەرمۇ بىزنىڭ غەيرەت - شىجائىتىمىز، قۇلدەك ئىشلەپ بەگدەك خەجلىشىمىزگە قايىل.

× ×

ئەتىگەندىلا باشلانغان كەچكۈزنىڭ جۇدۇنلۇق شامىلى دەل - دەرەخلەردىكى ئاخىرقى غازاڭلار ۋە ئېگىز ئۆگزىلەرگە بېسىلغان ئوت - چۆپلەرنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. كەچكى شەپەقتىن كېيىن، ئەتراپقا گوگۇم پەردىسى تارتىلىپ بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. تېخى بايىلا مومىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن قىزىم سەيدىگۈل نەچچە كۈن ئىچىدە مومىسىغا نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. خېلىدىن بېرى سەيدىگۈلنى كۆرمىگەچكە، بەكمۇ سېغىنغانىدىم. شۇڭا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قوشۇلۇپ ئۇزاققىچە پاراڭلاشتىم. ئەل ياتقۇدىن كېيىنلا ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپ قالدۇق، ئايالىم بىلەن قىزىم بىر دەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. مەن ئۇزاققىچە ئۆيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. سىرتتا چىقىۋاتقان بوراننىڭ دەل - دەرەخلەردىن ئىسقىرت چىقىرىپ شاۋقۇن پەيدا قىلىشى، قورو ۋە ئې-غىل ئىشىكلىرىنىڭ بىر خىل تېنىمسىز غىچىرلاشلىرى ئۇيقۇمغا بەرھەم بېرەتتى. شۇ ۋەجىدىن بىر نەچچە قېتىم قولۇمنى يوتقانغا بۈكۈپ ياتقان بولساممۇ بەربىر ئۇيقۇم كەلمىدى. بىر - ئىككى قېتىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆزۈمچە ھويلىغا چىقىپ يەنە قايتىدىن كىردىم - دە، ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. لېكىن ئۇخلاش ئۈچۈن ھەر قانچە ئۇرۇنۇپ باقساممۇ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، كۆزۈم ئەمدىلا تېنى ئۇيقۇغا ئىلىناي، دەپ تۇراتتى، ئۆگزىدىن كەلگەن شەپە بىلەن تەڭ، يۈرىكىم ئاغقاندەك بولۇپ كۆزۈم ئېچىلىپ كەتتى. پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم. ھويلا ئىشىكلىرىنىڭ بوراندىن جالاقلىغان، ئۆگزىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ شالدىر - شۇلدۇر قىلغان ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشماقتا ئىدى. ھويلىمىزدا مۈشۈكنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قاتتىق مىياڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھىم، قوشنىمىزنىڭ ھېلىقى قارا مۈشۈكى بايا بىزنىڭ ئۆگزىگە سەكرەپ چۈشكەن ئىكەن - دە، دەپ ئويلىنىپ، مېنى بۇنچىۋالا ئەنسىزلىككە سالغان مۈشۈكنى ئىچىمدە بىر مۇنچە تىللىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، ئەمدى كۆزۈمنى يۇماي، دەپ تۇرۇشۇمغا، قاپقارا بىر كۆلەڭگىنىڭ دېرىزە ئالدىدىن لەپپىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بېشىمنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ، دېرىزە تەرەپكە قارىدىم. شاخ - شۇمبۇلارنىڭ شالدىر - شۇلدۇرى، ئىشىكلەرنىڭ غىچىر - غۇچۇرلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. نېمىلا بولمىسۇن ماراپ باقاي، دېگەن خىياللارنى كۆڭۈل خاتىرەمدىن ئۆت-

كۆزۈپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە،
پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، دېرىزىگە يۈ-
زۈمنى چاپلاپ ھويلىغا قارىدىم. ھويلا
قاراڭغۇ، بىر نەرسىنى پەرق ئەتمەك بەك-
مۇ قىيىن ئىدى. خېلى ئۇزۇن غىچە جىمجىت
تۇرۇپ ئەتراپىمنى كۆزەتكەن بولسا مۇ،
ھېچقانداق ئەھۋال سېزىلمىگەندىن كېيىن،
كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئور-
نۇمغا بېرىپ ياتا يمىكىن، دەپ تۇرۇشۇمـ
غا، «تاراق، تاراق» قىلغان ئاۋاز ئاڭ-
لاندىيۇ، ھايال ئۆتمەي جىمىپ كەتتى.
مانا ئەمدى يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ، سۇر
بېسىۋاتقاندەك يۈزلىرىمدىن بىردىنلا تەر
چىقىپ كەتتى. مەن دېرىزىگە يۈزۈمنى تې-
خىمۇ مەھكەم يېقىپ، ئېغىل تەرەپكە قا-
رىدىم. ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سەل ـ
پەل مىدىرلاۋاتقان بىر قارا كۆلەڭگىنى
ئاران پەرق ئەتتىم ـ دە، ۋۇجۇدۇم ھا-
ياجاندىن لەرزىگە كەلدى. ئوغرىنى قول-
غا چۈشۈرۈش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەن-
لىكىدىن يۈرىكىم قاپتەك يوغىنىدى. مەن
ئۈـوـيـاق ـ بـوـيـاقـنـى سـىـلاشـ
تۇرۇپ، كەتـمـەن سـېـپـىـنـى
قولۇمغا ئېلىپ، دېرىزە يېنىغا كېلىپ ئې-
غىل تەرەپكە قاراپ تۇرۇشۇمغا، ھېلىقى قا-
را كۆلەڭگۇ ئېغىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئىشىكنى
ئاستاغىنا ئېچىپ، چاققانلىق بىلەن پۇ-
تۈمنىڭ ئۇچىدا شەپە چىقارماي بېرىپ،
ئېغىل ئىشىكىنى جاققىدە يېپىپ، ئىلمەكنى
شاققىدە ئىلىۋالدىم.

— ئادەم بارمۇ… تېز كېلىڭلار!
ئو…غرى… ئوغرىنى تۇتۇۋالدىم! ـ دەپ
بار ئاۋازىم بىلەن قايتا ـ قايتا ۋارقى-
رىدىم. ئايالىم بىلەن قىزىم ھويلىغا يۈ-
گۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارمۇ چۇقان سېلىشقا باش-
لىدى. قوشنىمىز كېرىم ئاخۇن بىلەن سە-
مەتاخۇنلار ھويلىغا كىرىشتى. مەھەللە بىر-
دەمدىلا تەۋرەپ كەتتى. يەنە بىر نەچچە
ئائىلىلىك كىشى بىزنىڭ ھويلىمىزغا
كىرىشتى.

بىر چاغدا ئېغىل ئىچىگە قامىلىپ قال-
غان ئوغرىنىڭ يىغلامسىراپ يالۋۇرغان
ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جېنىم ئاكا، مېنى چىقىرىۋېتىڭ.
ئادەم يىغماڭ، مەن ئوغرى ئەمەس. خۇدا
ھەققى مەن ياخشى ئادەم.

— ھەي، قارا يۈز، سەن تېخى ئوغرى
ئەمەسمۇ! ئوغرى بولمىساڭ يېرىم كېچىدە
نېمە قىلىدىغان مەلئۇنسەن؟ ـ دەپ ۋارقى-
رىدىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— ياق! مەن ئوغرى ئەمەس. مەن
سىزگە كۆيئوغۇل بولىدىغان يىگىت. ھويلى-
دىكى كىشىلەرنى چىقىرىۋېتىڭ، بىكار سەت
بولىدۇ.

ئايالىم مېنى بىر ياققا تارتىپ:

— ھوي، بۇ سەيدىگۇلنىڭ ھېلىقى بىر
نېمىسى ئوخشىمامدۇ؟ ماۋۇ ئادەمنىڭ ئو-
سال قىلىقىنى قاراڭ. تېزراق ماۋۇ خەقلەرنى
چىقىرىۋېتىڭلار. قىز چوڭ قىلغان كۇناھىمى-
غا مېنى نومۇسقا ئۆلتۈرىدىغان بولدى.
ۋاي ئېسىت، ـ دەپ پېشانىسىغا پاققىدە بىر-
نى قويدى.

— ھەي ئەقىلسىز، بۇنى سەيدىگۇلنىڭ
ھېلىقى بىر نېمىسى دەمسىنا، تېخى: يېرىم
كېچە بولغاندا سەيدىگۇلنىڭ ھېلىقى بىر
نېمىسى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ـ دەپ
ئايالىمغا ئاچچىقلاندىم.

— ۋۇيىيەي، بېشىڭلىدىن ياشلىق ئۆت-
مىگەندەك گەپ قىلمىساڭلىچۇ، ياشلىق دې-
گەننىڭ كېچە ـ كۈندۈز بىلەن نېمە كارى.
سەيگۇلدەك ۋاقتىمدا كېچىنى كېچە

دېمەي مېنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلگىنىڭلىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلىمۇ؟

ئەتراپتىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلەنگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ، «ئۇ سەيدىگۈلنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنغۇ. ئۇنىڭ ‹مەن سىزگە كۆيئوغۇل بولىدىغان يىگىت›، دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ...؟» دەپ ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سەمىتاخۇن بىلەن كىرىمخۇنلار:

— ھە، ئىش مۇنداق ئىكەندە. بولدى-بولدى، بىز چىقىپ كېتەيلى، — دەپ جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— ھەي، ئېزىز قوشنىلار، نېمە دېگەنىڭلار بۇ؟ سىلەر مۇشۇ كاززاپ ئوغرىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەمسىلەر؟ ئۇ، قىزىمنىڭ ئوبيېكتى ئەمەس، مېلىمنىڭ ئوبيېكتى، جېنىمنىڭ ئوبيېكتى! — دەپ قەھرىم بىلەن ۋارقىرىدىم.

جامائەتنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ئوغرى يەنە ۋۇۋانىغا كىردى:

— جېنىم ئاكا، مەن جېنىڭىزنىڭ، مېلىڭىزنىڭ ئوبيېكتى ئەمەس، قىزىڭىز سەيدىگۈلنىڭ ئوبيېكتى. خەقلەرنى تېزراق چىقىرىۋەتمىسىڭىز ئۆزىڭىز پۇشايمان قىلىسىز، ئۇنداق كاجلىق قىلماڭ.

جامائەتلەر ئىچىدە يەنە كۇسۇر - كۇسۇر گەپلەر پەيدا بولدى:

— ھەي، بۇ ياشلارنىڭ ئىشىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

— ھەر قانچە بولسىمۇ خەقنىڭ ئۆيىگە يېرىم كېچىدە كەلگەن بارمۇ؟

ھەي، بۇلار ساراڭلىق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ ئەگەر ئۇ سەيدىگۈلنىڭ ئوبيېكتى بولمىسا، بۇنچە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئۇنداق دېيەلەمتى؟ ئەگەر مەنمۇ بۇ ئوغرىنىڭ باياتقى ھەرىكەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، بۇ يىگىتنى قىزىمنىڭ ئوبيېكتى ئوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمدى مەن ئۇنىڭ ھىلە - مىكىرىسىگە ئالدىنىدىغان ئەخمەق ئەمەستە. شۇڭا، نومۇستىنمۇ ياكى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ باياتىن بېرى بىر ئېغىز گەپ قىلالماي لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قىزىمغا ۋارقىرىدىم:

— سىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتامسىز ياكى ئۇ ئوغرى سىزنىڭ ئوبيېكتىڭىزمىتى، نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسىز؟

— خالايىق، ئۇنىڭ گېپى يا... يالغان. ئۇ... ئۇ... ئوغرى. ھەي، نومۇسسىز يالغانچى، ئۇ... ئۇ... ئوغرى...، — سەيدەم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي غەزەپلەنگەنلىكىدىن يىغلاپ كەتتى.

كىمدۇر بىرسى قول چىرىغى كۆتۈرۈپ كەلدى. بىز ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئوغرىنى ھويلىغا سۆرەپ چىقتۇق. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي ئۆچكەن بولۇپ، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ، لاغىلداپ تىترىمەكتە ئىدى.

مەن ئاغامچا بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچەس باغلاۋېتىپ سورىدۇم:

— ئەمدى گەپ قىلە، ھەي نومۇسسىز ئەبلەخ، سەن كىمنىڭ ئوبيېكتى؟ گەپ قىل!

— ...

ئۇ زۇۋان سۈرەلمەي لاغىلداپ تىترەيتتى، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلالمايتتى.

سەمىتاخۇن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— مەن سەيدىگۇلنىڭ ئوبيېكتىنى، دېـ
گەندىن كۆرە، ئېغىلدىكى ئۆكۈزنىڭ ئوبيېكـ
تنى ئىدىم، دېسەڭ بولماسمىدى، ئاغـىنە؟!
دېدى.

هويلىمىزغا توپلاشقانلار ئىشىنىڭ تېـ
گى – پېيىگە ئەمدى يەتتى بولـغاي، ئۇـ
لارمۇ ئوغرىنى هەر تەرەپتىن تىللاپ ئەـ
يىبلەشكە باشلىدى. سەيدەم ئوغـرىنىڭ
باشتىن – ئاياقىغا بىر قۇر قاراپ چىققانـ
دىن كېـيىن:

— هەي، نائەهلى ئىپلاس، سەن تېخى
تارتىنماستىن مەن سىزگە كۈيئوغول بولـ
دىغان يىگىت دەيسىنا!؟ – دەپ يۈزىگە بىر
نەچچىنى تۈكۈردى.

بۇ ئوغرىنىڭ مېلىمىغا قەست قىلغىنىنى
ئاز كەلگەندەك، قىزدىغىمۇ ئاهانەت قىلغىـ
نىغا ئاچچىقىم كېلىپ، مەن ئۇنى:

— مانا سېنىڭ ئوبيېكتىڭ! – دەپ قاـ
سىلدىتىپ راسا دۇمبالاشقا باشلىدىم. قوشـ
نىلار قولۇمغا ئېسىلىۋېلىپ ماڭا تەسەللىي
بەرگەندىن كېيىنلا، ئوغرىنى هېلىقى ئېغىلـ
غا قاماپ، ئۆكۈزنىڭ يېنىغا باغلاپ قويدۇم.

قوشنىلار بىر – بىرلەپ تارقاشتى. ئوغـ
رىنىڭ قولىنى چەمبەرچەس باغلاپ، ئېغىلغا
سولاپ قويغان بولساممۇ، خاتىرجەم بولالـ
ماي هويلىدا كەتمەن سېپىنى تۇتقان پېـ
تى ئېغىلدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ
تاڭ ئاتقۇزدۇم. تاڭ ئاتـقاندىن كېيىن،
كۆردۈمكى، ئوغرى يىـگىرمە بەش ياشـلار
ئەتراپىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، قاراقاش،
قاڭشارلىق، ئەمما بىر پۇتىنى سەل سۆرەپ
ماڭىدىغان قاۋۇلغىنا بىر يىگىت ئىكەن.

مەن كەتمەن سېپىنى تاشلىۋېتىپ، ئېـ
شەك تايىقى بىلەن ئۇنى ئېغىلدىن چىقارـ
ماي تازا ساۋاشقا باشلىدىم. ئۇنىڭدىن
ئۆتكەن قېتىممۇ شۇ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرـ
گەن – كىرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلسام،
ئۇ بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم ئوغرىلىققا كىرـ
گەنلىكىنى، تاغىسىنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەهەلـ
لىدە بولغاچقا، قىز دېمىنىڭ ۋە ئۆكۈزۈمـنىڭ
بارلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۆكۈزنـى ئوـ
غۇرلاش ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ يۈرگەنلىكىـ
نى ئىقرار قىلدى. ئۆيۈمدىن ئوغرىلانغان
نەرسىلەرنى ئەسلىگە نىسبەتەن ئۇتۇق ئۇسـتىگە
بېنىزدىن چاچقاندەك بولۇپ، بۇ ئوغرىنى بوـ
غۇزلاپ تاشلىغىم كېلىپ كەتتى.

مەن ئۇنى بالدۇرراق ئىقـرار قىلدۇـ
رۇپ، مال – مۈلۈكلىرىمنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن، هېلىقى تاياقنى تاشـلىۋېتىپ، بىر
تال يىپنى داق بىـلەن مانا ئەمـسە دەپ
تازا سالغان بولساممۇ، ئۇ ئىقرار قىـلماي
تۇرۇۋالدى. ئۇ ئىـقرار قىلـمىش ئورنىغا،
يەنە تېـخـى ئۇشـشۇ قـىلۇق قـىـلـىپ :
«ۋايجان...! ۋاي... قولۇم...!»، دەپ، ئاغـ
رىق ئازابىدىن چىرايىـنى پـۈرۈشتۈرۈپ،
هەدەپ ۋايسىماقتا ئىدى.

بىز بار يەردىن ناهىيىلىك جامـائەت
خەۋپسىزلىك ئىدارىسى خېلىلا يىراقتا بولـ
غانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن يەنـە بىر كېـچە –
كۈندۈز مۇشۇ ئېغىلغا سولاپ قويۇپ ئەدەپ
جازاسىنى بېرىش ئارقىلىق ئىقرار كەلتۈـ
رۈپ، ئەتە يەكشەنبە ناهىيە بازىرىغا بارـ
غاچ بۇ ئوغرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىـ
دارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى مۇۋاپىـق
كۆردۈم.

× ×

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگـەندە ئورنۇمـ
دىن تۇرۇپ، ناهىيىلىك جامائەت خەۋپسىزـ
لىك ئىدارىسىغا ئوغرىنى ئېـلىپ كەلدىم.
بىزنى جىددىي ئىشلار بۆلۈمىدىن بىر ساقچى
قوبۇل قىلدى.

مەن بولغان ئەهۋالنى تولۇق سۆزلەپ

بېرەي، دەپ ئەمدى ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تۇرۇشۇمغا، ساقچى سورىدى:

— بۇنىڭ قولىنى سىز باغلىدىڭىز مۇ؟

— ھەئە.

— دەرھال يېشىۋېتىڭ! — ساقچى ماڭا جىددىي بۇيرۇق قىلدى.

مەن ئۇنىڭ قولىنى يەشتىم. ئوغرىنىڭ يۈز ۋە پۇت - قوللىرىدىكى تاياق ئىزىنى كۆرگەن ساقچى يەنە سورىدى:

— بۇنى سىز ئۇرۇپ زەخىملەندۈردىڭىز مۇ؟

— ھەئە.

ساقچى ماڭا ھومايغاندەك بىر خىل قىياپەتتە قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ قارىشىدىن بۇ كىشىنىڭ ماڭا تازا ياخشى قاراشتا بولمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بۇ ئوغرى مۇشۇ ساقچىنىڭ تونۇشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— بۇنى نېمە جىنايەت بىلەن بۇيەرگە باغلاپ ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ساقچى.

مەن بولغان ئەھۋالنى، بولۇپمۇ، ئائىلەمگە ئۈچ قېتىم ئوغرى كىرىپ مېنى خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانلىقىنى، بۇنى قاتتىق جازالاپ بەرمىسە، رازى بولمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ساقچى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئوغرىدىن سورىدى:

— سېنىڭ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىڭ راستمۇ؟

— ...

ئوغرى جاۋاب بېرىش ئورنىغا ھۆڭ-رەپ يىغلاپ كەتتى.

ساقچى يەنە بايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى.

— راست. لېكىن مېنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، بىر يېرىم كۈنگىچە ئېغىلغا قاماپ قويدى. ئۇنى ئازدېگەندەك، پۇت - قوللىرىمنى باغلاپ بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرغانلىقتىن بېشىم يېرىلىپ، بىر قولۇم سۇندى. ھەتتا بۇرۇنقى يوقالغان نەرسىلىرىمنى...

— سىز راستىنلا شۇنداق قىلدىڭىز مۇ؟ — ساقچى ھەيران بولغان قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— ئەلىمىمگە چىدىمىغانلىقىمدىن يوقالغان نەرسىلىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالاي، دەپ راست شۇنداق قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا، شۇنداق قىلغانلىقىڭىز توغرىسىدا بىر نېمە يېزىپ بېرىڭ، — دەپ بىر پارچە ئاق قەغەز بىلەن قەلەمنى ئالدىمغا قويدى.

— خۇدايىم تۇۋا، ماۋۇ ساقچىنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىدۇ. چەزمەن بۇ ئوغرى بۇنىڭ تۇغقىنى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىسا...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ چاپسان بولۇڭ! — دېدى ساقچى.

ئىچىمدە ئويلىغانلىرىمنىڭ تېشىمغا چىقىپ كېتىپ ساقچىغا ئاڭلىنىپ قالغىنىنى مانائەمدى بىلدىم. ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمدىن گەپ قىلالماي، باياتىن دېگەن گەپلەرنى قاغا پۇتىدەك سەت خەتلىرىم بىلەن ھېلىقى قەغەزگە يېزىپ بەردىم.

ساقچى ئادرېسىمنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋېلىپ:

— بولدى، سىز ئەمدى قايتىپ كېتىپ تۇرۇڭ. بىز ئەھۋالنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، يەنە سىزنى چاقىرتىمىز، — دەپ ھېلىقى ئوغرىنى دولىسىدىن ئىتتىرىپ تالاغا ئېلىپ ماڭدى. شۇ پەيتتە ھېلىقى ئوغرى ئارقىغا تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، مېنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنى جازالاپ بەرمىسەڭلار رازى بولمايمەن. ئۇ بېشىمنى يېرىۋەتتى، قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قىلمىشى قانۇنغا

خىلاپ! — دەپ ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. مېنىڭ بولسا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلگۈم كەلدى...

ئەتىسى ناشتا قىلىپ ئولتۇرسام، ھويلىدا ئىككى ساقچى پەيدا بولدى. خوشلۇقتىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم، ئۇلار ئۆيگە كىرىشنى رەت قىلدى ۋە ماڭا قىلغان مۇئامىلىسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئانچە يېقىملىق بولمىدى. مەن چۈشىنىكسىز بىر خىل قىياپەتتە ئۇلارغا قارىدىم. ئۇلار مېنى ساقچى ئىدارىسىدىن چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى.

مېنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، تۆنۈگۈنكى ھېلىقى ساقچىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ساقچى مېنى كۆرۈش بىلەنلا:

— قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، سىزگە مەمۇرىي توختىتىش جازاسى بېرىلدى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ قەتئىي نىيەت ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىدىن، بۇ سۆزنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى بىلىپ ناھايىتى ھەيران بولدۇم.

— مەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ نېمە قىلدىم؟ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغۇدەك ھېچ ئىش قىلغىنىم يوققۇ!

— ھەر قانداق ئورۇن ۋە ھەر قانداق شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا قاماقخانا قۇرۇپ ئادەم سولىشى ۋە كىشىلەرنى ئۇرۇپ جىسمانىي جەھەتتىن زەخمىلەندۈرۈشى قانۇنغا خىلاپ. سىز مۇشۇنداق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتنى قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، قانۇنىي جازاغا تارتىلىشقا لايىقسىز.

— مە... مەن بۇنداق بۇ... بولۇشىنى بىلمەپتىمەن. بۇنداق بولسا ماڭا...

— ئەمدى سىز بۇ توغرىدا كۆپ گەپ قىلماڭ! ھەقىقەتەن مۇشۇ قانۇنىي مەسىلىدە سىز كەتكۈزۈپ قويدىڭىز. شۇڭا، بىز ئوغرىنىڭ ئۈستىڭىزدىن قىلغان دەۋاسىنى تەكشۈرۈپ، سىزگە مەمۇرىي جازا بېرىشنى لايىق كۆردۇق.

— ھېلىقى ئوغرىنىچۇ؟

— ئۇنىڭ بۇ ئەنزىدىن سىرت ئىككىنچى بىر ئەنزە بىلەنمۇ چېتىشلىقى بارلىقى ئېنىقلاندى. ئۇ ھازىر تۇرمىدە. باشقا ئورۇنلارغىمۇ ئوغرىلىقتا كىرگەنلىكى تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

— باشلىق، مېنىڭ بىر ئوغرىنى بىر پېرىم كۈن سولاپ قويغانلىقىم، ئانچە — مۇنچە ئۇرغانلىقىم راستىنلا جىنايەت بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە جىنايەت بولىدۇ. ئادەملەر ئۆز ئالدىغا سولاقخانا تەسىس قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزى خالىغانچە باغلىسا، سولىسا، ئۇرسا ئۇ نېمىشقا جىنايەت بولمايدىكەن؟ بۇنداق ئىشلارغا يول قويۇلىدىغان بولسا، قانداقمۇ قانۇننى ئىجرا قىلغىلى، كىشىلەرنى باشقۇرغىلى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى، جامائەتنىڭ ئامانلىقىنى قانداقمۇ ساقلىغىلى بولىدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ساقچىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بولدۇم، بارلىق ئېسيادىم ئۆز تەقدىرىمنى ئويلاش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ساقچىنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ساقچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ — يۇمۇلۇۋاتقانلىقىدىن سۆزلەۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. خاتا ئىش قىلىپ، جىنايەت سادىر قىلىپ قويغانلىقىمغا چوڭقۇر پۇشايمان قىلىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئەمدى بىر نېمە دېيىشىمنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلىپ، پېشانەمنى تۇتقان پېتى لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم...

مۇساجان قاۋۇل

# «ئەۋلىيا» غا يولۇقۇش

(ھېكايە)

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
قاسىم بىلەن ئىككىمىز دۇكاندىن يې-
نىپ، ئۆز پاراڭلىرىمىز بىلەن كېتىۋاتا تت-
تۇق. تۇيۇقسىز، ئۇدۇل تەرىپىمىزدىن
قىزىل يۈزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، بېشىغا
قازاندەك سەللە ئورىۋالغان، قويۇق سا-
قاللىرىغا ئاندا - مۇندا ئاق سانجىلغان
سالاپەتلىك بىر ناتونۇش ئادەم بىزگە
سالام قىلىپ كەلدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.
ئۇ، ئىككىمىزگە تازا بىر سەپ سېلى-
ۋالغاندىن كېيىن، مەن بىلەن ئادەتتىكى-
چە كۆرۈشتى. ئاندىن قاسىم بىلەن خۇددى
كونا تونۇشلاردەك قول ئېلىشىپ قىزغىن
كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن تۇ-
تۇپ، ئالقانلىرىدىكى سىزىقچىلارغا مەنى-
لىك قاراپ قويدى - دە، گويا رەڭدە بو-
ياپ قويغاندەك قىپقىزىل يۈزىدە بىلىنەر-
بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.
— ئى ھەممىگە قادىر ئاللا، - دې-
دى ئۇ ئاسمانغا قاراپ ساقىلىنى سى-
لىغان ھالدا، - سەن ماڭا ئىرادە قىلغان
ئادىمىڭ بىلەن ئاخىر ئۇچراشتۇردۇڭ.
ھەممىتىڭگە يۈز مىڭ قەترە شۈكرى.
ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن، ئىتتىك قاسىمغا بۇ-
رۇلدى ۋە:
— ئىسمىڭ قاسىم. كەسپىڭ ناۋاي.
ئۆزۈڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان. سەن باي-
تىن بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى تۆت
كوچا دوقمۇشىدىكى خەلق بانكىسىغا ئاما-
نەت قويغان 500 يۈەن پۇلۇڭنى ئېلىپ
چىقتىڭ. ھازىر قويۇن يانچۇقۇڭدا بار،
شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
«يا ئىللاۋلا، بۇ ئادەم راستىنلا بىر
ئەۋلىيا ئوخشىمامدۇ؟ قاسىمنىڭ ئالقىنىغا
بىر قاراپلا ھەممىنى بىلىۋالدىيا؟!»
«ئەۋلىيا» قاسىمغا قاراپ سۆزىنى دا-
ۋاملاشتۇردى:
— ئى، ئاللانىڭ ئىخلاسمەن بەندى-
سى، گېپىمگە قۇلاق سال! سەن باياتىن با-
نكىدىن ئېلىپ چىققان بۇ پۇل بۇنىڭدىن
ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئاللانىڭ ئىلتىپاتى
بىلەن مېنىڭ چۈشۈمگە بىشارەت بولغان.
ئەگەر بىلمەكچى بولساڭ، ئەسلىدە بۇ
جانابى ئاللانىڭ سېنىڭ ئىخلاسمەن
بەندە ياكى ئەمەسلىكىڭنى سىناپ بەرگەن بىر
سىنىقى. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ دۇن-
يادىكى پۇل - مال ئادەمگە مەڭگۈلۈك با-
قىي ۋەندە ئەمەس، بىز مۇسۇلمانلارغا ئەڭ
زۆرۈرى — ئۇ دۇنيا ئۈچۈن سەرمايە توپ-
لاش، ئاخىرەت ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈش-
تۇر … سېنىڭ ئالدىڭدا ھازىر ئىككى خىل
يول تۇرۇپتۇ. بىرى، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن
كۆپرەك سەرمايە توپلاپ، ئاخىرەتتە گۇ-
ناھىڭدىن مەغپىرەت قىلىنىپ، باغۇ بوس-
تانلىق جەننەتتە ھۆر - غىلمانلار بىلەن
خۇشال - خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش كۆ-
چۈرۈش؛ يەنە بىرى، بۇ دۇنيا ئۈچۈن سەر-
مايە توپلاپ، جانابى ئاللانىڭ ئالدىدا
ئاسى گۇناھكار بولۇپ، قورقۇنچلۇق

دەۋزەختە مەڭگۈلۈك ئازاب چېكىش... بۇگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى. بۇ كۈندە جانابى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن پۈتكۈل يەتتە قات ئاسمان، ئەرش - كۈرسلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، بارلىق مالائىكىلەر بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن زېمىنغا نەزەر سالىدۇ. مەن مۇشۇ خاسىيەتلىك كۈندە ساڭا جانابى ئاللانىڭ كۆزى بىلەن بىر نەزەر سېلىپ قوياي، سەن پۈرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمە، غەيرەتلىك بول، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدانما، سېنى ياراتقان جانابى ئاللانىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەر!...

قاسىم ئادەتتە تونۇر بېشىدىن چۈشمەيدىغان قارا - قۇرا ناۋاي بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە خېلىلا ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆپ ھاللاردا توغرا باھا بېرەلەيتتى.

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى بەرھەق، تەقسىر! — دېدى ئۇ سىپايىلىق بىلەن، — بىز مۇسۇلمانلارغا ئەلۋەتتە ئاخىرەت ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم... ھازىرچە دېمەكچىمەنكى، خۇددى ئۆزلىرىدەك ئوخشاش، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئەشۇ ئۈچلىرىدىكى بەقسەم تون خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مېنىڭ چۈشۈمگە بېشارەت بولغان...

— ئاغزىڭنى يۇم، مۇرتەد! — دېدى «ئەۋلىيا» قاسىمنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا چالۋاقاپ، — سەن كىمگە، نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن - يوق؟

ئۇنىڭ خۇددى بىر تۇتۇم ئېيىقتەك ئۇششۇمتۇت سەت ھۆكىرىشى ئەتراپتا ئويان - بۇيان كېتىۋاتقانلارنىڭ بۇ يەرگە توپلىشىپ «تاماشا» كۆرۈشكە سەۋەبچى بولدى.

— ھۇ كاززاپ! — دېدى قاسىمۇ بوش كەلمەي، — سەن مېنىڭ 500 يۈەن پۇلۇمغا «دۇئا» قىلساڭ، مەن چىداپ بېرەمەنمۇ، ئەجەبا سەن ئۇچاڭدىكى كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بىر ئەسكى چاپىنىڭغا «دۇئا» قىلسام چىدىمامسەن؟! ساڭا ئۆزۈڭ ئېيتقان «ئاخىرەت» ئۈچۈن سەرمايە توپلاش لازىم ئەمەسمۇ - يا؟!

بايىدىن بېرى خۇددى تومۇز چېكەتكىسىدەك سايراپلا كەتكەن «ئەۋلىيا» نىڭ بىردىنلا زۇۋانى تۇتۇلغاندەك، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئەمما، كالپۇكلىرىدىنى مىتىلدىتىپ ئىچىدە ئاللىنېمىلەرنى دەيتتى.

— ئوغلۇم، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئەتراپتا تۇرغانلار ئارىسىدىن قىسىلىپ ئالدىغا ئۆتكەن يەتمىش ياشلارچامىسىدىكى بىر بوۋاي قاسىمغا قاراپ.

قاسىم بولغان ئەھۋالنى بوۋايغا قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

— «دۇنيا دېگەن ھارام مال، سەن تاشلىۋەت مەن ئالاي» دېگەن شۇ كەندە، — دېدى بوۋاي «ئەۋلىيا»غا غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن مىختەك قادىلىپ، — ئۇيات ئەمەسمۇ، تەقسىر! مۇنداق قىلىپ دىن ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىۋاتىسىلەرغۇ، ھالال تۇرمۇش يولى سىلىگە تېپىلماسمىدى؟!

«ئەۋلىيا» خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىر - سىدىر قىلالماي قالدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ گەپ قىلىشقىمۇ ماجالى يوقتەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇ، ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان غۇلغۇلا ۋە ئۆزىگە مىقتەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ تېخىمۇ

ئاۋۇۋاتقانلىقىدىن نېمىنىدۇر سەزدى بولغاي، ئۇستىلىق بىلەن غىپىلا قىلىپ تىكىۋەتتى.

بىر پەس غۇلغۇلىدىن كېيىن، توپلىشىۋالغانلار بىر ـ بىرلەپ تارقاشتى، بىزمۇ يولىمىزغا ماڭدۇق. «ئەۋلىـيا» نىڭ سىياقى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى.

— ئۇ ئادەمگە بۇنچىلا قوپال تېگىشىڭ لازىم ئەمەس ئىدى، — دېدىمەن قاسىمغا قاراپ، — ھېچبولمىغاندا، بېشىدىكى سەللە بىلەن ساقىلىغا ھۆرمەت قىلساڭ بولاتتى.

— «قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، چۆمۈچۈڭنىڭ ئويىنىشىغا ...» دەپتىكەن، — دېدى قاسىم بېشىنى چايقاپ، — بۈگۈن مەن، ئەتە يەنە بىرسى ئۇنىڭ ساقال، سەللىسىنى ھۆرمەت قىلساق... ئۆگۈنلۈككە ئۇ يەنە نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ — دەيسەن؟! گەپ سەللە بىلەن ساقالدا ئەمەس، ئىمانىدا.

— ئۇ قولۇڭدىكى سىزىقچىلارغا بىر قاراپلا ھەممىنى بىلىۋالدىڭغۇ؟

— بەك ساددا ئىكەنسەن، — دېدى قاسىم سەل خاپا بولۇپ، — بۇ، ئۇلارنىڭ ھېلىسى. بۇنداق ئالدامچىلار ھەرگىز يالغۇز ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئاز دېگەندە بىر ـ ئىككى كۆز ـ قۇلاقچىسى بار: بۇلار كىمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى پايلاپ يۈرۈپ، ئېپى كەلگەندە «خوجايىم» لىرىغا خەۋەر قىلىدۇ ـ دە، «خوجايىم» لىرى ئەشۇنداق «ئەۋلىيا» سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەندەك ساددا ئادەملەرنى ئالداپ، ئۆز ئىختىيارىڭ بويىچە قاپقانغا دەسسىتىدۇ...

مەن قايتا ئۈن چىقارمىدىم. لېكىن، ئىچىمدە ھېلىقى «كەشپىـكارامەتلىك ئەۋلىيا» بىلەن قاسىم ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم.

(بېشى 20 ـ بەتتە)

1990 ـ يىل 10 ـ ئاپرېل

شىركەتكە كېلىشتىن ئىلگىرى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئانچە تونۇشلۇقۇم يوق ئىدى. ئۇلار مېنى ئىزدەپمۇ كەتمەيتتى. ھازىر گېزىتخانا، تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۈچمۇ ـ ئۈچ كېلىپ، مەندىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئاۋارە قىلىدىغان بولدى. ئۇلارنى يولغا سالماق ئانچە ئاسانمۇ ئەمەس. ئابىستىراكىت گەپ، پاكىتى يوق سان ـ سىفىرلار بىلەن ئۇلار ئەسلا چىقىشالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق يېپىشىۋېلىشى مېنى غايەم ئالدىدا تەڭلىكتە قويغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىكنىڭ رازىمەنلىك بىلەن كېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەلبىمدە قانائەت ئەمەس، بەلكى، باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلەپ، كارخانا ئىشچىلىرىدىن ھالقىغان ھالدا پۈتكۈل شەھىرىمىز خەلقى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىمنىڭ لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن.

1990 ـ يىل 19 ـ ئاپرېل

ئۇھ، ئەجەبمۇ چارچاپ كەتتىم، ئەمدى قەلەمنى توختىتاي. خاتىرەمگە ئىرادەمگە قارشى ھالدا ماختىنىش سۆزلىرىمۇ يېزىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئوخشايمەن. مەن ئەيىپقا لايىق: چۈنكى، مېنىڭ ئىقتىدارىم چەكلىك، ئەگەر مېنى ئازراق ئالاھىدىلىكى بار دېيىلسە، ئۇ — ئىزدىنىشكە، يول تېپىشقا جۈرئەت قىلىش. پەقەت مۇشۇلا ئۆزۈمگە سەممىي باھا. دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش ئەڭ قىيىنلىك. مېنىڭچە، ياشاش يولى داۋاملىق ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، ئىختىرا قىلىش يولىدىن ئىبارەت. مەن بۇ يولدا مەڭگۈ ماڭىمەن!

# ئىككى ھېكايە




شەۋكەت ئىشخانىسىدا ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلگەن ئاۋازى ئۇنى شېرىن خىيالىدىن ئويغاتتى. ئىدارىنىڭ خەت-چەك تارقاتقۇچىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورققاندەك يېنىك قەدەم بىلەن ئىشخانىغا كىردى ۋە بىر پارچە خەتنى شەۋكەتنىڭ ئالدىغا قويۇپلا چىقىپ كەتتى. شەۋكەت ئېرىنچەكلىك بىلەن خەتنى ئالدى-دە، ئادرېسىغىمۇ قارىماستىن كونۋېرت ئاغزىنى يىرتتى. خەت ئادەتتىكى خەتلەرگە ئوخشاش بىر ـ ئىككى ۋاراقلا ئەمەس، كەمدېگەندە يەتتە-سەككىز ۋاراق كېلەتتى. شەۋكەت ھەيرانلىق ئىچىدە چىرايلىق قاتلانغان خەتنى ئېچىپلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى: «ئۇ ئەرز قىلماقچى بولغانمىدۇ؟» قورقۇنچلۇق بىر خىيال چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. ئۇ جانسىز گەۋدىسىنى سافاغا تاشلىغىنىچە تىترەۋاتقان ئالقانلىرى ئىچىدىكى ئۆزىگە نەپرەتلىك كۆزى بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنگەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«شەۋكەت، ياخشىمۇسەن؟ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۈچ يىل بولغاندا، ‹تۇلۇمدىن تۇقماق چىققاندەك› لا تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەن خېتىمنى كۆرۈپ ھەيران قالارسەن. ئېھتىمال، كۆڭلۈڭدە ‹ماڭا يېلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ› دەپ ئويلاپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن. ئېسىڭدە بولسۇن، مۇشۇ ياقا يۇرتتا قۇيرۇقۇمنى قۇم بېسىپ ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، سېنىڭ ئالدىڭغا باش ئۇرۇپ بارمايمەن. بەلكىم خېرىدارىڭ شالاڭلاشقان بولسا، بىردەملىك ئۆتكۈنچى ھەۋەسىياتىڭ ئۈچ يىل بۇرۇنقى ئۆچكەن ئوتلىرىڭنى قوزغىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ھەر ھالدا كۆڭلۈڭگە بولمىغۇر شېرىن خىياللارنى كەلتۈرمەستىن، خېتىمنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىققىن. بۇ خەتنى مەن ساڭا ناھايىتى جىددىي شارائىتتا يېزىۋاتىمەن.

تەقدىرنىڭ قىسمىتى كارامەت ئىكەن. ئادەم ئويلاپ خىيالىغا، ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئىشلار بولىدىكەن. بۇنى بىر تۇرۇپ ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن جازاسىمىكىن دەپ ئويلايمەن، بىر تۇرۇپ بىز قىزلارنىڭ

AltunOq

مۇشۇنداق ئاجىز بەندە ئىسكەنلىكىمىزنى
يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قويغىنىمىكىن
دەپ ئويلايمەن، ئىشقىلىپ ئەمدى مەن
ئۈچۈن بەردىبىر.

شەۋكەت، بەلكىم ئېسىڭدىدۇر، بىز ئا-
لىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئىككى يىل قا-
لغاندا تونۇشقانىدۇق. سەن — قاپقارا
بۇدرە چاچلىرىڭ، ئوتلۇق كۆزلىرىڭ، قو-
يۇق قاشلىرىڭ، شۇنداقلا قاتتىق سۆزمەن-
لىكىڭ بىلەن پۈتۈن مەكتەپكە تونۇلغان
چىرايلىق يىگىتلەرنىڭ بىرى ئىدىڭ. مەن-
چۇ، گەرچە چىرايىم سەندىن قېلىشمىسىمۇ،
مەكتەپتە كۆزگە كۆرۈنگەن بىردىنبىر
ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولساممۇ، پۈتۈنلەي سې-
نىڭ ئەكسىڭچە — كەم سۆز قىز ئىدىم. سېنى
راستىنلا ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، چۈنكى
مېنىڭ تۇنجى ياشلىق گۈلۈمنى ئېچىلدۇرغۇ-
چى — سەن ئىدىڭ. سەن بىلەن كىنو — تىيا-
تىرلارغا بېرىش، كوچىلاردا قولتۇقلىشىپ
مېڭىش مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىنارلىق
ئىش ئىدى. بولۇپمۇ ياتاقدا شلىرىم
ئالدىدا سەن بىلەن بىر يەردە بولسام خۇ-
شاللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغانغا جاي تا-
پالماي قالاتتىم. سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭ-
نى ئاڭلىسام ملا مەس بولۇپ خۇدۇمنى يو-
قىتاتتىم. كەلگۈسىدە سەن بىلەن بىللە ئۆ-
تۈشنى ئويلىسام ئۆزۈمنى دۇنيادىكى بەخت-
لىكلەرنىڭ بەختلىكىدەك ھېس قىلاتتىم. سەن
بولغۇسى تويىمىز توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقى-
نىڭدا، شۇ كېچىنى شېرىن خىياللار ئىلكى-
دە پۈتۈنلەي ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتىم. ھەر
قانداق تەلەپ-پىكىرىڭگە سۆزسىز قوشۇ-
لاتتىم، سەنمۇ مېنىڭ مۇشۇ تەرىپىمنى بەك-
رەك ياقتۇراتتىڭ.

شەۋكەت، بەلكىم ئېسىڭدىدۇر، بىز ئا يە-
رىلغان ئاشۇ جۇدۇنلۇق كېچە؟ ئۇ گەرچە
ياز كۈنى بولسىمۇ، ئوتلۇق يۈرىكىمنى
شەپقەتسىزلەرچە توڭلاتقانىدى. ئوقۇشمۇ
پۈتۈشكە ئىككى ئاي قالغان ياز كۈنلىرى-
نىڭ بىر ئاخشىمى بىز بىر لىكتە كىنوغا كىر-
دۇق. كۆڭلۈم بۇرۇنقىدەكلا خۇشال ئىدى.
كىنو گەرچە شۇنداق ياخشى بولسىمۇ، لې-
كىن تولۇق ئاخىرلاشماي لا ماڭا مەززىسى
يوقتەك بىلىندى، بەلكىم ساڭىمۇ شۇنداق
تۇيۇلغاندۇ. «سىرتنى ئايلىنىپ كىرەيلى-
مۇ؟» دېگەن سوئالىمغا سۆزسىزلا قوشۇل-
دۇڭ، بىز كوچا ئايلىنىشقا باشلىدۇق، سەن
بىز بىلەن پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان
باشقا بىر قىزنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى،
بېلىنىڭ ئىنچىكىلىكى، يىگوردىسىنىڭ چىي-
رايلىقلىقى، كىيىنىشى، گەپ-سۆزى، مې-
ڭىش-تۇرۇشى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ماخ-
تاپ، توختىماي سۆزلەشكە باشلىدىڭ. ئۇ-
نىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىنى شۇنداق
كېلىشتۈرۈپ شەيتانلىق بىلەن دورايتىڭكى،
ھەرقانچە گومۇش ئادەم بولسىمۇ ئۇچى-
يى ئۆزۈلگىچە كۈلمەي تۇرالمايتتى. سې-
نىڭ شېرىن پاراڭلىرىڭ ھېچ تۈگىمەيدىغان-
دەك ئەمەس ئىدى. سېنىڭ ئوقۇش پۈت-
تۈرگەندىن كېيىنكى تويىمىز، تويدىن كې-
يىنكى خۇشال تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا ئې-
غىزىڭ ئېچىلمىغانلىقى ئۆزىمىزنىڭ قەيەردە
ئىكەنلىكىمىز ئېسىمىزگە كەلدى. بىز شە-
ھەردىن خېلىلا يىراقلاپ قالغانىدۇق. ھا-
زىرقىدەك ئېسىمدە، بىزنى شۇ ئاخشىمى پا-
لاكەت باستى. ئارقىمىزغا قايتىپ يېرىم
يولغا كەلگەندە، ئالدىمىز تەرەپتىن چىي-
قىپ كەلگەن ئۈچ مەس كىشى بىزنىڭ يا-
داپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزگە قارىماي، قەس-
تەن جېدەل چىقاردى. يېنىمىزدا ئۇلارنىڭ
سورىغىنىدەك ئۇنچە كۆپ پۇلىمىز بولمىغاچ-
قا، بىلمىكىمىدىكى قىممەتلىك سائىتىمنى

ئۇلارغا بىرىشكه مه جبۇر بولدۇق.

شه ۋكه ت، ئه سلى بىزنى شۇ ۋاقىت، شۇ
سائه تتىن باشلاپلا پالاكه ت باسقىنلى تـۇر-
غانىكه ن. بىز ئـۇ مـه سله ردىـن قۇتۇلۇپ
مه كته پ بىناسى ئالدىغا كه لگىنىمىزده يو-
غان ده رۋازا ئاللىقاچان تاقىلىپ، هـه ي-
ۋه تلىك مه كته پ بىناسى قاراڭغۇلۇق ئـىـ
چىگه يوشۇرۇنۇپتۇ، بىز ئىلاجىسىز قالدۇق.
چۈنكى بۇ ۋاقىتتا كه چ سائه ت بىردىن ئاشـ
قانىدى. ئاخىرى سىنىڭ يول كۆرسىتىشىڭ
بىله ن شۇ كېچىسى سىرتتا قونۇپ قالدۇق...

ئه تىسى سىنىپقا كىرىپلا ھه يران قالدىم،
هه ر خىل مه نىله رده تىكىلگه ن كۆزله ردىن
زادىلا قۇتۇلالىمىدىم. ئه سلىده يـا تا قىدا شـ
لىرىم بۇ خه ۋه رنى سىنىپقا كۆتۈرۈپ كـىـ
رىپ بولغانىكه ن، ئۇلارنىڭ سوئاللىغا بىر
ئىش بىله ن شه هه رىدىكى تاغامنىڭ ئۆيىده
قونۇپ قالغانلىقىمنى باھانه قىلىپلا سـىـ
نىپتىن چىقىپ كه تتىم. پۈت - قوللىرىمسىـ
قىراپ ئاغرىپ مېنى مـاغدۇرسىزلاندۇراتـ
تى... ئۈچ كۈنگىچه ياتاقتىن چىقماي ياتـ
تىم، مېنى ئۈمىدسىزله ندۈرگىنى شۇ بولدىـ
كى سه ن مېنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىـ
دىڭ، تۆتىنچى كۈنى سېنى ئىزله پ بېرىپ
هېچيه ردىن تاپالمىدىم، كه چكىرگه نده سه ن
بىله ن داۋاملىق بىلله ئولتۇرۇپ پاراڭلىـ
شىدىغان گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا كېـ
لىپ سېنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. چۈنكى سېـ
نىڭ مېنى ئىزدىسه ڭ ياكى ساقلىساڭ مۇشۇ
يه رده ئولتۇرىدىغانلىقىڭنى بىله تتىم. ئه پـ
سۇس، شۇنچه كۈتۈشلىرىم بىكارغا كه تتى...

ئه تىسى سه ن بىله ن تاساددىپىي ئۇچرىـ
شىپ قالدىم، مېنى تونۇماي ئۆتۈپ كېتىشـ
كه تاس قالدىڭ. په قه ت مه نچاقىرغاندىلا
ئارقاڭغا يېنىپ، كه چته ساقلايدىغانلىقىڭـ
نى شۇنداق تېز ئېيتتىڭكى، سـۆزلىرىڭنى
ئاڭقىرىپ بولغىچه كۆز ئالدىمدىن غايىپ
بولدۇڭ. بىزنىڭ كه چكى سۆھبىتىمىزمۇ قىسـ
قىلا داۋاملاشتى. ده رسله رنىڭ چىڭىلىقىنى،
ۋاقىتنىڭ ئاز قالغانلىقىنى، بىكار ۋاقىت
تاپساڭلا ئىزده پ كېلىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ،
قانچه تېز كه لگه ن بولساڭ شۇنچه تېـزلا
قايتتىڭ. مه ن ناهايىتى دۆت ئـىكه نمه ن،
شۇنچه بىشاره تله رنى به رگه ن بولساڭمۇ زا-
دىلا چۈشه نمىگه نـىكـه نمه ن. ئه سلىده بـۇ
سېنىڭ مېنى ئه مدى كېره ك قىـلمايدىغانـ
لىقىڭنىڭ مۇقه ددىمىسى ئىكه ن. سېنىڭ بوش
ۋاقىت چىقىرىپ مېنى ئىزده پ كـېلىشىڭنى
كۈتۈپ يه نه بىر هه پتىنى ئۆتكۈزدۈم. بۇ
بىر هه پته ماڭا شۇنچىلىك ئۇزۇن تۇيۇلـ
دىكى، قانداق ئـۆتكۈزگه نلىكىمنى ساڭـا
ته سۋىرله پ بېره لمه يمه ن، ئاخىرى بولماي
يه نه سېنى ئىزده شكه مه جبۇر بولدۇم، سه ن
ۋاقىت چىقىرالماي، مه ن ئىزده پ يۈرۈپ
ئه ڭ ئاخىرقى ئىككى ئاينىمۇ ئۆتكۈزدۇق.
خىزمه ت ته قسىماتىغا ئۈچ كۈن قالغان كۈـ
نى مه ن سېنى ناهايىتى ته سته تاپتىم. يا-
تاقداشلىرىڭنىڭ، ساۋاقداشلىرىڭنىڭ مه سـ
خىرىلىك كۈلۈپ قويۇشلىرىدىن قـۇتۇلغىـ
نىم خۇشال قىلسا، سه ندىن ئايرىلىپ قېـ
لىش يۈرىكىمنى ئېزه تتى. شۇ كۈنى كه چته
بىز ئۆتكه نكىده كىلا كوچا ئايلىنىشقا باشلىـ
دۇق. لېكىن بۇ ئاخشام مه ن سه ندىن كۈتـ
كه ن شېرىن سۆزله رنىڭ بىر ئېغىزىمۇ ماـ
ڭا نېسىپ بولمىدى. مه ن تويي ئـىـشىمىز
توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشىمغىلا سه ن ئېغىزىمـ
نى تۇۋاقلاپ قويدۇڭ، ئۇقۇش پۈتتۈرۈپـ
لا تويي قىلمايدىغانلىقىڭنى، هېچبولمىغانـ
دا يه نه ئىككى يىلدىن كېيىن قىـلسا قىمۇ
كېچىكمه يدىغانلىقىمىزنى، ئۇنچه تېز تۇر-
مۇشلۇق بولساق ياشلىقنىڭمۇ هېچ قـانداق
له ززىتى بولمايدىغانلىقىنى شۇنچه ره ھىمـ

سىزلىك بىلەن ئېيتتىڭكى، لېكىن مەندە ساقلاپ تۇرالمايدىغان ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېنىق دىققەتكە ئېلىپمۇ قويمىدىڭ......

مەن شۇ يەردىلا يىغلاپ تاشلىدىم. بۇ مېنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا تۇنجى قېتىم يىغلىشىم ئىدى. ئەتىسى كەچتە سېنىڭ باشقا بىر قىز — سەن گېپىنى قىلىپ بەرگەن چىرايلىق قىز بىلەن بىللە قولتۇقلىشىپ كىنوغا ماڭغانلىقىڭنى، يەنە بىر قېتىم (بۇرۇن مەن بىلەن بىللە ئولتۇرغان ھېلىقى ئورۇندا) يەنە شۇ قىز بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىقىڭنى كۆرگەندىلا ئەقلىمنى تاپتىم. سېنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيانقى ئالدىراشچىلىقىڭنى، بوش ۋاقتىڭنىڭ نېمىشقا چىقمىغانلىقىنى، قىسقىسى ھەممىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتتىم. شۇ مىنۇتتىن باشلاپلا سېنىڭ كۆزەللىكتە ھېچقانداق نۇقسانسىز، لېكىن ۋىجدان، غۇرۇردىن قىلچە ئەسەر بولمىغان ئىپلاس جىسمىڭدىن يىرگىنىشكە باشلىدىم. مەكتەپكە ئەرز قىلىش نىيىتىمگىمۇ، ئۆلۈۋېلىپ ساڭا بولغان ساداقىتىمنى ئىپادىلەش نىيىتىمگىمۇ كەلمىدىم. ھازىر شۇلارنى ئويلىسام تولىمۇ كۈلگۈم كېلىدۇ. ئەمدى سەن ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەمەس، كىچىككىنە بىر تال ھاشاراتنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن. چۈنكى سەن شۇنىڭغىمۇ لايىق ئەمەسسەن، شەۋكەت!...

مانا، ئۆزۈم تەلەپ قىلغىنىم بويىچە ياقا يۇرتلاردا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولاي دەپ قاپتۇ. قانچىلىك كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېسابلاپ بېرەلمەيمەن. ئۆزۈمنى جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۇنتۇلغان بىر ئىنساندەك ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. لېكىن يېقىندىلا مېنىڭ نامىمغا يېزىلغان بىر پارچە خەت مېنىڭمۇ جەمئىيەتتىكى بىر كىشىلىك ئورنۇمنىڭ تېخىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇتتى. خەت مەن تونۇمايدىغان ناتونۇش بىر قىزدىن كەلگەنىكەن. ئۇ قىز توغرۇلۇق ساڭا قىسقىچىلا سۆزلەپ ئۆتەي: ئۇ قىزنىڭ ئۇكام ئالىم بىلەن يۈرۈۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ. ئىككىسى بىر زاۋۇتتا خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشىنىپ، سىنىشىپ ئاخىرى توي قىلىش قارارىغا كېلىشىپتۇ. لېكىن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ئىشىم بىر تەرەپ بولمىغىچە ئۇكامنىڭ ئۆيلىنىشىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قەتئىي رەت قىپتۇ. لېكىن ئۇكام ساددىلىق بىلەن ئاتا - ئانىنى ئىلاجىسىز قوشۇلۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن كۆدەكلىك قىلىپ......

ئۇكام ئۇ قىزنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىزدەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىز تولۇق خاتىرجەم بولالماي قاپتۇ. ئۇكام ئۇنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەيۋاتقاندەك، مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ. بىر كىمدىن مەسلىھەت سوراي دېسە ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئابرويىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ھېچكىمگە تىنالماپتۇ. ئاخىرى ئىلاجىسىزلىقتىن ماڭا بۇ خەتنى يېزىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

شەۋكەت، ئۇنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇغان بولساڭ مەندەك ياش تۆكمىگەن بولساڭمۇ چوقۇم ئاشۇ بىچارە قىزغا ئىچ ئاغرىتقان، ھېسداشلىقىڭ قوزغالغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. تۇرمۇش نېمە دېگەن سىرلىق - ھە؟ كۆز ئالدىمدىن سېنىڭ ۋىجدانسىزلىقىڭ بىر قۇر تىزىلىپ ئۆتتى. مەن شۇ كۈندىن بۇيان قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ياش تۆكمىدىم، قانچىلىك ئازابلۇق بەتلەرنى تارتمىدىم؟ سەن بۇلارنى

تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، شەۋكەت، ھەرگىز-
مۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. چۈنكى سېنىڭ
ھېس - تۇيغۇڭمۇ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە بول-
غىنىپ كەتكەن!

ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ ئازابلىق خېتى
مېنى باشقىچە بىر ھاياتقا باشلاپ كەلدى.
مەن جەمئىيەتتىمىزگە يېڭىباشتىن نەزەر
سالدىم. دۇنيادا سېنىڭدەك ئىنسانىي خىس-
لەتلىنى يوقاتقانلار، مېنىڭدەك خارلانغان-
لار ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخ-
شاش ھەسرەتنىڭ ئاچچىق پاتقىقىغا پېتىپ
ئولتۇرۇۋەرمىگەنمۇ؟ ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ
كېيىنكى بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانمۇ؟
مەن نېمىشقا شۇلارچىلىك بولالمايمەن؟!

شەۋكەت، مەن ئۆزۈمگە ئاشۇ سوئاللار-
نى قويۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى قىزغا جاۋاب
خەت يازدىم. خېتىمدە ئۇنىڭغا بەخت
تىلەش بىلەن بىللە خۇشاللىق ئاتا قىلدىم.
ئائىلەمدىكىلەرگىمۇ خەت يېزىپ، توي
تەييارلىقى قىلىشنى ئۇقتۇردۇم. چۈنكى
مەنمۇ ئۆزۈمدىن بۇيان ماڭا تەكلىپ قو-
يۇپ كېلىۋاتقان بىر خىزمەتدىشىمنىڭ توي
قىلىش تەلىپىگە قوشۇلغانىدىم. مانا، ياز-
لىق تەتىلدە ئائىلىمىزدە قوش توي بولىدۇ،
بۇ نېمە دېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش - ھە؟!

تولىمۇ ئەجەبلىنىمەن، شەۋكەت، تەق-
دىر ماڭا يەنە چاقچاق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟
سەندىن شۇنچە نەپرەتلىنىدىغان تۇرۇقلۇق
ساڭا يەنە كۆرۈنمەس يىپ بىلەن باغلىنىپ
قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام ھەيران بولى-
مەن، سېنىڭ شۇنچە ئازابلىرىمغا ئورتاق
بولماي، مۇشۇ بىر قېتىملىق خۇشاللىقىمغا
ئورتاق بولىدىغانلىقىڭنى ئويلىغىنىمدا
ساڭا بولغان غەزەپ - نەپرىتىم يەنە بىر
ھەسسە ئاشتى. ئەسلى بۇ خۇشاللىق ساڭا
مەنسۇپ بولمىسا بولاتتى! راستىمنى ئېيت-
سام تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
رازىلىقىم يوق.

شەۋكەت، بەلكىم خېتىم ئاخىرلاشقان-
سىرى ھەيران قېلىۋاتقانسەن، بولدى ئەجەب-
لەنمە، بۇ ردىيالىقتا يۈز بېرىدىش ئالدىدا
تۇرغان بىر ۋەقە. ئۇنىڭغا ئەمدى كۆز يۇ-
مۇۋېلىشقا ئۇلگۈرەلمەيمىز. ئائىلىمىزنىڭ
بولغۇسى كېلىنى — ماڭا خەت يېزىپ، ياردەم
سورىغان ۋە شۇ ئارقىلىق مېنى ئازاب دې-
ڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان قىز، دەل
سېنىڭ ئارزۇلۇق سىڭلىڭ ئارزىگۈل!...
ھەرگىزمۇ بۇنداق بولار دەپ خىيال قىلىڭغا
كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيدىڭ، ئېسىڭدە
بولسۇنكى بۇ خۇشاللىق ھەرگىزمۇ ساڭا مەن-
سۇپ ئەمەس!......»

# تاللاش

مەن ئاپامنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق
ئوغلى، ئاپام بولسا كاتتا سودىگەر. دادام
رەھمەتلىك قازا تاپقاندىن كېيىنكى بەش
يىلدىن بۇيان ئاپام دادامنىڭ روھىنى
خوش قىلىپ، ئۇنىڭ كەسپى بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ كەلمەكتە. مەنمۇ كېيىنچە ئاپامنىڭ
مىراسخورى بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. چۈنكى
مېنىڭ ھازىرچە قىلىدىغان بىرەر كەسپىم

يوقتە، لېكىن ساۋادىم بار. تولۇقسىز ئوت-
تۇرا مەكتەپنىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغان
بولساممۇ، يەنىلا ئوقۇتۇپ قالىمدىم، خەت
ئوقۇيالايمەن. ئاپام مېنى ئىنتايىن ياخشى
كۆرىدۇ، مەنمۇ ئاپامنىڭ سىزغان سىزىقى-
دىن چىقمايمەن. دوستلىرىم كۆپ، يېگە نېسىۋى
مېنىڭمۇ كۆزۈم خېلىلا ئېچىلىپ قالدى.
ئاپاممۇ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندىمۇ، قانداق،

ئۆتكەندە دوستلىرىمنى ئۆيگە چاقىرغاندا مېھراينى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ۋاقىتتىمۇ مېھراينى جېنىمدىن ئەزىز كۆرەتتىم. لېكىن، مانا ئەمدى ئەزىزنىڭمۇ ئەزىزى چىققىلى تۇردى. پەزىلىيە بولسا مېھرايدىن چىرايلىق، لېكىن ھالى سەل ئۈستۈنرەك. بۇنىڭ ھېچنېمىگە زېھنى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالىسام... مېھراي بىلەن... بولدىلا، پەزىلىيە بىلەن... ياق...

ئەخمەت ئەنە شۇنداق خىياللارغا چۇلغۇنۇپ، كارۋاتتا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلگىنىچە ئىككى قىزنىڭ قايسىسىنى تاللاش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئىككى قىزلار بىر-بىرىدىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى، يۈرىكى ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ سوقاتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئاچا يولدا تۇرۇپ قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەيۋاتقان يولۇچىغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئاپىسى بولسا ھەدەپ ئۇنى توي قىلىشقا ئالدىرىتاتتى. ئۇ شۇنچە ئويلىنىپمۇ «تاللاش» خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرالمىدى.

تاڭ ئاللىقاچان يورۇپ، كۈن بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ئەخمەت يەنىلا ئېزىلىپ ياتاتتى. «ھەي پەزىلىيە، پەزىلىيە، سەن بىلەن نېمىشقىمۇ تونۇشۇپ قالغان بولغىيتتىم، بولمىسا مېھرايغا ئۇنچىۋالا ئۇۋالچىلىق بولمايتتى. ھەممە گۇناھ سەندە، شۇ ۋاقىتتا ماگىزىنغا مالغا كىرگەندە ماڭىمۇ باشقا خېرىدارلارغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلغان بولساڭ، مېنىڭ پۇلۇممۇ ئىزدەپ سوراپ سېنىڭ پۈكەيگىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قالمىغان بولسا، سەن بىلەن تونۇشمايتتىم، ئەلۋەتتە. ھەي، ئەمدى نېمىسىنى ئېيتاي، ھەممە ئىش شۇ كاساپەت مىنۇتتىن، يەنى سېنىڭ خۇمالىق كۆزلىرىڭنى كۆزۈمنىڭ ئىچىمگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىشىڭدىن باشلاندى. سەن قەلبىمگە روخسەتسىز ئۆتۈپ كىرىپلا، مېنى گاڭگىرىتىپ قويدۇڭ...»

بۇندىن ئىككى - ئۈچ ئاي بۇرۇن ئەخمەتنىڭ ئاپىسى بىر نەچچە ئاغىنىسىنى مېھمانغا چاقىردى. ئەخمەت ئاپىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاپىسى سانىمايلا بەرگەن بىر سىقىم پۇلنى ئالدى - دە، سىرتقا ماڭدى. ئۇ كوچىغا چىقىپلا بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، كەچ كىرگۈچە لاغايلاپ يۈردى ۋە كەچ كىرىپ، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدىلا يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە بىر ماگىزىنغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ لازىملىق نەرسىلەرنى ئالدىراپ ئالدى-دە، ئۆيگە قاراپ چاپتى. چۈنكى شۇ كۈنى كەچتە ئۇ مېھراي بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى. ئۇ ماگىزىندىن ئانچە يىراقلاشمايلا ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن توختاپ قالدى.

— ھەي يىگىت، توختىڭا!...

بۇ ھېلىقى پىرىكازچىك قىز ئىدى. ئەخمەت ھەيران قالدى ۋە «پۇلنى كەم بېرىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن؟» دېگەن بىر ئوي كۆڭلىدىن كەچتى.

— نېمە، پۇلنى كەم بېرىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن؟

— شۇنداق.

ئەخمەتنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى.

«يېنىمدا شۇنچە پۇل تۇرۇپ، نېمىشقىمۇ كەم بېرىپ قويغاندىمەن؟...»

— كەچۈرۈڭ، ئالدىراش ئىشىم بولغاچقا... — ئەخمەت ئالدىراپ يانچۇقىغا قول سالدى - يۇ، يۈرىكى «قارت» تىدە قىلىپ كەتتى. «بۇ نېمە ئىش، ئاپام بۇيرۇغان

AltunOq

سودىلەقلارنىڭ تېخى يېرىمىنىمۇ قىلىپ بولالمىغان تۇرسام، قالغان پۇللار نەگەكە تىكەندۇ؟» ئەخمەتنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— بولدى، خېجىل بولماڭ. بۈگۈن خەلق كىنوخانىسىدا يېڭى كىنو بار ئىكەن، مەندە بىلەتتىن ئىككىسى بار. خالىسىڭىز سىزنى كىنوغا تەكلىپ قىلاي، شۇ ۋاقىتتا ئالغاچ چىقارسىز.

قىز شۇنداق دېدى - دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن كېتىپ قالدى. ئەخمەت كەچتە مېھراي بىلەن ئۇچراشماقچى بولغىنىنى ئەسلەپ، قىزنى توختىتىۋالماقچى بولۇۋېدى، لېكىن گېلىغا بىر نېمە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازى چىقماي قالدى. «ھەي، ئۇنى توۋلاپ نېمىمۇ قىلاي، يېنىمدا بىر پۇڭنىڭ سۇنىقى بولمىسا... بولدىلا، ئاخشاملىققا چىقىپلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەي...»

بۇ ئىشلار ئەخمەتكە ناھايىتى ھاركەلدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ئاپىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغىمۇ جاۋاپ بەرمەستىنلا يېتىۋالدى.

— ساڭا نېمە بولدى ئەخمەت، سەن دىگۈچە مەن دەۋالاي دەپ ئەتىگەن سودىلىققا بۇيرۇسام كەچتە كىرگىنىڭ ئازكەلگەندەك يەنە ماڭا دوممىيىسەنغۇ؟ مەن تېخى سېنى ئەتە مېھمانلىرىم بىلەن بىللە كېرىدىغان بولدى دەپ تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدىم.

— ئاپا، سەن بولساڭمۇ بىردەم جىم تۇرساڭچۇ! — ئەخمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ھە، شۇ ئىشمىدى؟ ئۇنچىلىك پۇلنى يوقىتىۋېتىپ تىكىنىڭنىڭغۇ كارى چاغلىق، بىراق، قىز بالا ئالدىدا ئوسال بولۇپ قالغىنىڭ سەت تۇرۇپتۇ.

ئەخمەت كەچتە كىنوخانا ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى قىزنى زادىلا ئۇچرىتالمىدى. «ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ! ئۇ مېنى ئالداپ قويدىمۇ نېمە؟ بىچارە مېھراي شۇ تاپتا قانچە جىدەل بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟» ئەخمەت شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا يېڭىنى بىرسى تارتتى.

— كەچۈرۈڭ، ساقلىتىپ قويدۇم.

ئەخمەت كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. قىزنىڭ بايىقى سىياقىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇدرە چاچلىرى، يېڭى پاسوندا تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆينىكى كۆزنى چاقنىتاتتى. قىز ئەخمەتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئۇنى قولتۇقلىۋالدى ۋە زالغا قاراپ يول ئالدى. ھەممە ئادەم بىر خىل يېڭىلىق كۆرگەندەك ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇلار ئەمدىلا زالغا كىرىشىگە چىراغلار ئۆچۈپ، كىنو باشلىنىپ كەتتى. قىز ئەخمەتكە تېخىمۇ چىڭراق يېپىشتى. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئەخمەتكە خۇددى چۈشتەكلا بىلىنەتتى. «بۇ قىز نىمانداق غەلىتىدۇر، ئۇ نېمىشقا مەندىن پۇلنى ئېلىپلا يولىغا ماڭماي بۇنداق قىلىدىكىنە؟...» ئەخمەت شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا قىزنىڭ تۇيۇقسىزلا سونۇلغان قولى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. قىز قولىدىكى بىر سىقىم كەمپۈتنى ئەخمەتنىڭ قولىغا بېرىپلا ئۆزىنى ئوكشىۋالدى. ئەخمەتنىڭ قەلبىدە، بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قىز ئۇنىڭغا بىر سىقىم كەمپۈتنى بېرىپ، ئورنىغا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىللە ئېلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى مېھرايدىن باشقا ھېچ كىمنى يېنىغا يولاتماي كېلىۋاتقان ئەخمەتنىڭ قەلبىگە مانا ئەمدىلىكتە ھېچ سەۋەبسىزلا يېنىمدىكى ناتونۇش قىز بېسىپ كىرمەكتە ئىدى...

— نېمە دېگەن ئىسسىق، ئەگەر خالى-
سىڭىز سىرتتىكى بىر ئاز ئايلىنىپ كىرسەكمىكىن.

قىز خۇددى ئەخمەتنىڭ مۇشۇنداق
دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئېلىكىدە ئور-
نىدىن تۇردى - دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.
ئۇلار كوچا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەخمەت
ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق گۈزەل بىر قىز بىلەن
يانداشىپ مېڭىپ كوچا ئايلىنىۋاتقانلىقىغا
ئادىلا ئىشەنمەيتتى. «ئاھ، بۇ پەرى بىلەن
بىردەملىك بىللە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر
بەخت ئىكەن.» ئەخمەت ئارىلىقتىكى جىم-
جىتلىقنى بۇزۇپ قىزدىن سورىدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— مەن تېخى سىزنى مېنى ئۇنتۇپ قال-
غان چېغى دەپ ئويلاپتىمەن، - دېدى قىز
نارازىلىق بىلەن.

— ئەمىسە مېنى جازالاڭ، - دېدى
ئەخمەت قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— سىزدەك باۋەتچىنى قانداقمۇ جازالى-
غىلى بولسۇن! — قىز شۇنداق دېدى ۋە
سومكىسىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ ئەخ-
مەتكە تەڭلىدى، - ئىسمىم پەزىلىيە،
ئەگەر خالىسىڭىز تونۇشۇپ قالايلى.

ئەخمەت ھەيران قالدى. قىز ئۇنىڭ
ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئالدىراپ
چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەخمەت، مەن سىزنى ئۇزۇندىن بېرى
تونۇيمەن، بۇ سىزنىڭ پۇلىڭىز. بايا نەر-
سە كېرەك سېتىۋالغىلى ندا پۈكەي ئالدىغا
چۈشۈپ قالغان ئىكەن، سىزنى يولغا سېلىپلا
ئىشتىن چۈشەي دەپ چىقىشىمغا بۇ پۇل
ئۇچرىدى. بۇنىڭ سىزنىڭ پۇلىڭىز ئىكەن-
لىكىنى پەرەز قىلىپ شۇڭا ئارقىدىن چىققان،
بىراق... كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلىپ
قويدۇم، - پەزىلىيە شۇنداق دېگىنىچە
ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا مېڭىشقا تەمشەلدى.

— پەزىلىيە! — ئەخمەت خۇددى ئۇنىڭ
قېچىپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئۇنىڭ قو-
لىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، - ماڭا يەنە بىر-
دەم ھەمراھ بولۇشنى خالامسىز؟

— پەقەت سىز خالىسىڭىزلا...

ئەخمەت شۇ ئىشتىن كېيىن مېھراي بى-
لەن بىر ھەپتىگىچە كۆرۈشەلمىدى. «كۆزدىن
يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك ئەخمەت
پەزىلىيە بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا مېھرايغا
ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغا-
نىدى.

— ئەخمەت، تېخىچە ياتتىڭمۇ؟ - ئەخ-
مەت ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئورنى-
دىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئاپا، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار
ئىدى. ئەتە بىر قانچە دوستلىرىمنى ئۆي-
گە تەكلىپ قىلاي دېۋىدىم.

— نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىل، ئەتە
مەن دۇكان ئاچمايمەن، لېكىن بۈگۈن ما-
ڭا ياردەملىشىشىڭ كېرەك. شەرقىي سودا
ماگىزىنىغا يېڭى رەخت كەلگەن ئىكەن، بىر
نەچچە توپ ئېلىپ قويدۇم. شۇنى شاققىدە
دۇكانغا تاشلىۋېتىپلا، ئاندىن ئىشىڭنى
قىل.

ئۆز تەلىپىگە ئاپىسىنىڭ سۆزسىزلا قو-
شۇلۇشى ئەخمەتنى ناھايىتى خۇشال
قىلىۋەتتى.

ئازادە، پۇزۇر قىلىپ ياسالغان مېھ-
مانخانىدىن يېقىملىق ناخشا مۇزىكىسى ئاڭ-
لىنىپ تۇراتتى. مېھراي خېلى بۇرۇنلا
كەلگەن بولۇپ، ئەخمەتنىڭ ئاپىسى بى-
لەن پاراڭلاشقاچ ئاشخانىدا سەي ئاقلاۋا-
تاتتى. ئۇ ئەخمەتنىڭ مېھمان چاقىرماق-
چى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭدىن كەچۈ-
رۈم سوراش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى-
نى پەملەپ، گەرچە چاقىرىلمىغان بولسىمۇ





يەنىلا مېھمانلارنىڭ بېشى بولۇپ كې-
لىپ بولغانىدى. «ئەخمەت مېنىڭ شۇ كۈ-
نى ئۇزاقراق ساقلاپ تۇرمىغانلىقىمنى ئې-
غىر ئېلىپ قېيداپ يۈرۈۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ
شۇ كۈنى ئاپامنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قال-
غانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇزۇن ساقلىيالمى-
غانلىقىمنى بىلسە، مېنى چوقۇم كەچۈرىدۇ...»
مېھراينىڭ خىياللىنى داس كۆتۈرۈپ كىر-
گەن ئەخمەتنىڭ ئاپىسى بۇزدى:

— قىزىم، ئەمدى مېھمانلارغا كىرىپ
كېتىڭ، قالغان ئىشلارغا ئۆزەم
يېتىشەلەيمەن.

— بولىدىلا، مەن سىزگە ياردەملىشەي،—
دېدى مېھراي خېجىل بولغان ھالدا.

— ئەخمەت سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى
تېخى بىلمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا كىرىپ
چىقىڭ، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا...

مېھراي قىلىۋاتقان ئىشلارنى توخ-
تاتتى - دە، ئۆيدىن چىقتى. پاراقلىدە كۆ-
تۈرۈلگەن كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ قەدەملى-
رىنى توختىتىپ قويدى. «يۈز - كۆزلىرى-

نىسەل تۈزەشتۈرۈپ چىققاي.» ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، مېھمانخانىغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان بىر ئۆيگە كىردى ـ يۇ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ۋارقىراۋەتكىلى تاس قالدى. ئەخمەت پەزىلىيە بىلەن چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ، غەلىتە بىر قىلىقلارنى قىلىشىۋاتاتتى. مېھرايىنىڭ كۆكسىدىن ئىڭرىغاندەك بوغۇق بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى:

— پەزىلىيە؟!...

ئىككى قىزنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە مىختەك قادىلىپ قالدى. بۇ كۆزلەردە ھەيران بولۇش، خىجىللىق ۋە رەنجىشتەك بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات ئەكس ئېتەتتى. مەھرايىغا ھەممە ئىش ئايان بولدى: ئەخمەت ئەمدى پەزىلىيە بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپتۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ مېھرايىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشى مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەن ـ دە!...

— دوستۇم پەزىلىيە، سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئالدىنىپ قالماسلىقىڭنى، بەختلىك بولۇشىڭنى تىلەيمەن! ـ دېدى مېھراي ۋە ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەن پەزىلىيىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

— ئەخمەت، مەن سىزنى ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى دەپ ئويلىغانىكەنمەن، ئەپسۇسكى، بىر نومۇسسىز ئالدامچىغا ئۇچراپتىمەن!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، مېھرايىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ چىقىپ كەتتى:

— مېھراي، دوستۇم... توختىغىنا، مەن ساڭا...

نېمە قىلارىنى بىلمەي، قاققان قوزۇقتەك ئورنىدا تۇرۇپ قالغان ئەخمەت بىردىنلا ئېسىگە كەلدى ـ دە، قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ چىقتى:

— مېھراي!... پەزىلىيە!... سىلەر نېمىشقا...

(بېشى 97 ـ بەتتە)

مۇختەر ئەۋزىگە بادامدوپپا كېيگۈزدۈ، ـ دېدى. دادام ئانامنىڭ قولىدىكى بادامدوپپىنى ئېلىپ مىرزىنىڭ دادىسىغا كېيگۈزدى.

— ئەمدى مېھرىبانۇم مىرزىغا دوپپا تەقدىم قىلىدۇ، ـ دېدى ئالىمجان ئاكام.

ئانام تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، يىڭنە تۇتقان قاداق قوللىرىدا دوستۇم مىرزىغا چۆچۈرە بادام دوپپا كېيگۈزدى. مەن ئىختىيارسىزچا ۋاي چېلىۋەتتىم.

ئەمدى نۆۋەت ئۇلارغا كەلگەنىدى. ئالىمجان ئاكا مۇختەر ئەۋزىگە خىتاب قىلىشى بىلەن مۇختەر ئەۋزى دادامغا يېشىل چىمەن دوپپا كېيگۈزدى. دادامنىڭ چىلىلازىدەك يۈزىدىن تېخىمۇ نۇر چاقناپ كەتتى.

مەرھەبانۇم ئاچام ماڭا چىرايلىققىنا يارىشىملىق يېشىل چىمەن دوپپا كېيگۈزدى.

ئاخىردا سۈرەتچى مۇختەر ئەۋزى ئاكام رەڭلىك فوتو ئاپپاراتى بىلەن ھەممىمىزنى «دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق» خاتىرە رەسىمىگە تارتىۋالدى ۋە قېرىنداشلارنى مۇبارەكلىدى.

مەن ھاياجىنىمنى باسالماي ئالىمجان ئاكىمنى چىڭ قۇچاقلاپ كەككە ساقال يۈزلىرىگە سۆيۈپ كېتىپتىمەن. ئالىمجان ئاكىمنىڭ چاقىرىقى بويىچە دادىلىرىمىز بىلەن دادىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز بىلەن ئانىلىرىمىز گىرەلىشىپ، مەڭزىنى ـ مەڭزىگە يېقىشىپ سۆيۈشۈپ كەتتى. مىرزى ماڭا. مەن مىرزىغا قاراپ پەرۋانىدەك ئۇچۇپ كېلىپ. بىر ـ بىرىمىزنى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ. بىر نەچچە قېتىم پىقىراپ كېتىشتۇق.

1990 ـ يىل. ئىيۇن، قەشقەر.

نىجات يۈسۈپ

# ئانامنى ئەسلەيمەن

(نەسىر)

ئانا — دۇنيادا ئەڭ ئەزىز ئىنسان. بۇ ئالەمدە «ئانا» نامىدىن ئۇلۇغ سۆز يوق. جاھاندا ئانىدىن ئەزىز، ئانىدىن مېھرىبان، ئانىدىن ئىشەنچلىك نېمە بار؟! ئانا — دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس شەپقەت ئىلاھى. ئۇ — دۇنيانىڭ قۇياشى، تۈۋرۈكى، شادلىقى، بەختى. ئۇ — ئىنسان ئۆمۈر بويى قەرزدار بولىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ بىر زات. ئۇ — مېھرىبانلارنىڭ مېھرىبانى، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى. ئانىنىڭ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى پۈتۈن گۈزەللىكلەر چىرايىدىن تېپىلىدىغان ئەڭ گۈزەل، لاتاپەتلىك چىراي. دۇنيادا ھېچبىر گۈل ئانىنىڭ بالىغا قىلغان تەبەسسۇمىدىن چىرايلىق ئەمەس. ئانا مۇھەببىتىدىن مۇقەددەس ھېچنەرسە يوق. ئانىنىڭ مېھرى — سۈيى مەڭگۈ قۇرۇماس بۇلاق. ئانىنىڭ بىر قولى بۆشۈكنى، بىر قولى دۇنيانى تەۋرىتىدۇ. ئىنسانىدىكى پۈتۈن گۈزەللىك، ئېسىلقىلارنىڭ ھەممىسى ئانا مېھرىدىن، ئانا مۇھەببىتىدىن كېلىدۇ.

ئانىنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مېھرى ۋە قەلبى كەڭ دېڭىزدەك چەكسىز، ئۇنىڭغا جاھاننىڭ شادلىقى ۋە خاپىلىقى سىغىدۇ. ئۇ ئۆز باغرى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى پەرۋىش قىلغان. پەرزەنت ئۈچۈن ئانا باغرىدىن ئەلا، يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك نەرسە بولمايدۇ. تۇرمۇشنى، ھاياتنى سۆيۈشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ھەممە نەرسە ئانا باغرىدىن، ئانا سۈتىدىن كەلگەن. ئانا قەدرى — ھايات قەدرى. ئانىسى بار ئادەملەر بەختلىك، كۆڭلى توق. ئانىغا كۆيۈنۈش شەرەپلىك. ئادەم دۇنيادا ئانىسىز ياشىيالمايدۇ. مەن ئانامنى سۆيىمەن، ئانامنى قەدىرلەيمەن.

مېھرىبان ئانا، مەن سېنىڭ مېھرىڭ ھارارىتىدىن ئىسسىقلىق ئېلىپ، قۇچىقىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. مەن سېنىڭ ئاپئاق، پاك، ھالال سۈتۈڭدىن ئوزۇقلانغان. سەن چاڭقىغان يۈرەك تەشنالىقىمنى ھەۋزى كەۋسەر سۈيۈڭ بىلەن قاندۇرغانىدىڭ. سەن مېنى ساپ ئانىلىق رىشتىڭ بىلەن باغلاپ، ئۆز ۋۇجۇدۇڭ جەۋھىرىنى بەرگەنىدىڭ. سېنىڭ مېھرىڭ ئىللىق باھارغا ئوخشايتتى. سېنىڭدە باھاردىنمۇ ئارتۇق خىسلەت بار ئىدى. سەن باھارغىمۇ، تاڭغىمۇ گۈزەللىك بېرەتتىڭ، سېخىيلىق بابىدا قۇياشمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا خىجالەت ئىدى. سېنىڭ مېھرى تەپتىڭ ھېچقاچان سوۋۇمايتتى. سېنىڭ قەلبىڭ ئابىھايات ئاققان ئەزىم دەريا ئىدى.

ئاھ، سۆيۈملۈك ئانا، سەن نېمە دېگەن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىدىڭ ـ ھە! سەن پەرزەنتلىرىڭنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا، ئىلىم ـ ئىرپان ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يار-

تىپ بەرگەن ئىدىڭ. بىلەمسەن؟ شەرەپ تاجىنى ئىزدىمەي، سېنىڭدىن ئانىلىق مېھرى كەۋسىرىنى ئىچكەن پەرزەنتلىرىڭ ساڭا مەڭگۈلۈك تەشەككۈر بىلدۈرمەكتە. سەندىن چەك- سىز رازى بولماقتا. بىزنىڭ چوڭقۇر سۆيۈنۈش قەلبىمىزدە سەن ئۈچۈن تىل بىلەن ئىپ- پادىلەش قىيىن بولغان مۇھەببەت قايناپ تاشماقتا.

مېھرىبان ئانا، مەن سېنىڭ مۇقەددەس تېنىڭدىن ھايات تاپقان، سېنىڭ مېھ- رىڭدىن ياشىغان پەرزەنتىڭ ئىدىم، سەن ماڭا خۇشاللىق بېغىشلايتتىڭ، سەن مېنى تۇر- مۇشتا خۇشاللىققا ئېرىشسۇن، ھالال تەرىدىن بەختىنى تاپسۇن، ھاياتى پارلاق بولسۇن، دەپ تەربىيىلىگەن ئىدىڭ. مانا، سەن ياشارتىپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ ئۆسۈۋاتى- مەن. ئەقلىمگە كېلىپ، قەدرىڭگە يېتىپ، سېنى سېغىنىپ قېتىمەن. سۆيۈملۈك ئانا، سەن بولمىساڭ، مېھىر - مۇھەببەت بولمايتتى، سەن بولمىساڭ ھاياتلىقمۇ بولمايتتى.

جېنىم ئانا، سەن: پەرزەنت — ئاتا - ئانىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس بەختى - دۆلىتى، پەرزەنتسىز ھاياتنىڭ لەززىتىمۇ، ھوزۇرىمۇ بولمايدۇ، دەيتتىڭ. دۇنيادا بىزدەك ئام- راق، كۆيۈمچان ئانا - بالا يوق ئىدى. بىزنىڭ رىشتىمىز ئۈزۈلمەس رىشتە ئىدى. سې- نىڭ ئانىلىق قەلبىڭ، ئانىلىق قۇچىقىڭ ماڭا ئارزۇ - ئارمان بېغىشلايتتى. پەرزەنتىڭ خاتىرجەم بولالمىسا، سەن شۇ يەردە ھازىر بولاتتىڭ، ھەمدەم بولاتتىڭ، ھەمدەرد بو- لاتتىڭ. ئالەمنى توپان بالاسى بېسىپ كەتسىمۇ پەرزەنتىڭنى ئاسراپ باغرىڭغا باسا- تتىڭ. مەن ئۈچۈن سۇ بولۇپ ئېرىپ ئاقاتتىڭ. ئانا، مېنىڭ مۇشۇنداق ياراملىق بولا- لىشىم تامامەن سېنىڭ تەربىيەڭ - ئەجرىڭدىن بولغان. سېنى ئازراق رەنجىتىپ قويسام، گويا يەر تىترەۋاتقاندەك، بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىنسان ماڭا نەپرەت ئوقۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

ئانا، سەن دەرەخنىڭ غولىغا ئوخشايتتىڭ، مەن سېنىڭ شېخىڭ ئىدىم. شاخ غولى- نىڭ قەدرىنى بىلمىسە، شاخنىڭ نە قىممىتى بولسۇن!؟ مەن سېنىڭ كۆكسۈڭدە تېپىشىپ تۇر- غان مېھىر بۇلىقىدىن قانغىدەك سۇغۇرۇلۇپ چوڭ بولغان. سەن قەلبىم ئۇپۇقىدىكى گۈزەل سۈبھى ئىدىڭ، مەن ئەنە شۇ تاڭ، شۇ سۈبھىدە قۇدرەت تاپقان ئىدىم.

قەدىرلىك ئانا، سەن نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشايتتىڭ، چېھرىمدە ياغقىنى سەن ئاتا قىلغان نۇر ئىدى. چۈنكى، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچقان ئىدىڭ، ماڭا ئەقىل - پاراسەت، ئىدراك ئاتا قىلغان ئىدىڭ. سەن ئايغا ئوخشايتتىڭ، لېكىن ئاينىڭ دېغى بار، سەن ئاي- دىنمۇ گۈزەل ئىدىڭ. مەن سېنى ھەجگە يەتتە قېتىم يۈدۈپ ئاپارسامۇ سېنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىڭ تۈگىمەيتتى.

جاندىن ئەزىز ئانا، ئەمدى مەن سەن بىلەن بىللە تۇراي، قان - تەر ئاققۇزۇپ باققانلىرىڭنى ياندۇراي، قەرزىمنى ئادا قىلاي، دەپ كەلسەم، سەن بۇ ئالەمدىن كې- تىپ قالدىڭ. تېخى قىرانىڭغا يەتمەي تۇرۇپلا بىزدىن ۋاقىتسىز ۋىدالاشتىڭ. سەن ئۈمىدىمنىڭ رەڭدار غۇنچىسى ئىدىڭ. تەقدىرنىڭ مۇدھىش شامىلى سېنى مەڭگۈلۈك ئې- لىپ كەتتى؛ كەتكەن كېلەر، كەتمە نىلگەن كەلمەس. ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيسەن. مانا، سېنىڭ كېچىلىرى ۋە تاڭ سەھەرلەردە چاق ئىگىرىپ ئولتۇرۇپ ئېيتقان ناخشىلىرىڭ، قولۇڭنىڭ ئاغرىقى ئازابىدا ناخشا بىلەن قوشۇپ يىغلىغان يىغلىرىڭ ھېلىمۇ قۇلىقىم

تۆۋدە جاراڭلىماقتا. تومۇرلىرىمدا ئاققان قان ئەمەس، سېنىڭ يىغا ئارىلاش ئۆكلۈق ناخشىلىرىڭ ئىدى.

ئېھ، خوشتۇي ئانا، سېنىڭ كۈلكىلىرىڭ مېنىڭ كۈلكەم ئىدى. سەن جېنىمغا جان، قېنىمغا قان، ۋۇجۇدۇمغا قانات ئىدىڭ. پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە سەن ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىمدىن پەخىرلەنسەم بولاتتى، لېكىن ساڭا ھېچقانچە خىزمەت قىلىپ بېرەلمىدىم. سېنىڭ تېخى ئازغىنە ئاق ئارىلىغان قاپقارا چاچلىرىڭ، ھۆر - پەرىلەردەك كېلىشكەن قەددى - قامىتىڭ، كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئاقكۆڭۈل مىجەزىڭ، كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ تىنىماي ئىشلەيدىغان ئەمگەكچان روھىڭ ھەر بىر كۆز ئالدىمغا كەلگەندە كۆز ئالدىمدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تارامىلاپ ياش تۆكۈلىدۇ.

ئاھ، يۈرەكنىڭ پارىسى — جان جىگەر ئانا، مەن سېنىڭ قەلبىڭ ساخاۋىتىدىن ئۆمۈرۋايەت بەھرىمەن بولالىغان پەرزەنتىڭ ئىدىم. سەن ھايات چېغىڭدا ئۆيىمىزدە پەرىشتە بار ئىدى، غەم-قايغۇ يوق ئىدى. ئەمدى سەنسىز ئۆيىمىزدە بوران ئۇچماقتا. مانا، قەلبىمنى سېغىنىش ھەسرىتى يالقۇنى ئۆرتەۋاتىدۇ. ئاھ، دۇنيادا جۇدالىق دەردىدىنمۇ زىيادە ئازاب بارمىدۇ!؟

ئەنە، ئەتراپىڭغا قومۇش ئۈنگەن، قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان مۇبارەك قەبرىڭدە، ئايجامالىق، قۇياش مېھرىلىك ئانام — سەن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا چۆككەن ھالدا يېتىپسەن. ئەمدى سەن كۆز ياشلىرىمنى كۆرەلمەيسەن، يىغا - زارىمنى ئاڭلىيالمايسەن. ئاھ، شۇ تاپتا مەن سېنىڭ ھايات بولۇشۇڭنى، ماڭا مېھرىلىك كۆزلىرىڭ بىلەن بېقىشىڭنى، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشىڭنى، مېنىڭ ھاياتىمغا تەڭ شېرىك بولۇپ ياشىشىڭنى ھەر قانچە تىلىسەممۇ، لېكىن سەن مېنىڭ ھەسرەتلىك سادايىمنى ئاڭلىيالمايسەن، سېنىڭ تاڭ نۇرىدەك ئىللىق باقىدىغان چولپان كۆزلىرىڭ ئەمدى مەڭگۈ يۇمۇلغان. ئانا سۆيگۈسى سۆيگۈنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس ئىكەن. سېنى ھەر قاچان، ھەر مىنۇت ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئەسلەشكە ھەقلىقمەن.

ھەي، سادىچا مال، ئاقكۆڭۈل ئانا، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئائىلىمىزدە ئەڭ خۇشاللىق كۈن بولاتتى. ھەممىمىز ساڭا سوۋغا - سالام، گۈل تەقدىم قىلاتتۇق. سەن ئەتىرگۈلنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىڭ. ئەتىرگۈل ئېچىلغاندا بىزگە يىراقلاردىن ئەتىرگۈل ئالغاچ كېلىپ، بىزنى خۇشال قىلاتتىڭ. كۆرۈۋاتامسەن، مەنمۇ سېنىڭ روھىڭنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، مۇقەددەس قەبرەڭ ئۈستىگە بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل قويۇپ قويدۇم.

ئاھ، قانائەت سىمۋولى، مېنى كۆكلەتكەن قۇياش — ئانا، مەن ئۆمرۈم سەھىپىلىرىگە چۈشكەن داغلارنى يۇيۇپ، ھاياتلىق مۇساپىلىرىدا سېنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىڭنى ئاقلايمەن. ئانا، ھەر قاچان دىلىمنىڭ تۆرىدە نامىڭ بار، جايىڭ بار، مەندىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى بول. كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئۆز دىيارىڭدا خاتىرجەم ياتقايسەن.

ئەلۋىدا تاشلاپ مېنى كەتتىڭسەن جەننەت تامان،
مۇڭ- مۇسىبەت قايغۇسى ئەزدى دىلنى جۇش، ئەلۋىدا.
ئەلۋىدا جانىم ئانا، سەن ئېسىمدە ھەر قاچان،
قەبرەڭ ئارا ئاچقاي چېچەك، تېنچ ياتقىن خوش ئەلۋىدا.

تۇرسۇن نىياز

# «سىركە پىياز» لىق ئىجادىيەت روھىغا مەدھىيە

كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدا، ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن دۇنياغا داڭلىق بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، زەلىلى، بىلال نازىم ۋە نىزارى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىز بىلەن پەخىرلىك بولغىنىدەك، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ شانلىق ئېسىل ئەنئەنە ۋە قىممەتلىك مىراسلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا كۈنسېرى ئۆزلۈكسىز گۈللەپ - ياشناپ، بۈگۈنكى «ئالتۇن دەۋرى» گە قەدەم قويغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزمۇ ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئاتاقلىق، نادىر پېشىۋالىرى بىلەن ئىپتىخارلىق.

بىز بۇلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بېغىشلاپ، مول ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى بىلەن خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزدىن نىمشېھىت، ئەھمەد زىيائى، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا (ئۇلارنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى بىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش، ئەلۋەتتە) قاتارلىق مەرھۇم ئۇستازلاردىن باشقا يەنە ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان، پۈتۈن ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت، تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان كۆپلىگەن پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنى ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

مەن بۇ ماقالەمدە، ئەنە شۇ پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزدىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بولغان قاتتىق تەلەپچانلىقى، ئەستايىدىللىق بىلەن كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە يۇقىرى ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم شائىرىمىز مۇھەممەت رەھىمنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «مېنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە ماقالە بېسىلغاندىن كېيىنكى بەش قېتىملىق تۈزىتىش خېتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئەستايىدىللىق روھىغا، يەنى ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا «سىركە پىياز» لىق ئىجادىيەت روھىغا مەدھىيە ئوقۇيمەن.

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

تۇرمۇشتا كۆپلىگەن كىشىلەر:
«ئەستايىدىل بولۇش»،
«پۇختا بولۇش»، «مۇكەممەل

بولۇش» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ - يۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرى ئەمەلىي ئىشقا كەلگەندە، بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى قىلچە چۈشەنمەي، چۈشەنسىمۇ يېرىم-ياتا چۈشىنىپ ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا: «دۇنيادا قورقۇش توغرا كەلسە، پەقەت ‹ئەستايىدىللىق› دېگەن سۆزدىنلا قورقسا بولىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزمۇ شائىرغا ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان پېشقەدەم شائىر، ژۇرنالىست، تىلشۇناس مۇھەممەت رەھىم، ئانا تىلىمىزدىكى ئەنە شۇ «ئەستايىدىل بولۇش»، «پۇختا بولۇش»، «مۇكەممەل بولۇش» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە باشتىن - ئاياغ بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن تەلەپ، ئارزۇسىنى كامالەت باتىغا يەتكۈزگەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئەستايىدىللىقى، بىر سۆز، بىر قاپىيە ئۈچۈن يۈز قېتىم ئويلىنىپ، يۈز قېتىم ئۆزگەرتىشتەك «سىركە پىياز» لىق ئىجادىيەت روھى بارلىق قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ يېڭىدىن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىۋاتقان ياشلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان تىپىك ئۈلگە.

**1. «ئىجادىيەت ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» نىڭ يېزىلىش جەريانى**

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆتكەن كۆپلىگەن مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ۋە مەخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «چاھار دىۋان»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلىرىدە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئىزنالىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇلار كامالەتكە يەتكەن ئەشۇ قەلەمى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ بۇ ئۆچمەس ئىزلىرىنى ۋە ئۇنىڭدا پارلاپ تۇرغان ئىلىم - ھېكمەت دۇردانىلىرىنى قېزىپ، ئۇنى ئەقىل - پاراسەت، تەپەككۇر چىرىغى بىلەن يورۇتمىغان بولسا، بەلكى بىر نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن باشلانغان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ بۇ «ئالتۇن» سەھىپىسى يەنىلا بىر «سىر» سۈپىتىدە كۆمۈلۈپ قالغان بولاتتى.

ۋاھالەنكى، تارىختا ئۆتكەن بۇ مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق بىباھا نادىر ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانى، مەقسەت - مۇددىئاسى، ۋاقتى، ئورنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پىسخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان يېزىقچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا ئانچە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. بۇ توغرىدا ئاز - تولا مەلۇماتلار بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز، ئەلۋەتتە.

**ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بۇخىل بوشلۇق — مېنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم پېشقەدەم شائىر، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئادەتلىرى ۋە تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىم ئۈچۈن كۈچلۈك ئىلھام بولدى.** پېشقەدەم شائىرىمىز مۇھەممەت رەھىمنىڭ «مېنىڭ ئىجادىيەت ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» ماۋزۇلۇق

ماقالىسىدۇ، مەن تۈزۈپ تەييارلاۋاتقان «ئەدىبلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ قىزىقارلىق يېزىقچىلىق ئادەتلىرى» ماۋزۇلۇق كىتاب ئۈچۈن يېزىلغان مەخسۇس ماقالە بولۇپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدىن كېيىن، جايلاردىكى كەڭ كىتابخانلار ۋە ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ھەم يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى، يەنىلا شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئەسنا يىغىلىلىرى، ئۆز ئەسەرلىرىگە بولغان قاتتىق تەلەپچانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

## 2. «مېنىڭ ئىجادىيەت ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي مەسىلە ۋە مەزمۇن

شائىر مۇھەممەت رەھىم: «مېنىڭ ئىجادىيەت ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» ماۋزۇلۇق بۇ ماقالىسىدا، ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىر ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېغىشلىغۇچى مەنبە، شېئىر بىلەن تونۇشۇش رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئىجادىيەت مۇساپىسىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يول، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى مۇشكۈل ئىجادىي ئىزدىنىش، ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىش ۋە قايتا ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى «يىڭنە بىلەن قۇدۇق قېزىش» تەك ئىجادىيەت روھى قاتارلىق تەجرىبە - ساۋاقلار ئۈستىدە تەپسىلىي، قىزىقارلىق ھالدا توختالغان. بۇنىڭ ئىچىدە شائىرنىڭ شېئىرىدىكى شېئىرىي پىكىر ۋە ئۇنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەشتىكى تىل سەنئىتىگە بولغان تەلىپى تولىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشتا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «ئەزەد شائىر»، «سىركە پىياز ئەدەب» دەپ ئاتىشىغا رازى بولغانكى، لېكىن بىر شېئىردا بىرەر سۆز، بىرەر قاپىيىنىڭ نامۇۋاپىق يېزىلىپ قېلىشىغا قىلچە رازى بولمىغان. مەسىلەن: ئۇ، ئۆزىنىڭ «ئىلتىجا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە شېئىرىنى ئالتە قېتىم قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سەللىمازا پۈتتى، دەپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شېئىردا مەلۇم نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ - دە، قايتىدىن گېزىتخانىغا بېرىپ، شۇ مىسرا، شۇ كۇپلېتنى قايتا ئۆزگەرتىپ كېلىدۇ.

«بۇ شېئىردا مۇنداق بىر كۇپلېت بار ئىدى، - دەيدۇ شائىر، - شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ:

مەن تۇتقان قەلەمۇ پارالىچ بولۇپ،
سولغىلا مەگدىدى تۈز ماڭالماستىن.
بەزى مىسرالار ھەددىدىن ئاشتى،
تارىختىن تېگىشلىك ساۋاق ئالالماستىن.

مەن بۇ كۇپلېتتا 4 - مىسرانىڭ ئوبرازسىز، ماقالە گېپى بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم - دە، تۈزەشكە كىرىشتىم. بۇ كۇپلېتنى بىر ئۇسۇلدا، بىر مۇنداق يېزىپ بېقىپ، ئاخىرى تۆۋەندىكىدەك تۈزەتتىم:

مەن تۇتقان قەلەمۇ پارالىچ بولۇپ،
سولغىلا مەگدىدى، ماڭالمىدى تۈز.

AltunOq

قۇترىغان مىسرالار تارىخ چاقىغا،
ئۇسۇشكە باشلىدى چىقىرىپ مۈڭگۈز.

ھە، ئەمدى بۇ كۇبلېت بىر قەدەر ئوبرازلاشتى، دېدىم - دە، ئەتىسى گېزىتخانىغا بېرىپ شۇ كۇبلېتنى تۈزەپ قويۇپ كەلدىم.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر نۇقسان تاپتىم:

سۆزلىسەم گەپ تولا، ھەسرىتىم تولا،
نە ئامال، ئاتقان ئوق كەلمەيدۇ قايتىپ.
خەيرىيەت، شۇ ئاچچىق ساۋاقلار بىلەن،
ئىجادىم ئۆمرىنى ئالدىم ئۇزارتىپ.

بۇ كۇبلېتنىڭ 4 - مىسراسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەم، توغرا بولمايتتۇ، ھەر قانداق ئاچچىق ساۋاقلار بىلەن ئۆتكەن شېئىرلىرىمنى تېرىلدۈرگىلى ۋە ئۆلۈۋاتقانلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ مىسراغا سىڭدۈرۈلگەن پىكىر مەنتىقى جەھەتتە توغرا بولمىغان، يەنى، «ئاتقان ئوق كەلمەيدۇ قايتىپ» دېگەن پىكىرگە زىت بولۇپ قالغان. خېلى باش قاتۇرغاندىن كېيىن 4 - مىسرانى «قەلىمىم كۆزىنى ئالدىم ساقايتىپ» قىلىپ تۈزەتتىم. ئەتىسى گېزىتخانىغا بېرىپ مۇھەررىرگە:

— ھېلىقى شېئىرىمدا يەنە بىر نۇقسان بار ئىكەن، تۈزەپ قوياي، - دېدىم.

— بىز تاپالمىغان نۇقسانىنى ئۆزىڭىز تاپىدىكەنسىز، نۇقسانلىرى تۈگىگەندە ئەكىلىپ بېرىڭ، - دەپ شېئىرىمنى قولۇمغا بەردى مۇھەررىر.

مەن بۇ شېئىرنى ئۆيگە ئەكىلىپ، 4- مىسرانى يۇقىرىقىدەك تۈزەپ قويدۇم. بۇ تۈزىتىشلەردىن قانائەت ھاسىل قىلدىم. ئەمدى كەمچىلىك دېگەننىڭ سايىسىمۇ قالمىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر ئوقۇۋېتەيچۇ، دەپ تازا سىنچىلاپ ئوقۇۋاتتىم، ئاخىرقى كۇبلېتلىردا تەكرارغا مايىل ئىپادىلەر باردەك سېزىلدى، بۇ نۆۋەت گېزىتخانىغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن، «يەنە بىر كەمچىلىكى بار ئىكەن» دەپ يەنە سوكۇلداپ بېرىشتىن ئۇيالسام بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر - ئىككى ئادەمدىن پىكىر ئېلىپ باقاي دېگەن خىيال بىلەن بۇ شېئىرنى ياش شائىر مۇختەر مەخسۇتقا كۆرسەتتىم، شاگىرتىم بۇنىڭدىن ئىككى كەمچىلىك تاپتى. ئەسلىدىكى 9- كۇبلېتنىڭ 1-، 2- مىسرالىرى مۇنداق ئىدى:

قەلىمىم كۆزلىرى ساقايغان كۈنى،
ئىر قاراپ، ئەي شېئىر، چۈشەندىم سېنى.

شاگىرتىم ئويلاپ كۆرۈپ:

— «شېئىرنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يەتتىم» دېگەندىن كۆرە، «ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالمايتىمەن» دېگەنلىرى تۈزۈك. ئىككىنچى پىكرىم، بۇ شېئىرلىرىنى:

«ئەللە تىلەك مىسرالار تۇتسا ياقامدىن،
ئەللە تىسىز مىسرالار ئاجرىتالارمۇ؟»

دېگەن يەردە تاماملاپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۇبلېتلارنى چىقىرىۋېتىسىلە، — دېدى. ئۇنىڭ پىكرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدىم. شۇ تۈزىتىشلەردىن كېيىن، شېئىرنى گېزىتخانىغا ئاپىرىپ بەردىم. شېئىر 1986 – يىل 9 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دەسلەپكى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەم، بۇ ئون كۇبلېت شېئىر ئىچىدە قەلەم تەگمىگەن مىسرادىن پەقەت ئون بىرسى قاپتۇ.»

شائىر بۇ ماقالىدا، ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ، قاچان، قايسى ئورۇندا ئۆزىنىڭ يازغان شېئىرلىرىدا بىرەر نۇقسان كۆرۈلسە، شۇھامان ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ، مەتبۇئاتقا بېرىشتىن سىرت، يەنە شېئىرنى قىسقا، ئىخچام شەكىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولسىلا، قىسقا يېزىش، ئۇزۇنراق يېزىشقا تېگىشلىكلىرى بولسا ئۇزۇن يېزىش، بىر مەزمۇن، بىر مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل تىل ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق قىممەتلىك تەجرىبە–ئادەتلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان. مەسىلەن: ئۇ، «جۇتۇ بىلەن تاغ»، «مەدەنىي ئاتالغۇ» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ئەسلىدىكى 5 – 6 كۇبلېتتىن ئىككى كۇبلېتقا يىغىنچاقلىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە «ئانا ۋە ئوغۇل» ماۋزۇلۇق ئېپىك شېئىرىنى كېڭەيتىپ «ئانا» ماۋزۇلۇق داستانغا ئايلاندۇرغان، يەنى ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەردىكى پىكىر، ھېسسىيات قانچىلىك بولسا، شۇ پىكىر – ھېسسىياتقا قاراپ، ئەسەرنىڭ ئۇزۇن – قىسقىلىقىنى بەلگىلەش، ھەرگىز چۆچۈرىگە لايىق گۆشتە «مانتۇ تۈگمەن» دەپ ئاۋارە بولماسلىق لازىملىقىنى روشەن دەلىل – ئىسپاتلار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن 1975 – يىلىنىڭ بويىقىدا بىر داستان يېزىشنى كۆپ ئويلىدىم، بىر نەچچە داستاننى يېزىشقا كىرىشىپمۇ باقتىم، لېكىن بەزىلىرى ئازراق ۋە بەزىلىرى كۆپرەك يېزىلىپ پۈتمەي تاشلىنىپ قالدى. مەسىلەن: «بۇزۇلغان قەسەم» دېگەن ئېپىك شېئىرىم ئەسلىدە داستان ئۈچۈن پىلانلىنىپ، يېرىمى دېگۈدەك يېزىلغانىدى. كېيىن يازغانلىرىمنى ئوقۇپ كۆرۈپ يارىتالمىدىم – دە، غەلۋىردە بىرلا تاسقاپ، ئۇزۇنراق بىر شېئىر قىلىۋەتتىم، شېئىر قىلىنغاندىن كېيىنمۇ $\frac{1}{4}$ قىسمى قىسقىراپ كەتتى. بىر شېئىرغا تۇشلۇق ۋەقەنى بىر داستان قىلىمەن، دېگەنلىك — چۆچۈرىگە تۇشلۇق گۆشتە مانتۇ ئېتىمەن دېگەنلىكتۇر».

شائىر مۇھەممەت رەھىم بۇ ماقالىسىدا يەنە ئىجادىيەت داۋامىدا ئۆز كۆڭلىگە ياقمىغان ياكى ياقسىمۇ تازا دېگۈدەك راۋان بولمىغان مىسرا ۋە كۇبلېتلار ئۈستىدە قايتا ئىشلەش ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە خىل يېزىپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرى شۇلاردىن بىرنى تاللىۋېلىش ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىمۇ تەپسىلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ

بەرگەن. مەسىلەن: شائىر ئۆزىنىڭ «تۇرپان ئۈزۈمىگە مەدھىيە» ماۋزۇلۇق شېئىرىنىڭ 8 – مىسراسىنى توققۇز خىل يېزىپ بېقىپ، بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىنى تاللىۋالغان. بۇ توققۇز خىل مىسرالار تۆۋەندىكىچە:

ئۇنىڭ شېرىن گۇلابىغا تەسەددۇق ئەيلىمىدىم جانىدىن،
ئۇنىڭ شېرىن گۇلابى ئالدى جاي شۇ تەن بىلەن جانىدىن،
ئۇنىڭ شېرىن گۇلابى جاي ئېلىپتۇ تەن بىلەن جانىدىن،
ئۇنىڭ شېرىنلىكى شۆھرەت تالاشتى تەن بىلەن جانىدىن،
ئۇنىڭ لەززىتى شېرىنلىك تالاشتى تەن بىلەن جانىدىن،
ئۇنىڭ بال تەمى شېرىنلىك تالاشتى تەن بىلەن جانىدىن،
ئۇنىڭ شېرىنلىكى جاي ئالدى شۇئان تەن بىلەن جانىدىن،
ئۇنىڭ بال تەمى جاي ئالدى ھايالسىز تەن بىلەن جانىدىن،
ئورۇن ئالدى ئۇنىڭ شېرىن گۇلابى تەن بىلەن جانىدىن.

## 3 . ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يېزىلغان بەش پارچە خەت

«مېنىڭ ئىجادىيەت ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 – يىلى 4 – سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ماقالە كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە ئىنتايىن ياخشى تەسىر قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم قويۇۋاتقان ياش ھەۋەسكارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كەتكۈزۈپ قويۇلغان بىر قىسىم نۇقسان-خاتالىقلار تەلەپچان ئاپتورنىڭ ئۆتكۈر نەزەرىدىن يەنىلا ساقىت بولۇپ كېتەلمىدى. بۇ ماقالە تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىلىپ مەتبەئەگە بېرىلگىچە ۋە ژۇرنال نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغىچە پېشقەدەم شائىرىمىزنىڭ بۇ خاتالىق ۋە نۇقسانلارنى تۈزىتىش ھەققىدە يازغان ئۆزى كۆرگەن، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يازغان بەش پارچە قىممەت باھالىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە يېزىلغان ھەر بىر سۆز، ھەر بىر تەلەپ مەندەك بىر تەھرىر ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئەمەس، بەلكى ھوزۇر – ھالاۋەت، كۈچ-ئىلھام، ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ تۇنجى خېتى ماقالە بىلەن تەڭ قولۇمغا تەگدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«... سىز تەلەپ قىلغان ‹قىزىقارلىق يېزىقچىلىق ئادەتلىرى› نى تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئاخىرى يېزىپ چىقتىم. ئوقۇپ كۆرسەم، ئۆزۈمنى خۇددى كلاسسىك شائىرلاردەك گەۋدىلەندۈرۈۋەتكەن ئوخشايمەن. سىزگىمۇ شۇنداق سېزىلسە، چېكىدىن ئاشقان شۇنداق گەپ – سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىڭ، بەزى تەپسىلاتلار ئۇزۇن ياكى ھاجەتسىز بولسا، ئۇنىمۇ قىسقارتىۋېتەرسىز.

مەن 1980 – يىلدىن بۇيان ئىجادىيەت ئۇسۇلۇم ۋە تەجرىبىلىرىم توغرىسىدا ماقالە يېزىشنى ئويلاپ، بەزى شېئىرلىرىمنىڭ كۆپىيىلىرىنى ساقلاپ قويغانىدىم. سىزگە كېرەك بۇ نەرسىنى شۇ ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن يېزىپ چىقتىم، زېھنىي ئىقتىدارىم ئاجىز-

لاشقان (مېكەم چارچىغان) كۈنلەردە يازغىنىم ئۈچۈن، ئىككى قېتىملا تۈزەپ رەتلىۋەل-دىم، ئىمكانىيىتىم بولسا، يەنە بىر تۈزەپ، ماۋزۇلارغا ئايرىپ كۆچۈرۈپ چىقسام ياخشى بولاتتى.

مەن قويغان ماۋزۇ يارىماسلىقى مۇمكىن. ‹ئىجادىيەتتىكى ئەستايىدىللىق›، ‹تە-لەپچان ئەدىب›، ‹سىركە پىياز قەلەمكەش› دەمسىز ياكى ئۇلاردىن باشقىچە ماۋزۇ قو-يامسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ماۋزۇغا شائىر دېگەن سۆزنى قىستۇرمىسىڭىز ئىكەن...»

ئاپتورنىڭ بۇ خېتى مەن ئۈچۈن ۋە تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق تەھرىر خادىملار ئۈچۈن كۈچلۈك ئىلھام بولدى. بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل تەلەپچان-لىق، ئەستايىدىللىق روھىنى كەڭ مۇشتىرى ۋە قەلەمكەشلىرىمىزگە تونۇشتۇرۇش ۋە ئۈلگە قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ «ئەدەبىي ئىجادىيەت كۆرسى» ماۋزۇلۇق سىستۇنىدا ئېلان قىلىشنى ئويلاشتۇق. لېكىن ماقالىنى ئۆزۈم تۈزەۋاتقان «قىزىقارلىق يېزىقچىلىق ئادەتلىرى» ماۋزۇلۇق كىتابىمغا قايتا ئۆزگەر-تىپ تەھرىرلىگەندە، ئاپتورنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسى بويىچە ماقالە ماۋزۇسىنى «سىركە پىياز ئەدىب» دەپ ئۆزگەرتتىم.

«مېنىڭ ئىجادىيەت ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» ژۇرنالغا بېرىلىپ، دەسلەپكى سىگنال نۇسخىسى كوررېكتۇر قىلىنىۋاتقان پەيتتە، ئاپتورنىڭ ئىككىنچى خېتى قولىمىزغا تەگدى. بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«سىزنىڭ ‹4-ماي› كۈنى يازغان خېتىڭىزنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋالدىم. مەن يې-زىپ ئەۋەتكەن ‹يېزىقچىلىق ئادەتلىرىم› دىن بەكمۇ رازى بولۇپسىز، بۇ مىننەتدارلى-قىڭىز ماڭا ئىلھام بېغىشلىدى، ئەمما مەن ئۇ ماقالىنى سەۋىيە، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن كۆڭلۈمدىكىدەك يازالمىغانلىقىمدىن ھازىرغىچە خىجىللىق ھېس قىلىمەن.

قېرىدىغا نىسبەتەن ئىش بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ، ماغدۇر بار كۈنلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى زايا قىلىۋەتكەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى. ‹ئاروز ۋەزنى توغرىسىدا› دېگەن ماقالەمنى قايتا تولۇقلاپ ئىشلەيمەن، دەپ يۈرگىنىمگە ئون يىل بولدى. ‹قاپىيە لۇغىتى› نى قولغا ئا-لغىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. تىل مەسىلىلىرىگە دائىر تىزىسلىرىمدىن بەشتىن بىر قىسمىنى يازغانىدىمەن، قالغانلىرى خاتىرە دەپتىرىمدە ئۇخلاپ يېتىۋاتىدۇ. مانا ئەمدى شۇ ‹ۋەزىپىلەر› ئېچىمۇيېتىش شامىلىغا ئەگىشىپ، مېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ، شۇلارنى يورۇق دۇنياغا چىقىرىپ ئاندىن كۆز يۇمسام، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم. قىسقىسى، ئار-مان كۆپ، دەرمان يوق.

سىلەرگە ئەۋەتكەن ماقالەمدىكى بىر ئوخشىتىش ئىچىمنى بەك پۇشۇرۇۋەتتى. ‹مەن 1975-يىلىنىڭ بۇياقىدا بىر داستان يېزىشنى كۆپ ئويلىدىم› دېگەن بىر ئابزاستا: ‹بۇ، بىر تەخسە گاڭپەنگە توشلۇق گۈرۈچنى بىر قازان پولۇ قىلىمەن، دېگەنلىكتۇر› دېگەن ئوخشىتىش بار ئىدى، شۇنى ‹چۆچۈرىنى مانتۇ قىلىمەن دېگەنلىكتۇر› دەپ تۈزەپ قويۇ-سىڭىز ئىكەن، قالغان كەمچىلىكلىرىنى سىز تۈزەتكەندۇرسىز.

بۇ ماقالەمنى ماۋزۇلارغا ئايرىش ئاسان بولسا، سىز ئايرىۋېتەرسىز، ئاسان بول-مىسا مەيلى، 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولسا ئۈلگۈرىدۇ، دېسىڭىز، مەن ئۆزۈم ئايرىپ

ئەۋەتىپ بېرەي. ماقالىنىڭ باش قىسمىغا «ئىشتىياقىنىڭ باشلىنىشى»، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ ئۆتىدىغان ئابزاسلارغا «ئەگرى - توقاي يوللار» دەپ ماۋزۇ قويماقچىمەن. «سىركە پىياز» دېگەن ماۋزۇغا دائىر ئابزاسلارنى ئايرىۋېلىش قىيىنراق بولىدۇ. شۇ ماۋزۇلار بولارمۇ؟ مەسلىھەت بېرىڭ.»

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى تەلىپىگە ئاساسەن، بېسىلىش ئالدىدا تۇرغان ماقالىدىكى «بۇ بىر تەخسە گاكپەنگە تۇشلۇق گۇرۇچنى بىر قازان پولۇ قىلىمەن، دېگەنلىكتۇر» دېگەن بۇ جۈملە «چۆچۈرىنى مانتۇ قىلىمەن دېگەنلىكتۇر» دەپ ئۆزگەرتىلدى. لېكىن، كىچىك ماۋزۇلارنى قوشۇشقا ئىمكانىيەت بولماي ئەسلى پېتى بېرىلدى.

«مېنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم» ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، 20 كۈن ئۆتكەندە، ئاپتورنىڭ 3 - پارچە خېتى قولىمىزغا تەگدى. خەت بىلەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىنىڭ سەككىز بېتىمۇ قوشۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئەستايىدىل تەھرىرلىنىپ، خېلى كۆپ ئىملا خاتاسى تۈزىتىلىپتۇ. بۇ خاتالىقلارنىڭ كۆپ قىسمى، كوررېكتورلۇق قىلىش جەريانىدا سادىر قىلىنغان بولغاچقا، ئۆزىمىزمۇ ئىنتايىن خىجىل بولدۇق. لېكىن، بۇ خاتالىقلارغا قايتا تۈزىتىش بېرىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئاپتورنىڭ بۇ خېتى مۇنداق يېزىلغانىدى:

«‹قەشقەر ئەدەبىياتى› نىڭ بۇ يىلقى 4 - سانىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بەك خوشال بولدۇم. ماقالەمنى ھەقىقەتەن ئەينەن بېسىپسىلەر. مۇشۇنداق قىلغاندا، كىتابخانلارنىڭ نەزەردە ئەسەرنىڭ ياخشى - يامان تەرەپلىرى ئاپتورغا مەنسۇپ بولىدۇ. بىراق، سۆز ۋە جۈملىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئىملا خاتالىقلىرىمۇ بار ئىكەن. مېنىڭ سىركە پىياز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، كوررېكتورلۇقنى ياخشى قىلمىناپتۇ.

1) «شېئىرغا ئىلتىجا» دېگەن ماۋزۇ «شېئىرىيغا ئىلتىجا» بولۇپ قاپتۇ، مەن ئۇ شېئىرىمدا ئومۇمەن شېئىرىيەتكە (پوئېزىيىگە) ئىلتىجا قىلدىم. «شېئىرىيغا ئىلتىجا» بولغاندا:

قەلىمىم كۆزلىرى ساقايغان چاغدا،
قارىسام تۇرىسەن بۈيۈك چوققىدا.
يامىشىپ قولۇڭنى تۇتالمىدىمەن،
ئېيتقىنا كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا؟

دېگەن كۇپلېتتىكى پىكىرگە زىت بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ شېئىرىيەتنىڭ چوققىسىغا چىققان بىرمۇ شېئىرىم يوق.

2) 99 - بەتتىكى «شېرىنلىكى»، «شېرىنلىك» دېگەن سۆزلەر «شىرنىلىكى»، «شىرنىلىك» قىلىپ بېسىلىپتۇ. «ن» نىڭ چېكىتى قەيەردە تۇرغانلىقىنى كۆرمىگەن قانداق نابۇرچىك ۋە قانداق كوررېكتور ئۇ!؟ شېرىن — سۈپەت سۆز، شىرنە — ئىسىم. «شىرنىلىك» بولغاندا ۋەزىن بۇزۇلىدۇ ھەم سۆز جايىغا چۈشمىگەن بولىدۇ.

3) شېئىر يازغاندا بۇزۇلغان سۆزلەرنى بۇزۇلغان پېتىچە ئىشلەتمەيمەن، دېگەن ئادەم بىر سۆزنىڭ ساق شەكلى بىلەن بۇزۇلغان شەكلىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەن بۇزۇلغان سۆزلەرگە مىسال قىلىپ «دۇتتار» يازغانىدىم، ژۇرنالدا «دۇتار» بېسىلىپتۇ. دېمەك، مەن «دۇتار»نى بۇزۇلغان شەكلى، دەپ تونۇيدىغان ئادەم بولدۇم. بۇ — مۇشۇ ماقالىدىكى بىردىنبىر يىرىك ئىملا خاتالىقى! مېنىڭچە، تۈزىتىش بەرسەڭلار دەيمەن. كىتاب بېسىلغاندا، قەتئىي «دۇتتار» بولسۇن.

4) 98 - بەتتىكى «قىش پەسلىدە ئېچىلغان گۈلدەك» دېگەن مىسراغا ئىزاھ بەلگىسى قويۇلماپتۇ. ئۇنىڭ ئىزاھى 99 - بەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. كىتاب بېسىلغاندا، ئىزاھ سۆز بەڭباشلىق قىلىپ، ئىزاھلانغۇچى مىسرادىن يىراقلاپ كەتسە، پاچىقىغا ئۇرۇپ جايىغا ئەكىلىپ قويۇڭ.

5) 97 - بەتتىكى تۈزىتىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەندىن ئۆتۈلگەن كەمچىلىكلەر، يەنى جايىغا چۈشمىگەن سۆزلەر، راۋان چىقمىغان جۈملىلەر. بۇ كەمچىلىكلەرنىمۇ تۈزەپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئالدىراشلىقتا «مەقسەت» ئورنىغا «ماھىيەت»نى، «سۆزلەر» ئورنىغا «نەرسە»نى ئىشلىتىپ قويۇپتىمەن. «چۈشەندۈرىدىغان» دېگەن سۆزنى «چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان» دەپ ئالساق ياخشىراق بولىدۇ. بۇ كەمچىلىكلەر مېنىڭ ئەستايىدىللىقىمغا قاقاچ بولۇپ چاپلىشىپ قاپتۇ. بۇ سۆزلەرنى تۈزەپ قويمىسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

بۇ ماقالەمدە (يېزىقچىلىق ئادەت ۋە تەجرىبىلىرىمدە) يېزىشقا تېگىشلىك گەپلەردىن قالغانلىرى خېلى بار ئىكەن. ھېلىمۇ ھەممە ئادەمدىن ئۇزۇن يېزىپتىمەن. قالغان گەپلىرىمنى كېيىنچە يەنە بىر ماقالە قىلارمەن. ھېلىقى «چىڭچۇرنى ماتتۇ قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن ئوخشىتىشنى دەل جايىغا سېلىپ قويغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئارام تاپتى. بۇ ئوخشىتىش لويىلا ئورنىغا قىزىلگۈل تىكىلگەندەك يارىشىپتۇ. شۇڭلاشقا، ماھمۇتجان ئىسلام مېنى تونۇشتۇرغان ماقالىسىدا بۇ ئوخشىتىشنى ئىككى يەردە تىلغا ئاپتۇ. مانا، سىزگە پىيازلىقنىڭ پايدىسى!

بۇ ماقالەمدىكى يۇقىرىقى كەمچىلىكلەرنى تۈزەپ قويۇشتا پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن تۆت ۋاراقنى كېسىپ ئەۋەتتىم. كىتابىڭىزدا تۈزىتىلىپ بېسىلسا، كۆڭلۈم ئۆسۈپ، روھىم ئۇرغۇپ، ئازادىلىق ھېس قىلارىدىم.»

ئاپتورنىڭ 4-، 5 - قېتىملىق ئىككى پارچە خېتى ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىلغان خەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنىلا شۇ ماقالىدىكى ئىملاگىرىدىكى خاتالىقلارغا قارىتا تۈزىتىش بېرىلگەن - بېرىلمىگەنلىكى، يېڭىدىن بېرىشكە تېگىشلىك تۈزىتىشلەر ھەققىدىكى كۆز قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆتىنچى قېتىملىق خەت 1990 - يىلى 7 - يانۋاردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

««شېئىرىمغا ئىلتىجا» بىلەن «دۇتار» دىن ئىبارەت ئىككى خاتاغا تۈزىتىش بېرىلدىمۇ؟ سىز بىر خېتىڭىزدە «بۇ خىلدىكى ماقالىنىڭ ياشلارغا بېرىدىغان تەربىيىسى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىنىڭ تەربىيىسىدىنمۇ چوڭراق» بولىدۇ، دەپ يازغىنىڭىز يادىمدا. بۇ سۆزىڭىز توغرا. مېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئادەت ۋە تەجرى-

بىلەر توغرىسىدا يازغانلىرىمىز ھەققىدە ياخشى يېزىلغان بولسا، سىز ئېيتقاندەك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ. مەن ئۆز ماقالەمدە نۇرغۇن كەمچىلىك بارلىقىنى سېزىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىدىكى ئىككى خاتانى ئوڭلىسام، بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. نېمە ئۈچۈن مىسال تېپىلمىغاندەك «دۇتتار» نى ئالغاندىمەن... دەپ قالدىم.»

ئاپتورنىڭ 5 - قېتىملىق خېتى يەنىلا شۇ مەزمۇن ۋە مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېوپنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا (مەن ئۇنى مۇھەممەت رەھىمنىڭ يېزىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان ئىدىم) بولۇپ، خەتتە تۆۋەندىكىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

«... تېيىپجاننىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدىكى ماقالىنى ئاخىرى ئۆزۈم يېزىشقا باشلىدىم. ھازىر يېرىمىنى يېزىپ بولدۇم. سالامەتلىكىم يار بەرمىگەنلىكتىن يېزىش سۈرئىتىم ئاستا بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ تەلەپكە لايىق يازالماسلىقىم مۇمكىن، بۇنىڭغا سىز كۆپرەك كۆز چىقىرارسىز. ئابدۇللانىڭ يازغىنىنىمۇ ئەۋەتىپ بېرىمەن. مەرھۇم ئۆزى يازغان بولسا «يېزىقچىلىق ئادەتلىرى» دېگەن تەلەپكە لايىق، ياخشى يازاتتى. بىز (كىم بولسا بولسۇن) ھەر قانچە قىلساقمۇ ئۆزىدەك يازالمايمىز ھەم ئەسلىمە قىلىپ يازماقتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. مەن يېزىپ بولغىچە سىزنىڭ كۈتۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بۇ خەتنى يازدىم.»

ئىككىنچى گېپىم: مېنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرىمدە بەزى گەپ-سۆزلەرنىڭ ئارتۇق - كەملىكىنى سەزدىم:

1) 49 - بەت 22-، 23 - قۇرلاردىكى «مۇنداق شارائىتتا ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان مەۋقەسىز ئادەمنىڭ قەلىمىدىن سىياھ ئەمەس، زەھەر تامىدىغانلىقىنى كېيىن چۈشەندىم» دېگەن جۈملىنى چىقىرىۋېتىش: بۇ گەپ ئالدىدىكى جۈملىگە تازا ماسلاشمايتتۇ.

2) 95 - بەت 9- قۇردىكى ئەستايىدىللىقىنىڭ «... دەردىنىمۇ تارتتىم» دېگەن جۈملىنى «ئازراق زېيىنىنىمۇ تارتتىم» دەپ تۈزىتىپ قويۇڭ. بۇ جۈملىدىمۇ كەتكۈزۈپتىمەن. «ئەستايىدىللىقىنىڭ پايدىسىنىمۇ كۆردۈم، دەردىنىمۇ تارتتىم» دېيىلسە، پايدىسى بىلەن زېيىنى تەڭلىشىپ قالىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە خاتا.

3) 97-بەت 19-، 20- قۇرلاردىكى «... ماھىيىتى شۇ مىسرالاردىكى ئاخىرقى تۇراقنى بەش بوغۇم قىلىپ تولدۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى» دېگەن جۈملىنى «... ھەممىسى بەكمۇ سىركە پىيازلىق قىلىپ كەتكەنلىكىمدىن كېلىپ چىققان ئاۋارىچىلىق ئىدى» دەپ تۈزىتىپ قويۇڭ. بۇ جۈملىدە سىركە پىيازلىق قىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبى خاتا كۆرسىتىلىپ قاپتۇ. بۇ تۈزىتىشلەرنى ئېغىر كۆرمەسلىكىڭىزنى سورايمەن.»

شائىر مۇھەممەت رەھىمنىڭ بىر ماقالە توغرىسىدا يازغان بەش پارچە خېتى مانا شۇنداق ئاياغلاشتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ يوللۇق تەلەپ ۋە تۈزىتىشلىرىنى ژۇرنال بېتىمىزدە ئۇدۇللۇق ئېلان قىلىپ كېتىشكە ئامالسىز قالدۇق. بىرلا چارە — ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان ھېلىقى كىتاب كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەشر قىلىنىپ قالسا، ئاپتورنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىد - ئارزۇسىنى ئەلۋەتتە ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرەلەيمەن.

بىز مانا يۇقىرىدىكى بەش پارچە خەت ۋە جانلىق پاكىتلاردىن پىششىقەدەم شائىرنىڭ (ئۇ خېتىدە ئۆزىنى «شائىر» دەپ ئاتىماسلىقنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ،

لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا يەنىلا شائىر دەپ ئاتىدىم، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن) ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزۇتسىيەسىنى ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ئۈچۈن ھارماي - تالماي يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىيجاناب گۈزەل خىسلەت - پەزىلىتىنىڭ يارقىن ئۈلگىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## خۇلاسە

بۇ ماقالىدىن چىقىدىغان بىردىنبىر خۇلاسە شۇكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت - ئىلىم - پەننىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاشلا، مۇشكۇل ئىجادىي ئەمگەكنى، ئەستايىدىللىقنى ۋە «قۇدۇق قېزىش يىڭنە ئىزدەش» تەك جاپا - مۇشەققەتلىك ئىجادىي ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پائالىيەت. شۇڭا، يېزىقچىلىق ئىشىغا قەدەم باسقان ھەر قانداق بىر كىشى (ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچى، شائىرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس) ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت نىزامى ۋە پروگراممىسىنىڭ باش قىسمىغا چوقۇم مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئالاھىدە نەقىشلەپ يېزىۋېلىشى لازىم. ئۇ بولسىمۇ: «ئەستايىدىل بولۇش»، «ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش!»

لېكىن ھازىر ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويۇپ كىرىۋاتقان كۆپلىگەن ياشلار، ھەتتا خېلى ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ستاژىغا ئىگە ئوتتۇرا ياشلىق قەلەمكەشلىرىمىزمۇ (مەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس) بۇ خىل قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي كەلمەكتە. ئۇلار ئەسەر يازغاندا قول ئۈچىدىلا يېزىپ بولدى قىلىدۇ - دە، توغرا - خاتاسى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ تۈزىتىپ بېرىشىنى ئۆزى ئۈچۈن كەمسىتىش ھېسابلاپ، ھاپىلا - شاپىلا مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا سۇنۇپ، تەھرىر خادىملارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئەدەبىي ئەسەرنى قايتا ئىشلەش ۋە تەھرىرلەش پەقەت تەھرىر خادىملارنىڭ ۋەزىپىسىلا بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆز «ئەسىرىنىڭ قاش-كىرپىكىنى تۈزىتىپ» قويۇشنى، چېكىت، پەشلىرىنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىرىق نەچچە يىل شۇغۇللانغان بىر پېشقەدەم شائىرنىڭ بىر چېكىت، بىر پەش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقتىنى زايا قىلىپ، تەھرىرلەرگە ئۆزلۈكسىز خەت يېزىۋاتقانلىقىنى، ئۆز ماقالىسىدا بىر سۆز ياكى بىر جۈملىنى بىئەپ ئىشلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت - نادامەت چېكىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئويلىمايدۇ، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

ھازىر گېزىت - ژۇرناللىغا ئەسەر ئەۋەتىۋاتقان كۆپلىگەن قەلەمكەشلىرىمىزدە مۇنداق بىر قانچە خىل سەلبىي ئەھۋاللار مەۋجۇت:

1) يازغان ئەسىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئوقۇيالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىملاسى خاتا، شەكلى سەت. بۇ خىل ئەسەرنى قولغا ئالغان تەھرىر خادىملار بىر قاراپلا بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىدىن ۋە مەزمۇنىدىن گۇمانلىنىدۇ - دە، تەھرىرلەشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئاپتور نەزىرىدە ھەر قانداق ياخشى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ تۈپ ئىللىتىدىن قېپقالىدۇ.

شۇڭا، يازغۇچى، شائىر بولۇش نىيىتىگە كەلگەن ھەر قانداق بىر كىشى ئەڭ ئالدىن شېئىر، ھېكايە، رومان يېزىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئۆز ئانا تىلىنى، يېزىقىنى ۋە ئۇنىڭ

ئىملا قائىدىسىنى بىر قەدەر پۇختا ئۆگىنىش كېرەك. بۇ جەھەتتە پېشقەدەم شائىرىمىز مۇھەممەت رەھىم بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز، ئەلۋەتتە.

2) ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇشكۈل ئىجادىي ئەمگەك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئۇنى «نام چىقىرىش»، پۇل تېپىش، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلىش. يېقىندىن بۇيان، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىۋاتقان بىر قىسىم خەت - چەك ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن قارىغاندا، خېلى كۆپلىگەن ھەۋەسكارلار شېئىر، ھېكايە يېزىشنى نام چىقىرىش، شۆھرەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى دەسمايىسى، دەپ بىلىدىكەن. يەنە بەزىلەر شېئىر، ھېكايە يېزىشنى، دەم ئېلىش ۋە پىنسىيىگە چىققان كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ قارايدىكەن. يېقىندا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ تەھرىر بۆلۈمگە ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «يولداش تەھرىر! مەن بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىردىم. × × × يېزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن، مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم: ھازىردىن باشلاپ شېئىر يېزىپ، ئوتتۇز ياشقا تولغىچە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى بولۇپ، دۇنياغا تونۇلۇش. شۇڭا بۇ شېئىرلىرىمنى دەرھال ژۇرنال يۈزىدە ئېلان قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!». ئەپسۇسكى، بۇ ياش ھەۋەسكارىمىزنىڭ بۇ يازغان شېئىرى، شېئىر دېيىشكە كەلگىمۇ ئىگە بولالمىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، خەتلىرىنىمۇ ئوقۇشقا بولمايدى (مەن بۇ ياشنىڭ راسلا ئەشۇ يۈكسەك ئۈمىد - ئارزۇسىدىن يانماي، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە دېگەن مەقسىتىگە يېتىشىشىگە تىلەكداشمەن).

دېمەك، ئەدەبىي ئەسەر ئاسانلا يازغىلى بولىدىغان، نېمىنى يازسا بولۇۋېرىدىغان ئاددىي سالام خەت ئەمەس، بەلكى مۇشكۈل ئىجادىي ئەمگەك، ئىجادىي تالانت، ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ جاپالىق ھەم شېرىن مېۋىسى.

3) ئۆزى بىلمىگەن تىلنى ئىشلىتىش، بىلگەنلىرىنىمۇ جايىدا ئىشلىتەلمەسلىك — بۇ، كۆپلىگەن ئاپتورلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ، ياش ئاپتورلارنىڭ شېئىر، ھېكايىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇلار گۈزەل پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى بۇ ئەسەرنىڭ دەبدەبىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتسە كېرەك. مۇنداق بولغاندا، يەنى ئۆز تىلىنى بىلمەي ۋە تامامەن چۈشەنمەي ئەسەر يازغاندا، ئۇنى قانداقمۇ شېئىر، ھېكايە دېگىلى بولسۇن؟ مەن يېقىندا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ «گۈزەل ئاخشام» ماۋزۇلۇق بىر پارچە شېئىرىدا «زىنھار» دېگەن سۆزنى «باھار» دېگەن ئۇقۇمدا، «سابا» دېگەن سۆزنى «تاڭ سەھەر» دېگەن ئۇقۇمدا ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزىمۇ بۇ سۆزلەرنى شۇ مەزمۇندا چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدىم. دېمەك، تىل — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەر قانداق كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پۇختا بىلىشى، بىلگەنلىرىمۇ، لۇغەت مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، جايى - جايىدا قوللىنىشنى، يېزىشنى بىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا يازغان ئەسەرلىرىمىز راۋان، پاساھەتلىك، چۈشىنىشلىك چىقىدۇ - دە، خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. مەن بۇ جەھەتتە، يەنىلا پېشقەدەم شائىرىمىز مۇھەممەت رەھىمنىڭ «سىركە پىيازلىق» ئىجادىيەت روھىغا مەدھىيە ئوقۇيمەن.

**قاۋۇل ساۋۇر**

# كىم كۈچلۈك؟

(ھېكايە)

مېنىڭ بىر قانچە دوستلىرىم بار، دائىم ئېلىش كۈنلىرى توپلىشىپ ئوينايمىز. مەن گەپدانلىقتا ئۇلاردىن ئانچە قېلىشمىسامۇ، ماختىنىشقا كەلگەندە، ئۆزۈمنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرسى: «دادام چوڭ سودىگەر، بىز ھەممىدىن باي» دېسە، بىرسى: «دادام بۆلۈم باشلىقى، بىز ھەممىدىن چوڭ» دەيدۇ. بىرسى: «ئاكام ئۇستا چامباشچى، بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېسە، بىرسى: «ئانامنىڭ ئاغزى بەك يامان، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزدىن قورقىدۇ» دەيدۇ. بىراق، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. دادام باي ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى يۈز يۈەنگە يېقىن مائاشى ئائىلىمىزدىكى بەش جاننى قامداشقا ئارانلا يېتىدۇ. دادامنىڭ ئېغىزغا ئالغىدەك ئەمەلمۇ يوق. ئۆزى ئورۇق ۋە كېسەلمەن بولغاچقىكىن، ئەزەلدىن بىر كىم بىلەن مۇشتلىشىپ باققىنىنىمۇ بىلمەيمەن. قىسقىسى، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ماختانغۇدەك گەپ تاپالمىدىم-دە، ئاخىر دادامدىن سورىدىم:

— دادا، مەن باشقىلار ئالدىدا نېمە دەپ ماختىنىشىم كېرەك؟

دادام تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

— بۇ سوئال قانداقلارچە تۇغۇلۇپ قالدى. ئوغلۇم،— دەپ قايتۇرۇپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا دوستلىرىم ئارىسىدا بولغان ھېلىقى گەپلەرنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردىم. دادام تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئارقىمۇ ئارقا بىر نەچچە قېتىم شورىدى ۋە بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— بىزمۇ كەمبەغەل ئەمەسقۇ؟ شۇڭا، دادام ھەممىدىن باي، دەپ ماختىنىۋەرگىن،— دېدى.

— ئۆيىمىزدە دۆۋە-دۆۋە كىتابلاردىن باشقا نەرسە بولمىسا، بىزنى قانداقمۇ باي دېگىلى بولسۇن؟— دېدىمەن، كىتاب جازىسى، شىرە ۋە دېرىزە تەكچىلىرىنى قاپلاپ تۇرغان كىتابلارنى كۆرسىتىپ.

دادامنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى:

— نېمە؟ كىتابلار بايلىق ھېسابلانمامدىكەن؟ «بىلىم — كۈچ» دەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ پۇلنى خەجلىسە تۈگەيدۇ، ئەمەل دېگەن باقى ئەمەس، نى كۈچلۈك پالۋانلارمۇ قېرىپ ئۆلىدۇ، مەڭگۈ ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا بىلىم.

دادامنىڭ بۇ گەپلىرىدىن كۆڭلۈم



يورۇپ كەتتى. دېمەسمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بۇنچىلىك كىتابلار يوق. مەن ئۆيىمىزدىكى كىتابلارنى زېرىكمەي سانىدىم. قەغەز پېششكەلەردىكىنى تەخمىنەن 150 پارچە ھېسابلىغاندا، جەمئىي سەككىز يۈز ئوتتۇز يەتتە پارچە كىتاب بار ئىكەن. مەن بۇ سانىنى پىششىق يادلىۋالدىم ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ، ماختىنىش پۇرسىتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇم. يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز بىر يەرگە توپلىشىپ قارت ئوينۇدۇق. قارت ئارىلىقىدا يەنە ھېلىقى گەپلەر باشلىنىپ قالدى:

— بۇ قارتنى دادام ئېلىپ بەردى. ئۇ يەنە ئۇرۇمچىدىن پويىز ئالغاچ كەلمەكچى، — دېدى سودىگەرنىڭ ئوغلى قاھار ماختىنىپ.

— بىز دېگەن بۇنداق نەرسىلەرنى پۇلغا ئالمايمىز، دادامنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر ئۇرۇمچىگە ئېكىسكۇرسىيىگە بارماقچى. ئۇلارنىڭ ماڭا ئەكەلمەيدىغان ھېچنەرسىسى قالمايدۇ، — دېدى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئوغلى ئەركىن.

— مېنىڭ بۇنداق نەرسىلەر بىلەن خوشۇم يوق، — دېدىم مەنمۇ پەيتنى كەلتۈرۈپ، — مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم كىتاب. دادام ئېلىپ بەرگەن. كىتابلار سەككىز يۈز ئوتتۇز يەتتە پارچىغا يەتتى، دەڭلار.

— ھە، راستىمۇ؟

ئۇلار قىزىقىشقان ھالدا ئاغزىمغا قارىشىپلا قالدى.

— ئىشەنمىسەڭلار، بېرىپ ساناپ كۆرۈڭلار.

— ساناپ نېمە قىلاتتۇق؟ — دېدى چامباشچىنىڭ ئىنىسى مەمتۇل، — كىتاب دېگەننى چوڭ بىلمەيمىز. بىزنىڭ ئۆيدە، چامباشچىلارنىڭ سۈرىتى بېسىلغان كىتابلاردىن باشقىسىنى ئوچاققا تۇترۇق قىلمىدىغان گەپ.

— «بىلىم — كۈچ» دەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ، — دېدىم مەن مەمتۇلنىڭ ئۆيىدە كۆلگە ئايلىنىۋاتقان كىتابلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ.

— نېمە؟ بىلىم — كۈچ؟ نېمىنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى ھازىرلا كۆرۈپ قالىسەن، — مەمتۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، كىنودىكى چامباشچىلارنى دورىغىلى تۇردى، — ھا...ھايت!

ئۇنىڭ زەرپ بىلەن تەگكەن ئالقىنى بۇرنۇمدىن قان ئالدى.

— ھۇ، شەيتان! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

تۇساتتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز، دادامنىڭ دوستى ھامۇت ئاكىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ قېچىشقا تەمشەلگەن مەمتۇلنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇۋالغانىدى. مەمتۇل قورقۇنچ ياكى خىجالەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولالمايدىغان بىر ھالەتتە پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇراتتى.

— نېمانچە بەدقىلىق بالىسەن؟ — دېدى ھامۇت ئاكا مەمتۇلنى ئەيىپلەپ، — بىلىم — كۈچ، دېگەن يامان گەپمۇ؟ تېخى يەنە «كۈچى بار بىرنى يېڭەر، بىلىمى بار مىڭنى» دېگەن گەپمۇ بارغۇ. بۇ گەپ ئۈچۈن مېنىڭ بۇرنۇمدىنمۇ بىر قان ئېلىۋەتمەمسەن؟...

ھامۇت ئاكىنىڭ خېلى ۋاقىت داۋام قىلغان تەنبىھلىرى تەسىر قىلدى بولغاي، مەمتۇل خىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. قاھار يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، مېنىڭ بۇرنۇمدىكى قان يۇقۇندىلىرىنى سۈرتتى.

— بولدى، يىغلىما، — دېدى ھامۇت ئاكا، مەمتۇلنى خىجالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، — مەن سىلەرگە بىر تېپىشماق تاشلاي، ئۇنى كىم يېشەلىسە، شۇنى مۇكاپاتلايمەن. بولامدۇ؟

— بولىدۇ، - دېدى ئه ركىن، - قېنى
ئه يتىلڭ.

— بۇ تېپىشماق گه پ بىلەن ئه مه س،
به لكى هه رىكه ت بىلەن يېشىلىدۇ. جۇرۇڭلار!

ھامۇت ئاكا بىر قولىدا مه ستۇلىنى،
بىر قولىدا مېنى يېتىلىدى. ئه ركىن، قا-
ھار، مىجىتله رمۇ بىزگه ئه گه شتى. بىز ئىك-
كى يۈز قه ده مچه مېڭىپ، ھامۇت ئاكىنىڭ
ھويلىسىغا كىردۇق. ئۇ بىزنى باغدىكى بىر
دانه تېرەك كۆتىكىنىڭ يېنىغا باشلاپ كه ل-
دى، كۆته كنىڭ ئه تراپىدا ئه ڛكى بورا،
ۋاسا ۋه كونا جه گه ياغاچلار تۇراتتى.

— قېنى بۇ كۆته كنى كىم يالغۇز ئىر-
غىتالايدۇ؟ - دېدى ھامۇت ئاكا ھه مىمىز-
گه تە كشى قاراپ.

— مەن، - دېدى ئه ركىن. ئۇ نىڭغا قو-
شۇلۇپ مه ستۇل ، قاھار، مىجىتله رمۇ دو
چېقتى. مەن دەما للىققا ئۇندىمىي تۇرۇپ
قالدىم. ئاۋۋال ئه ركىن، ئه ڭ ئاخىرىدا
مه ستۇل بىر - بىرلەپ «تېپىشماق» نى يې-
شىشكه تۇتۇندى. ئۇلارنىڭ ھه ر بىرى بىر
نه چچه مىنۇت ھه پىلىشىپ، پۈتۈن ئه زايى
ته رگه چۆمۈلگه ن بولسىمۇ، كۆته ك قىمىر
قىلماي تۇرۇۋەردى. مه ستۇل
گۆرەن تومۇرلىرىنى
كۆپتۈرۈپ، ئۆپكىدەك ئىششىپ تۇرۇپ،
كۆته كنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتەرمەكتە
ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئىشتا سا ل-
غان نه پەس گۇمبىسى نه تىجه
بەرمىدى.

— قېنى مۇختار، سه نمۇ ئۆزۈڭنى بىر
سىناپ باقما مسەن؟ - دېدى ھامۇت ئا كا
ماڭا قاراپ.

«بىلىم — كۈچ» ئۇستىدە ئويلىنىپ
قالدىم. به لكىم، بۇنىڭغىمۇ بىلىم كېرەك-
تۇر. تۆت يىلدىن بۇيان ئۆتۈلگه ن دەرس-
لە رنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كه ل-
تۈردۈم. بىراق، كۆته ككه مۇناسىۋە تلىك
بىرە ر نه رسه ئېسىمگه كه لمىدى. نه زە ر دىم گا ھ
كۆته ككه، گا ھ ئه تراپتىكى ئه سكى بورا ۋە
ياغاچ - تاشلارغا ئاغىپ قىتا ئىدى. بىردىنلا
ئۆتكەن ھه پتە ئۆتۈلگه ن پىشاڭنىڭ رولى
ھه ققىدىكى دەرس يادىمغا كه لدى. توغرا،
كۆته ك — يۈك، يۈكنى ئاغدۇرۇشتا پىشاك
ئارقىلىق كۈچ ۋە ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى
بولىدۇ ئه مه سمۇ؟

— بولىدۇ، قېنى سىناپ باقاي، -
دېدىم-دە، بىر تال جه گىنى كۆته كنىڭ تۈ-
ۋىگه دومىلىتىپ توغرىسىغا قويدۇم. بىر
تال ۋاسىنىڭ ئۇچىنى كۆته كنىڭ ئاستىغا
تىقىپ، جه گىنى تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ،
ۋاسىنىڭ يه نه بىر تال ئۇچىنى زورۇقۇپ
باستىم. بۇنىڭ بىلەن كۆته ك ئاز - پا زلا
مىدىرلاپ، ئۆز جايىدا توختاپ قالدى.
مەن بىردىنچى بولۇپ كۆته كنى مىدىرلىتا-
لىغىنىم ئۈچۈن، ئه تراپتىكىله رگه مه غرۇ-
رانه نه زەر سالدىم. كۆزۈم مه ستۇلنىڭ
كۆزى بىلەن ئۇچراشقانىدا، ئۇ، قىزىرىپ
يه رگه قاردۋالدى. بىراق، ئۇ كۆته كنى
مىدىرلىتالىغىنى بىلەن مه نمۇ كۆته كنى
غۇلىتىۋېته لمىدىمغۇ!؟

مەن يه نه «بىلىم — كۈچ» ھه ققىدە
ئويلىنىپ قالدىم. چۈنكى، كۆته كنىڭ مى-
دىرلىشى بىلىمىنىڭ كۈچى ئىدى. لېكىن ئۇ
نېمه ئۈچۈن غۇلىمايدۇ؟ به لكىم بۇ ھه قتى-
كى بىلىمله رنى تولۇق پايدىلىنالماي ۋا ت-
قاندىمەن. بۇ ھه قتە يه نه نېمىله رنى ئۇ ن-
تۇپ قالدىمكىن؟ ھه، توغرا! پىشاڭنىڭ
ئىش پرىنسىپى... مەن دەرھال ۋاسىنى چۆ-
رۈپ تاشلاپ، كىچىكرەك بىر تال جه گىنى
تولىمۇ ته سلىكته كۆتۈرۈپ كه لدىم - دە،

(ئاخىرى 38 - به تته)

ۋاھىدى (ئابدۇۋايىت توختى)

# دوپپا تەقدىم قىلىش

(ھېكايە)

مەن مىرزى بىلەن بىر كوچىدا چوڭ
بولغان، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز بىـ
رىنچى يىللىقىدا بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتـ
ىمىز. بىزنىڭ كوچىمىز «ئەنجان كوچىسى»
بولۇپ، بۇ كوچىدا مىرزىلار ۋە ئۇلارنىڭ
ئۆز بېلىك تۇغقانلىرى ئولتۇراقلاشقان. داـ
دامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، دادام بىلەن
ئانام ئۇيغۇر بولۇپ، دادام بۇ كوچىغا
ئانامنى ئەمرىگە ئېلىپ ئانامىلارنىڭ ئۆـ
يىگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. دادام ياۋاش،
ئاغزى يۇمشاق مۆمىن كىشى بولغاچقا، «ئەنـ
جان كوچىسى» غا قومغا سۇ سىڭگەندەك سىـ
ڭىپ كەتكەنىكەن.

قوشنىمىز مۇختار ئەۋزىنىڭ ئوغلى —
مىرزى بىلەن مەن دائىم بىللە ئوينايتـ
تۇق، مەكتەپكىمۇ بىللە بېرىپ، بىللە كېـ
لەتتۇق. ئىككىمىز مۇزاكىرىنىمۇ بىرگە قىـ
لاتتۇق، مىرزى ماتېماتىكا پەنلىرىگە ماـ
ھىر ئىدى، مەن تىل - ئەدەبىياتقا
قىزىقاتتىم.

بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ قاـ
لاتتىم. لېكىن شۇ زاماتلا ئەپلىشىپ كېـ
تەتتۇق. دادىلىرىمىز ياخشى ئۆتىسىمۇ، بىـ
راق ئانىلىرىمىز ئانچە ئىناق ئەمەس
ئىدى، نېمىشقىدۇ پات - پات تاپا - تەـ
نە ئېيتىشىپ قالاتتى.

قەشقەرنىڭ ئوردا ئالدىدىكى دوپپا باـ
زىرى قىزىپ كېتەتتى، ئانام بىلەن مىرـ
زىنىڭ ئانىسى دوپپا تىكىپ ساتاتتى. دوپـ
پا بازىرىدا بادام دوپپا، چىمەن دوپپا،
چۆچۈرە بادام، تەللا دوپپا، مەرۋايىت
دوپپا، دۇخاۋا دوپپا...لار، ۋاي - ۋۇي،

رەڭگارەڭ بۇ دوپپىلار شۇنچە كۆپ، شۇنـ
چە گۈزەللىكى بىلەن كۆزنىڭ يېغىنى يەيتـ
تى. خۇددى دوپپا بازىرى ھۆپپىدە ئېچىـ
لىپ كەتكەن گۈلزارلىق باغقا ئوخشايتتى.
بازار كۈنلىرى ئانام مېنىڭ بېشىمغا يېـ
شىل چىمەن دوپپا كىيگۈزۈپ خېرىدار چاـ
قىرسا، مىرزىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ بېشىغا
چۆچۈرە بادام دوپپا كىيگۈزۈپ بەس -
بەستە خېرىدار چاقىراتتى. مىرزى سېرىق
بولغاچقا، ئاپتاپتا ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى
يۇمۇلۇپ چىمىلداپ كېتەتتى، مېنىڭ چىـ
رايىم رەڭگىم قارامتۇل بولغاچقا، چىمەن
دوپپا كىيگەن تومتۇملاق بېشىمدىن تەرـ
چىقىپ دوپپىنىڭ جىيەكلىرى نەملىشىپ
كېتەتتى.

بۇ يىلقى بايراملار بايرىمى تېـ
خىمۇ خاسىيەتلىك چاغدا يېتىپ
كەلدى. بايرامنى ئەللىي ئەنئەنىمىز بو-
يىچە كۆركەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، خاـ
نىملار ئوغۇللارغا چۆچۈرە بادام، قىزلارـ
غا مەرۋايىت ياكى گۈلەم چىمەن دوپپا كېـ
يىپ كېلىشنى تاپشۇردى. بايرام ھەپتىسى
بالىلار دوپپا بازىرىدا مىغىلدا يتتى. مىرـ
زى ئىككىمىز ئۆز دوپپىلىرىمىزنى ماختاپ
دوپپا بازىرىنى چاڭ كەلتۈرەتتۇق. مىرـ
زىنىڭ دوپپىلىرى ئەرزانراق بولغاچقا
بىر دەمدىلا سېتىلىپ بولدى. قىزلارنىڭ
بىر قىسمىلىرى مەرۋايىت دوپپا ئالدۇـ
رۇپ، مېنىڭ چىمەن دوپپىلىرىم ئېشىپ
قالدى. مىرزى خوش بولۇپ «كۆردۈڭمۇ،
مېنىڭ دوپپىلىرىم سېتىلىپ بولدى» دېـ
گەندەك قىلىپ ماختىناتتى. ئاپا مېنىڭ

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مىرزىنىڭ ئاپىسى — مەرھەبانۇم ئاچام ساندۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشقا چابدۇندى.

— مېھرىبانۇم، — دېدى بۇ قاش-كۆزلىرىنى ئويناتىپ، — دوپپىلىرىم سېتىلىپ بولدى، ئۆيگە قايتماقچىمەن. سىلىمۇ قايتامدىلا؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى مەرھەبانۇم، — دېدى ئاران تۇرغان ئانام، — دېمىسىلىمۇ، دوپپىلىرىنىڭ سېتىلىپ بولغانلىقىنى بىلىمەن. يول ئۇچۇقتۇ، كېتىۋەرسىلە.

— نېمىگە ئۇنچە خاپا بولۇپ كەتكىلىك مېھرىبانۇم، سىلىنىڭ خېرىدارلىرىنى مەن تارتىپ ئالمىدىمغۇ تېخى؟

— ئۇنچە ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇپ كەتمىسىلە، مەرھەبانۇم، مەن كۈندە نەچچىنى پۈتتۈردىغان چۆچۈرە بادام تىككىنىم يوق. ھەممە يېرىگە گۈل ئېچىلدۇرۇپ تىككىلىگەن يارىشىملىق چىمەن دوپپىلارنى تىكىمەن. مېنىڭ دوپپىلىرىمنى پۇلغا چىدىغان ئادەم ئالىدۇ.

— پاھ! قىرۋۇرغا مەي، يىگىتلەرگە خۇيمۇ يارىشىدىغان چۆچۈرە بادامنى تىكەلىسىلە، تىكەتتىلە. قول يەتمىگەن شاپتۇل شۇنداق ئاچچىق، ئايلىناي!

ئىم، ئانار پىشتى. مىرزى ئىككىمىز خېجىل بولۇپ، بىر-بىرىمىزگە قارىيالماي قالدۇق. مەن ئاپامغا، مىرزىمۇ ئۆز ئاپىسىغا تەسەللى بېرىشىپ، «شۇ دوپپىلار بىرلا ۋاقىتتا سېتىلىپ بولغان بولسا، بۇنداق خاپىلىقمۇ بولمىغان بولاتتى-ھە» دېيىشىپ كەتتۇق. تەنە گەپ يەنە داۋاملاشسا، بۇ ئىككىمىزنىمۇ چوڭراق كۆڭۈلسىزلىك چىقىشى ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى. ياخشىمۇ مىرزى ئاپىسىنى يېتىلىگەن پېتى ئوردا ئىشىكى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

ماناشۇ ئىشتىن كېيىن، ئىشىكىمىز بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بىز ئىككى ئائىلىنىڭ كىرىش-چىقىشىمۇ توختاپ كەتتى. مىرزى ئىككىمىزنىڭ ئاداش بولۇپ ئوينىشىمىزمۇ خۇددى بۇلۇت كۈننى توسۇۋالغاندەك خىرەلەشتى. بىر كۈنى مىرزىنىڭ ھويلىسىدىن مەرھەبانۇم ئاچامنىڭ ئاچچىق قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي، مىرزى! گەپ ئاڭلىمايدىغان سامان قولاق، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگۈچى، ئۇنىڭ بالىسى بىلەن ئوينىغۇچى بولساڭ قۇلاقلىرىڭنى يۇلۇپ، قولۇڭغا ئېلىپ بېرىمەن، چۈشەندىڭمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانام دەرھال ئۇلارنى ئاڭلىسۇن دېگەنچىلەپ مېنى تىللىغان بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، روزى! گەپ ئاڭلىمايدىغان چۆچۈرە قولاق، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگۈچى ئۇنىڭ بالىسى بىلەن ئوينىغۇچى بولامسەن؟ — دەپ قۇلىقىمنى يالغاندىن بوشقىنە چوقىدى.

توۋا، ئۇلار ئۇرۇشسا، ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن كەتمەي، بىزگە نېمە تارتقۇلۇق؟ مەن بىلەن مىرزى ئۇرۇشۇپ قالمىغاندىكەن، ئۇلارغا (ئاتا-ئانىلارغا) بىلىندۈرمەي بىر-بىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپ، مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە قايتىپ دېگەندەك ئويناۋەردۇق. شۇنداقتىمۇ، ئانىلىرىمىزنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرەكلىرەك كۆلۈشەلمەيتتۇق ۋە بۇ ئىككى ئائىلىنى ئەپلەشتۇرۇپ قويىدىغان بىرەر شاپائەتچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتەتتۇق.

× ×

بايرامغا يېقىن ئانام ئىككىمىز ئېشىپ

قالغان دوپپىلارنى ساندۇقتا قاچىلاپ، يەنە دوپپا بازىرىغا باردۇق. بۇ كۈنى دوپپا بازىرىغا ئۇت كەتكەندەك — خېرىدار كۆپ، بازار ئىتتىك ئىدى. مەرۋايىت دوپپىغا پۇلى يېتىشمىگەن قىزلار خېجىللىقتىن گىلاستۇكلىرىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئانام بىلەن مېنىڭ قېشىمغا كېلىشتى.

— ئانا، — دېدىمەن ئانامغا تەلمۈرۈپ، — بۇلار مېنىڭ قىز ساۋاقداشلىرىم. بۇلارغا دوپپىلارنى ئەرزانراق بېرەيلى، بايرامغا ئۈلگۈرتۈپ كېيىپ بارمىسا بولمايدۇ. بولسا، پۇلى كەملەپ قالغانلارغا نېسى بېرەيلى، كېيىن پۇل تېپىپ بىزگە ئەكىلىپ بېرىدۇ.

— شۇنداق مېھرىبانخان ئاچا، خانىم بىزگە مەرۋايىت دوپپا ئالالمىغانلار، قىزىل چىمەن دوپپا ئېلىڭلار، دېگەنىدى، — دېدى ئۈممىدلىك تەلمۈرۈپ ئۇلار.

— بولىدۇ قىزلىرىم، ئېلىڭلار، ئېلىڭلار! سىلەردىن دوپپا ئايايتتىمۇ؟ — دېدى ئانام ئۇنچىدەك سەدەپ چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ۋە خۇمالىق كۈلۈپ، — بۇ دوپپىلارنى سىلەرنى دەپ تىككەن، كېيىپ كۆرۈپ خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار.

قىزلار خۇشال بولۇپ، دوپپىلارنى تاللاپ كېيىشتى. بىزنىڭ دوپپىلىرىمىزمۇ سېتىلىپ بولدى. ئىچىمدە «ھەي، بۇنى مىرزى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى كۆرگەن بولسا ئىدى — ھە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم.

× ×

«ئەنجان كوچىسى» دا ئوقۇمۇشلۇق ئۆزبېك تاغىلار كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ، مەھەللە كومىتېت مۇدىرى ئالىمجان ئاكا تولىمۇ كەڭ قورساق، مېھرىبان، ئىچچۇق-يورۇق، قىزىقچى ئادەم ئىدى. بىر كۈنى مىرزى ئىككىمىز دەردى-ھالىمىز ۋە ئۈممىدىمىزنى ئالىمجان ئاكىغا بىر-بىرلەپ دېدۇق. ئالىمجان ئاكا ئادىتى بويىچە كۆزلىرىدىن ياش چىققىچە تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىپ، مىرزى ئىككىمىزنىڭ قوللىرىمىزغا، پېشانىلىرىمىزگە سۆيۈپ كەتتى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئەزىمە تىلىرىم! بۇنىڭ چارىسى مەندە بار، ئۇنى ئۆزۈم رۇسلايمەن! — دېدى.

لېكىن ئۇ قانداق چارە قىلىدىغانلىقىنى، قاچان، قەيەردە رۇسلايدىغانلىقىنى بىزگە دېمىدى. بىز ئالدىراپ يىتتۇق...

بىر كۈنى ئالىمجان ئاكا بۇ ئىككى ئائىلىنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى، چاقىرغان خەۋەردە، ئالىمجان ئاكىنىڭ ئۆيىگە مەركەزدىن مېھمانلار كەلمەكچىكەن. ئۇلارغا ئىككى دانە چۆچۈرە بادام دوپپا، ئىككى دانە يېشىل چىمەن دوپپا تەقدىم قىلىنىدىكەن. بۇ ۋەزىپىنى مىرزىنىڭ ئانىسى بىلەن مېنىڭ ئانامغا تاپشۇردى. بىز ھەممىمىز ھەيران قالدۇق.

ئۇ كۈنى بىز ئىككى ئائىلە ئەزالىرى (مېنىڭ دادام، ئانام ۋە مەن؛ مىرزى، ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى) ئالىمجان ئاكىمىزنىڭ تال بېدىشلىق ئازادە ئۆيىگە يىغىلدۇق. ئالىمجان ئاكا قەن چاي، ناۋات چايلار بىلەن بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئايالى خان ئەتلەس كۆينەك كىيگەن شاراپەت ئايىم قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. ئالىمجان ئاكا سۆز قىلىپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، مېنىڭ ئائىلەمگە ناھايىتى يىراق يەردىن ئىككى ئاتا، ئىككى ئانا، ئىككى ئوغۇل بالا مېھمانلار مېنى يوقلاپ كەلدى (بىز ھەيران قېلىش، تەئەججۇپلىنىش ئىلكىدە ئاخىر كۈلۈشۈپ كەتتۇق). بۇ ئېزىز مېھمانلار قۇرۇق قول كەلمىگەندەك قىلاردىلەر. ئۇلار ماڭا ئەمەس، بەلكى بىر-بىرلىرىگە دوپپا تەقدىم قىلىشماقچى. شۇڭا ھازىر مۆمىن ئاخۇن ئۇستام (ئۇستا ياغاچچى)

(ئاخىرى 76 - بەتتە)

راخمانجان رۇسۇل

# ئائىلە ماجىراسى

(ھېكايە)

دادام ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شەھەرگە تەقسىم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئاپام بىلەن تويي قىلىپ «شەھەرلىك» بولۇپ قالغانىكەنمىز. بىراق شەھەرلىك بولسا نېمە بوپتۇ، سەھرالىق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقنىڭ بارلىقىنى زادى ئۇقمايتتىم. ئاپامنىڭ قارىشىچە، شەھەرلىك بىلەن سەھرالىق خۇددى ئىككى دۇنيا كىشىلىرى، ئىككى خىل ئادەملەر ئىدى. بۇرۇن كىچىكلىكىمدىن بولسا كېرەك، دادامنىڭ ھېچبىر ئىنكاس قايتۇرمىغىنىغا قاراپ، «ئاپامنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئوخشايدۇ، بولمىسا، دادامنىڭمۇ تىلى بولغانىدىكىن گەپ - سۆز قىلاتتى» دېگەن ئىري بىلەن ئارىلاشمايتتىم. بىراق، يېشىمنىڭ چوڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئاپامنىڭ قارىشى بىلەن مېنىڭ ھېسسىياتىم ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولۇپ تۇردى. ھەي... مەن دادامنى دورىماي تەرسا ئادەم بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئاپام بىلەن بىر قانچە قېتىم قاتتىق تاكاللىشىپ قالدىم، ھەتتا شاپىلاقمۇ يېدىم.

دادام سەھرالىق، ئاپام شەھەرلىك بولغىنى ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپتىن تۇغقانلىرىمىز كۆپ ئىدى. بۇرۇن شەھەردىكى تۇغقانلىرىمىز كەلسە خۇش بولاتتىم.

چۈنكى ئۇلار كەلگەن كۈنى ئاپامنىڭ چىرايى تومۇزنىڭ ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ، كۈرۈكلىرى يېشىلىپ كېتەتتى. مېنىڭمۇ ئىككى يانچۇقۇم پېچىنە - فىرانىك، قەنت - كەمپىتلارغا تولاتتى. ئەمما دادام تەرەپتىكى تۇغقانلىرىمىز كەلگەن ھامان ئاپامنىڭ چىرايىدىكى «مۇز» ئېرىمەي، قېتىپ قالغان نان چاي بىلەن چامغۇر توغرىغان سۇيۇق ئاش ئىچىنىشىمىزگە توغرا كېلەتتى.

بىر كۈنى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى: ئاپام سەينى قورۇپ بولۇپ لەغمەنگە پىلتە قىلىۋاتاتتى، ئېنىم قادىرجان ئەخمەت تاغامنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— «پاتما ياتسا زورى قوپۇر» دېگەندەك، بىرنى يولغا سېلىپ «ئۇھ» دەپ بولغىچە يەنە بىرسى كەپتۇ، — دېدى ئاپام قولىدىكى پىلتە قىلىۋاتقان خېمىرنى داسقا «پاققىدە» تاشلاپ، — يا بۇ خەقلەر بىلەن ئورۇن - كۆرپە پاكىز تۇرمىغان ...

دادام ئۈن - تىنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. بىز دەرۋازا ئالدىغا چىققىنىمىزدا، تاغام ئېشەك ھارۋىسىدىن قوغۇن - تاۋۇز چۈشۈرۈۋاتقانىكەن.

— ئاۋارە بولغىچە ئۆزىڭىزلا كەلسىڭىز بولماسمىدى، — دېدى دادام ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە قاراپ تەكەللۇپ بىلەن.

— باللار ئېغىز تېگىپ باقسۇن دېدۇق، — دېدى تاغام جاۋابەن.

بىز نەرسە-كېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردۇق، ئاپامنىڭ چىرايى ھېلىلا يامغۇر ياغىدىغان ھاۋادەك تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. بىر دەم چۆمۈچنى قازانغا ئۇرسا، ئارقىدىنلا چوكا-قوشۇقلارنى چىنە-قاچىلارغا ئۇراتتى. ئېنىم تاغامنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولدىمۇ ياكى مېۋە-چېۋىلەرگە ئامراقلىقىدىنمۇ ئۆينى بېشىغا كەيدى.

— ۋايەي، ھېچنەرسە كۆرمىگەن ئادەمدەك، سېسىق ئامۇتقا دۇمچۇشكىنىنى! — دېدى ئاپام ئۇكامنىڭ تاشلىغان ئامۇت شوپىكىغا قاراپ، — ئەمدى سۇ پۇرۇپ قويغان ئۆينى مەينەت قىلدى-يا؟ — ئۇ تاغامنىڭ ئۆيدە بارلىقى ئېسىدە يوقتەك سۆزلەپ كەتتى، — «يىلدا يېگەن توق، كۈندە يېگەن ئاچ» دېگەن راستكەن. ياخشىمۇ بازاردا بىر موچەنگە ئۇننى بەرگىنى...

— بىر موچەنگە ئۇننى بېرىدىغان ئامۇت قەيەردىكەن، ئاپا؟ — مەن ئاپامنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم.

— پۇل بولسىچۇ، جاڭگاللاردا شورپا دەپتىكەن...

ئاپامنىڭ ئېغىزى بېسىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، يەر ئاستىدىن قارىسام، دادام بويىنىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ. تاغام خۇددى تىكەننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قورۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن گەپ يۆتكەش ئۈچۈن شۇنچە قىلساممۇ ئاپامنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. كۆڭلۈمگە بىر ئەقىل كېلىپ، سىرتقا چىقتىم-دە، ئۆيىمىز تۇرۇشلۇق كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۆيى بار ھامما مىنىڭكىگە چاپتىم.

ھاممامنىڭ كېلىشى بىلەنلا ئاپامنىڭ چىرايىدىكى جۇت ئاللىقاياقلارغا تاراپ، ئاپتاپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ھاممام

كەلگىنىچە ئاچام لەغمەننى سۇيۇق ئاشقا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، شۇ ھامان يەنە لەغمەنگە ئۆزگەردى. ئېنىم تاغامنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇنى-بۇنى سورايتتى. دادام بىردەم ئاپامنىڭ پۈرۈشكەن چىرايىغا قارىسا، بىردەم ئۇكامغا قاراپ شەرەتلەيتتى.



— قادىرجان! — دېدى دادام شەرەتنى ئۇقمىغان ئۇكامنى تاغامنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، — ئاكاڭ بىلەن بېرىپ چوڭ ئاپاڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار!

— ۋايەي، — دېدى ئاپام مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، — سوكال لەغمەنگە ياشنىپ قالغان ئادەمنى ئاۋارە قىلامتىڭىز، بارمايسەن. بۇگۈن ئەجەب كۆيۈنۈپ كېتىپتۇ-يا؟

ھاماچام سەزگۈرلۈك بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى، دادام ئىنكاس قايتۇرمىدى. چۈنكى ئۇ ئاپامدىن پايدا

ئالالمايدىغا نلىقىمنى بىلەلەتتى. دادامنىڭ
مۇشۇنداق ئاقنى قارا دېسىمۇ، ياڭلىغا ننى
راست دېسىمۇ، ما قۇل، راست دەيدىغان مەد-
جەزدىن بەك نارازى ئىدىم. ئەمما بەزى
تەرەپلەرنى ئويلىسام، دادامنىڭ مۇشۇ
ئۇسۇلىمۇ خېلى چوڭ جەدەلنىڭ ئالدىنى
ئالىدىغاندەك قىلاتتى. دېگەندەك، يېقىن-
دىن بۇيان ئانچە چوڭ جەدەل بولمىغان بولـ
سىمۇ، ئاپامنىڭ كىچىككىنە بىر ئىش توغرۇلۇق
ھويلىغا چىقىۋېلىپ چاقىلداپ سۆزلەيدىغان
خۇيى ئوڭلانمىدى. قوشنىلار مۇتولا ئارىلىشىپ
زېرىككەن بولسا كېرەك، ھەرقانچە ئۆيىنى كۆ-
تۈرۈۋەتسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنىزدىكى
چوڭ دادام، چوڭ ئاپىلارنىڭ ئۆيىمىزگە
كېلىپ بىرەر كۈن تۇرۇپ قالغىنىنى، ئا-
پامنىڭ سەھرادىكى ئۆلۈم - يىتىم، نە-
زىر - چىراغلارغا بىرەر قېتىم بارغىنىنى
بىلمەيتتىم. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرى كېلە لـ
مىسىمۇ ئۇچە پىشقاندىن تارتىپ تاكى
12 - ئايغىچە قوشۇقلۇقتا ئۈجمە، سۆۋەت-
لەرگە مېۋە - چىۋە، تاغار - مەشكاپلاردا
قوغۇن - تاۋۇزلىرى كېلىپ تۇراتتى. چوڭ
ئاپىلار ئاشۇ بىر قانچە مەكتىپىنىڭ
تۇخۇمىنى ئەۋەتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى.

مەن چوڭ دادامنىڭ بىر قېتىم بىر
قونۇپلا كەتكىنىنى ئەسلىيەلەيمەن. ئېنىق
ئېسىمدە قېلىشىچە: ئاپام كەچلىك تاماققا
قوپقانىدى، چوڭ دادام قوغۇن - تاۋۇز،
تۇخۇم، بىر خالتىدا قوناقنىڭ ئۇنى، كۆك-
ۋاش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىپ
كەلدى. مەن خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كەت-
تىم، چوڭ دادامۇ مېنى سېغىنغان بولسا
كېرەك، قورايدەك قاتتىق قوللىرى بىلەن
يۈز - كۆزلىرىمنى سىلىدى، پېشانىلىرىمغا
يېنىشلاپ سۆيدى. بىز دادام بىلەن ئۇ

بوۋاينى مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ ئۇتۇق،
مېھمانخانا ئۆيگە سافا قويۇلغان بولۇپ،
ئۈستىگە ئاپئاق كىرلىك سېلىنغانىدى.
چوڭ دادام ئەمدى ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا
ئاپام كىرگەنچە كىرىپ، سافا ئۈستىدىكى
كىرلىكنى يۇلۇپ ئالدى - دە، كىرلىك
ئورنىغا كونا بىر ئەدىيالنى سېلىپ قويۇپ
چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ نىڭچا-
قىلداپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. خې-
لىدىن كېيىن ئاشخانا ئۆيگە كىرسەم، دا-
دام يىغلىنىۋېتىپتۇ:

— بۇنچىلىك ئىشقىمۇ چېچىلما، ئەتە
مەن ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي، - دېدى دادام
مېھمانخانا ئۆينى ئىما قىلىپ.

—ۋېيەي، يۇيۇۋېتەمىش - تېخى! يۇيـ
غان بىلەنچۇ، - دېدى ئاپام قولىنى شىلـ
تىپ، - سوپۇن كېتىدۇ، يىر تىلىدۇ، سەھـ
رالىق دېگەننى ماي بىلەن مايلاپ قويـ
سىمۇ يەنە سەھرالىق. نان يېگەن ئادەم
دېگەن شۇنچىلىك ئىشنى بىلمەمدۇ؟ ئۆيگە
كىرگەن ئادەم دېگەن ئۈستىباشلىرىدىكى
سەھرانىڭ توپىلىرىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ
ئولتۇرىدىغان، سەھرالىقتىن بىرسى كەلـ
سىمۇ ئىككى كۈن كىر يۇمىسا ئېرىمەيدۇ.
شۇڭلاشقا خۇدايىم ئۇلارنى توپا - چاڭغا
مېلىنىشقىلا يارىتىپتىكەن. ئۆزىنىڭ ئا-
شۇندا قىلىقىدىن چاپىنى تىزىدىن ئاشاي،
ئاغزى تېتىغۇدەك بىر قاچا تاماق كۆرمەي
ئالەمدىن ئۆتىدۇ...

دادامنىڭ يىغلىنىشلىرى، مېنىڭ تەلـ
مۈرۈشلىرىم كارغا كەلمىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى. دادامنىڭ بىچارىلارچە تەلمۈرۈشى
ماڭا ئەقىل كەلتۈردى، مەن سوغۇرۇلۇپ
چىققانچە چوڭ ئاپامنى چاقىرىپ كەلدىم.
ئاپامنىڭ چىرايىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ كەت-
تى، قازانمۇ يېرىم كېچىگىچە ئوچاق

بېشىدىن چۈشمەيدى. بىراق، ئەتىگەننى ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ، چوڭ دادامنىڭ بامداتنى
ئوقۇپلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇم. دا-
دامنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭ دادامنىڭ «ئالـ-
دىراش ئىشى بار ئىكەن». ھەي، ئاخشام
ئاپام ئۇنىغان بولسا چوڭ دادام بىلەن
بىر ئاخشام بىرگە يېتىپ ئۇلاركەنمەن. شۇ-
نىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ھېكايە - چۆچەكلە-
رىنى، كېچىچە دۇمبەمنى سىلاپ تۇرىدىغان
قوللىرىنى سېغىنىمەن...

ئائىلىمىز دادامنىڭ ئىدارىسىدا ئول-
تۇرۇشلۇق ئىدى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇ-
شىدا، ئۆي ئىشلىرىنى دادامنىڭ كۆپرەك
ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن بولغانىكەن.
دادام ھەر كۈنى ئاپامدىن بىر سائەت
بۇرۇن ئورنىدىن تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئى-
شىكىنى تاقاپ قويۇپ تۇرۇپ، ھويلا - ئا-
رامنى سۈپۈرۈپ، چاي قاينىتاتتى، بىز-
نىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كىيدۈرۈپ
چاي بېرىۋاتقاندا ئاپام ئورنىدىن تۇ-
راتتى. يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئەينەك
ئالدىدا خېلىغىچە ھەرىكەت قىلغاندىن كې-
يىن، چېيىنى ئىچىپ «ئۆي بىلەن بالىلار
قالدى» دەپلا دامىسكا ۋېلىسىپىتىنى مې-
نىپ ئىشقا كېتەتتى. ئائىلىمىزگە تاپقان
بالا باققۇچىنىڭ ھەرقاندىقى ئون كۈندىلا
ۋاك دەپ ئىش ھەققىنىمۇ ئالماي كېتىپ
قالىدىغان بولغاچقا، دادام بىزنى ئىشخا-
نىسىدا باقاتتى. بىراق بۇ ئىشىمىز ئۇ-
زاققا بارمىدى. دادامنىڭ خىزمەتداشـ-
لىرىنىڭ ھەم ئىدارىنىڭ پىكىرى چىقىپ،
بىزنى ئۆيگە سولاپ قويىدىغان بولۇۋالدى.
دەسلەپكى يىللىرى بىز ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز
بولغاچقا ئانچە زېرىكمىدۇق، مەن مەك-
تەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۇكام ئۆيدە
قېلىشقا زادى ئۇنىمىدى.

كېيىن ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئېيىغا 50 يۈەنـ-
دىن بېرىپ (ئاپامنىڭ مەسلىھەتى بىـ-
لەن) شەھەردىكى چوڭ ئاپامغا باقتۇرىـ-
دىغان بولدۇق. دادام ئەرزان مەدىكار،
ھەر كۈنى ئەتىگەنى ئاپامنى خىزمەتكە،
مېنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ بولغاندىن
كېيىن، ئىدارىغا كۆرۈنۈۋېتىپلا ئۇكامنى
ئېلىپ بارىدۇ. چۈشتە خىزمەتتىن چۈشۈشـ-
كە يېرىم سائەت قالغاندا ئارقا ئىشىك
بىلەن «غىپپىدە» چىقىپ ئۆيگە ئېلىپ
كېلىدۇ. چۈشتىن كېيىنكى ئىشلار يەنە
شۇنداق تەكرارلىنىدۇ. دادامنى بىرەر
ئىش ئۈچۈن ئىزدىگۈچىلەرگە ھەر خىل
سەۋەبلەر ئالدىن تەييارلانغان، دادامنىڭ
يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۆيدە قىلىدىغان
ئىشىمۇ تولا: چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا
بىر قېتىم چىقىپ ئۆي يۇغۇشتۇرىدۇ، چۈشـ-
تىن كېيىن بىر - ئىككى قېتىم چىقىپ سەي
ئالىدۇ، مەشكە ئوتۇن تىزىدۇ، خېمىر-
نى يۇغۇرۇپ ھەممە ئىشنى تەخلەپ قو-
يىدۇ. ئاپامنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى يىـ-
راق بولغاچقا چۈشتە كەلمەيدۇ، تاماقـ-
نى ئىدارىسىنىڭ ئاشخانىسىدىن ياكى
ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى شەخسىي ئاشخانىـ-
دىن يەيدۇ، ئۆيدە ھەر ئاينىڭ بېشىدا
بىر قېتىم، ئاي ئاخىرىدا بىر قېتىم
چوڭراق تاپا - تەنە بولىدۇ؛ ئاپامنىڭ
مۇئاشى دادامنىڭكىدىن ئون يۈەندەك كەم
بولسىمۇ، مائاش ئالغان كۈنى ئۆزىچىلا
ۋايسايدۇ، ئاشپەز - ناۋايلارنى قاغايدۇ،
توي - تۆكۈن، نەزىرە - چىراغ قىلغۇچىلار-
نى تىللايدۇ.

— ۋايىيەي، بۇ ئايلىقىم ماشتىن قول-
غا ھېچنەرسە ئاشمىدى - يا! - دەيدۇ ئۈچىـ-
راپلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، - ئىككى يەردىكى
سۈننەت تويىغا ئون يەتتە يۈەن تۇتۇپتۇ،

ئۈچ جايدىكى تويغا 36 يۈەن، گېزدت-
ژورنال پۇلىنى ئالدىنقى ئايدا تۆتقاندەك
قىلدۋاتاتتى، بۇ ئايدا يەنە تۆت-ۋاپتۇ.
يائاللا، ئاشخاندىكى تاماقنىڭ قىممەت
بولۇپ كەتكىنىنى، ھېلىقى بوردەك (سېـ
مىز) ئۇستام بەكمۇ ئىنسابسىز ئىكەن، تا-
ماق يەپ بولۇپ پۇل تەگلىسە، ئاي ئاخىـ
رىدا بىراقلا ھېسابلىشارمىز، پۇلنى قو-
يۇۋەرسىلە، دەپ تۇزۇت قىلىپ قويۇپ،
كاسسىردىن قىردىق ئىككى يۈەننى بىراقلا تۆ-
تۈۋالغىنىنى قاراڭ...

ئاپام ھېچقانداق دۇدۇقلاپ قالماي
موچەن، سىڭىللىرىڭىزغىچە قاملاشتۇرۇپ ھېساب
بېرەتتى – دە، دادامدىن موچەن – سىڭىلـ
لاپ ھېساب ئالاتتى. ئەگەر دادامنىڭ ھېسا-
بىدىن بىرەر كوي كەم چىقىپ قالغىدەك بولسا:

— سەھرالىق دېگەن زادى خوتۇ-
نىدىن سىر تۇتىدۇ، – دەيتتى ئاپام دا-
دامنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە چىشلەپ تار-
تىپ، – دىۋانىمۇ ئۇنىڭ قولىدا ئىلىپ سول
قولىدا يېگىنى ئۇچۇن، خورجۇنى ئۆشىنىـ
سىدىن چۈشمەيدۇ. سەھرالىقتا، گادايغا
تەگكەننىڭ سازايى – دەپ تۇۋلىغۇدەك
بولۇپ كېتەتتى...

مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، دادام تولىمۇ ئىقـ
تىسادچان ئىدى. تاماكا چەكمەيتتى، بىر
قېتىم بىر قانچە ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق
سورۇنىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدا، ئاپام كىـ
رىپ سورۇندا دېمىگەن گەپلىرى قالماي
ياندۇرۇپ چىققاندىن بۇيان، ھاراقمۇ ئىچـ
مەيدىغان بولدى. ئۇ يولدا ئۇچرىغان
بىرەر تال چاۋا، چۈشۈپ قالغان گۈلىچىلىك
كۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى تېرىۋېلىپ
كىرەتتى، چالا كۆيگەن كۆمۈرنى تاسقاپ
ئىشلىتەتتى. ئاپامنىڭ بۇ ئىشلاردىن نومۇ-
سى كېلەمتىكى، ئۆزىچىلا سۆزلەپ كېتەتتى:

— ۋايجان، ماۋۇ جاڭگالداچاۋار تې-
رىپ ئۆگىنىپ قالغان سەھرالىقنى، – دەيتتى –
بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك چىرايىنى
پۈرۈشتۈرۈپ، – ساقالدىكى ئاشتا قوساق
تويامتىكى...


— سېنىڭدىن موچەن، موچەندىن كوي
پۇتىدۇ، – دەيتتى دادام ھېچقانداق ئىش
يۈز بەرمىگەندەك، – دەريادا لەيلەپ ئې-
قىۋاتقان ئۇلۇغ سۇلارمۇ بىر تامچە – بىر
تامچىدىن ھاسىل بولغان...

— ۋاييەي، ماڭا دەرس ئۆتۈپ كەت-
كىنىنى، – دەيتتى ئاپام دادامنىڭ سۆ-
زىنى بۆلۈپ، – ھە، سېنىڭ، موچەنلەپ
ئىقتىساد قىلىپ ئالتۇندىن تارتۇق قىلـ
دىڭىز، ئۆيىگە كىرسە چاشقان يامانلاپ
چىقىدۇ، يەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق ماڭا چۆ-
شەندۈرۈپ كەتكىنىنى...

راست، ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالى باشقىـ
لارغا قارىغاندا ناچار بولۇپ، ھەرگىزمۇ
500 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالغان كا-
دىرنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمايتتى. ئەگەر سەھ-
رادىكى چوڭ داداملار ئۆتكەن يىلى ئىك-
كى تال ياغاچ بېرىپ ئۆيدىكى ھېلقى سا-
فانى ياسىتىمىغان بولساق تېخىمۇ چاناتـ
تى. ئاپامنىڭ پۈتۈن – پۈتۈن كەيگەن
سارجا ۋە مەن ئىشىمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيـ
مەيدىغان كىيىملىرىنى ئۆي جاھازىسى
ئورنىدا تىزىپ قويغىلى بولمىغاندىن كېـ
يىن ۋە ياكى ئائىلىمىزدە بىرەر جىددىي
كېسەل، ئۆلۈم – يېتىم بولۇپ قالسا قانـ
داق قىلىدىغانلىقىنى مەنمۇ ئۇقمايتتىم.
ئويلايمەن: ئاپامنىڭ يۇقىرىقىدەك خۇي-
پەيلى قاچان تۈزىلەر؟ دادام بىلەن بىز
ئۇنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتارمىز؟
ئاھ خۇدا، ئاپامنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب
بەر!

**ياسىن ئىسمايىل**

# سەبىي تۇيغۇلار



ياسىن ئىسمايىل 1960 – يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1977 – يىلىغىچە قەشقەر شەھەرلىك غوجامكۆلبېشى مەكتەپ ۋە قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1983 – يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئاپتورنىڭ تۇنجى شېئىرى 1978 – يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ھازىرغا قەدەر 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت – ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىر تۈركۈم شېئىرلىرى «ئۆركەش» ماۋزۇلۇق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى باللار ھاياتىغا بېغىشلانغان بولۇپ، «ئارزۇيۇم»، «ماختانچاق موزاي» ماۋزۇلۇق شېئىرلىرى ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1984 – يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە «مەكتەپ ناخشىلىرى» ماۋزۇلۇق شېئىرى 2 – دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 – قېتىملىق سەنئەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ناخشا تېكىستى مۇسابىقىسىدا ئۇنىڭ ئىككى پارچە باللار ناخشىسى ئايرىم – ئايرىم ھالدا 2 –، 3 – دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ باللار ئۈچۈن يازغان «كېپىنەك قىز» ماۋزۇلۇق شېئىرلار توپلىمى نەشرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## قالغاچ

باشقا ئەلدە شادلىقىڭ،
ئۇزۇن داۋام قىلمىغاچ؛
قايتىپ كەلدىڭ يۇرتۇمغا،
قايچا قۇيرۇق قالغاچ.

شۇنچە كەڭرى ھەم ئىللىق،
گۈل يۇرتۇمنىڭ قۇچىقى.
ھەر تەرەپتە ياڭرايدۇ،
دائىم باھار قوشىقى.

جامالىغا يۇرتۇمنىڭ،
قارا، ئوبدان نەزەر سال.
ئەقلىڭ بولسا، بۇ يۇرتتا
ئەبەدى مەڭگۈ ياشاپ قال.

## شامالغا

دېرىزەمنى چەكمەستىن،
شامال، بىردەم ئارام بەر.
ئويناپ تۇرغىن يىراقتا،
كەڭرى شۇنچە ئانا يەر.

تاتلىق ھېستا غىدىقلاپ،
چاچما ئۇنداق زېھنىمنى.
ئۈزەلمەيمەن ئالدىراپ،
كىتابىمدىن مېھرىمنى.

ساڭا تەشنا بولسىمۇ،
مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم،
سەندىن ھوزۇر ئېلىشتىن،
يىراق تېخى تىلىكىم.

كەچقۇرۇنلۇق پىلانىم
ئورۇنلىنىپ بولغاندا.
سىردىشىمەن سەن بىلەن،
مەلىدىكى بوستاندا.

## تاغقا خىتاب

سوزۇپ كۆككە بويۇڭنى،
تۇرىسەن ئەي ئېگىز تاغ.
ئۆزگەرمىدى ھالىتىڭ،
قارىسام مەن قايسى چاغ.

سېنىڭ ئاشۇ تۇرقىڭدىن،
چىقىپ تۇرار تەمەننا.
ھېس قىلىمەن تەڭدىشىڭ
يوقتەك زېمىن، كۆك ئارا.

مەغرۇرلانما ئىگىز تاغ،
ئۆز - ئۆزۈڭچە كۆرەڭلەپ.
ئىرادەمنىڭ ئالدىدا،
ماختىنىسەن نېمە دەپ؟!

سېنىڭدىنمۇ يۈكسەكتۇر،
چۈنكى مېنىڭ ئىرادەم.
كەلگۈسىدە ئۈستۈڭدە،
گۈلباغ ياساش چىن غايەم.

## كېپىنەك قىز

ئوماق ھەمدە ئەدەبلىك،
ساۋاقدىشىم رىسالەت.
كىتاب چۈشمەي قولىدىن،
ئۆتەر كۈنى داۋامەت.

لېكىن ئۇنىڭ بىر ئىشى،
دوستلىرىغا ياقمايدۇ.
بىر كىتابنى ئالسا ئۇ،
بىردەمدىلا قاتلايدۇ.

كۆرەر نەچچە كىتابنى،
شۇنداق قىلىپ ھەر كۈنى.
قوغلاشقاچقا سانىنى ئۇ،
بولمىدى ھېچ ئۇنۇمى.

رىسالەتنىڭ بۇ ئىشى،
كېپىنەكنى ئەسلىتەر.
گۈلدىن - گۈلگە قونسا كىم،
قۇچالمايدۇ شان - زەپەر.

## كېپىنەك

باغلىرىمدا ئېچىلدى،
تۈرلۈك - تۈمەن گۈل - چېچەك.
كۈلۈپ خۇشال ئوينىغىن.
گۈلخۇمارى كېپىنەك.

گۈزەل باغلار - گۈللۈكلەر،
بىزنىڭ يۇرتتا كۆپ شۇنچە.
ئىشچان خەلقىم ھەر كۈنى،
پەرۋىش قىلار گۈل - غۇنچە.

مەنمۇ خۇشال بولىمەن،
سەن ئوينىساڭ شادىمان.
گۈل ئۆستۈرگەن خەلقىمنى.
ئۇنۇتمىغىن ھېچ قاچان.

## يۇلتۇزلار

چاقنايسىلەر ياقۇتتەك،
ئۇششاق - ئۇششاق يۇلتۇزلار.
سىلەر بىلەن تۈن قوينى،
جىلۋە قىلىپ نۇرلىنار.

بىزە يسىلەر مارجانداك،
گويا زەڭگەر ئاسمانىنى.
خىسلەتىڭلار قەلبىمدە،
كۆلدۈردى بىر ئارمانىنى.

قىسقىغىنا ھاياتتا،
ئۆز جىسمىنى ئايىماي.
ئاز بولسىمۇ سىلەردەك،
مەنمۇ ئەلگە نۇر چاچاي.

## قىزىل گۈل

بىر چىرايلىق ئېچىلدىڭ،
ئەي قىزىلگۈل بېغىمدا.
خۇشاللىقىم قوزغىلار،
سېنى كۆرگەن چېغىمدا.

سېنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىڭ،
ئوخشار گويا ئىپارغا.
بېغىشلايدۇ گۈزەللىك،
ھۆسنىڭ ئانا دىيارغا.

سەن ئوخشايسەن قىزىلگۈل،
چىرايىمغا، قەددىمگە.
سۆيگۈدىن ئوت ياقىدۇ،
ھۆسنىڭ سەبىي قەلبىمگە.

بېغىشلايمەن گۈزەللىك،
مەنمۇ سەندەك ھاياتقا.
ھوزۇر بەرسەم ئەل ئۈچۈن،
يەتكىنىم شۇ مۇرادقا.

## بىر سەبىينىڭ نالىسى

(مەكتەپتىن ئايرىلىپ بالا بېقىۋاتقان
بىر قىزنىڭ تىلىدىن)

تېخى كىچىك قىز تۇرۇپ،
بولۇپ قالدىم ئانىدەك.
مەھرۇم بولدۇم شوخلۇقتىن،
بىرەر يېتىم چالىدەك.

«تۇغقىنىمىز» شەھەردە —
ئوقۇتىمىز دەپ مېنى.
ئېلىپ كىرگەن بۇ يەرگە
بېرىپ تالاي ۋەدىنى.

شەھەرگىمۇ كىرگىلى،
بولۇپ قالدى نەچچە ئاي.
بىلەلمىدىم شەھەرنىڭ،
مەكتەپلىرى قانداق جاي.

پۇلدىن تۆۋەن تۇرغاچ مەن،
ئۆگەي دادام ئالدىدا.
يېشىمغا يات تۇرمۇشقا،
بولۇپ قالدىم مۇپتىلا.

تەۋرىتىمەن بۆشۈكنى،
تاڭ سەھەردىن كەچكىچە.
بالا بېقىش دەردىنى،
تارتىمەن ھالدىن كەتكىچە.

باشقا كىچىك دوستلاردەك،
دەم ئېلىشنى بىلمەيمەن.
ئۆز ئۆيۈمدە يۈرگەندەك،
ئېچىلىپ بىر كۈلمەيمەن.

بالا بېقىش ئىشىمنىڭ،
بولار ئاران يېرىمى.
يۇيۇلىدۇ قولۇمدا،
چوڭ - كىچىكنىڭ كىيىمى.

ماڭا قاراپ تۇرۇقلۇق،
ئۆي - ھويلىنى تازىلاش.
مېنىڭ قولۇم تەگمىسىتىن،
تەييار بولماس ئۆيدە ئاش.

ھەر كۈنلىكى ئاشۇنداق،
تېنىم تاپماي ئىشلەيمەن.
دەم ئېلىشنى، كۈلكىنى،
ئۇنتۇپ قالدىم، بىلمەيمەن.

كۆرەلمەيمەن بۇ ئۆيدە،
بىرەر گېزىت يا كىتاب.
بولۇپ قالدىم ياش تۇرۇپ،
روھى سۇنۇق بىر بىتاپ.

دەيمەن: ئۆزۈم ۋەتەنىمنىڭ
نېمە بولغان بالىسى؟!
گېزىتلەرگە چىقارمۇ،
سەبىي قىزنىڭ نالىسى؟

## سۆزۈك ئاي

كۈمۈش رەڭ نۇر چاچسەن،
تۈن كېچىدە تولۇن ئاي.
ئاق شايىغا ئورىلار،
نۇرىڭ بىلەن جىمى جاي.

كۆزەتتىمكى پاسىۋان،
نۇرىڭ گويا ھاياتقا.
شۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق،
ئىگە بولار قاناتقا.

ئارام ئالار سەن بىلەن،
تىنچىقىنا ئانا يەر.
يەرگە مەڭگۈ سۆزۈك ئاي،
خاتىرجەملىك، شادلىق بەر.

## ھەسەن - ھۆسەن

ياغلىقىمۇ ئاسمانىنىڭ،
ھەسەن - ھۆسەن سەن گويا؟
ھەيران قىلار بارچىنى،
سېنىڭدىكى رەڭ - جۇلا.

تۇتۇۋالغۇم كېلىدۇ،
سېنى كۆرگەن چېغىمدا.
ئەشۇ ئارمان نۇر بولۇپ،
چاقنار دائىم دىلىمدا.

سېنى پەقەت تۇتالماي،
مەن يۈرۈيمەن تېخىچە.
ئارمانلىرىم قالمىغاي،
ھەرگىز ئارمان پېتىچە.

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم**

# ئانار قىز

( باللادا )

1

بەشكېرەم دەپ بىر يۇرت بار،
ئەزىزانە قەشقەردە.
چېكەر قۇشلار شاختا تار،
ناۋالىق شام - سەھەردە.

مەي باغلىغان خۇشپۇراق،
ئانار، ئامۇت، ئەنجۈر، تال.
ئېرىقتا سۇ سۈت سىياق،
ئاقار شەربەت، ئاقار بال.

كەلگەنىدىم پەسلى قىش،
( ئۆسۈملۈكلەر كۆكلىمەس ).

كۆردۈم بۇندا قىزىق ئىش،
باغدا ئانار ئۆكسىمەس!

ياز بولامدۇ يا ئاياز،
ئانار ئايىنىپ ياپ - يېشىل؛
مېۋىسىنىڭ سورتى ساز،
تاۋلىنار كەن قىپقىزىل.

مۆجىزاتتىن قېلىپ لال،
تۇرار ئىدىم باغ ئارا.
بولدى پەيدا باغۋەن چال،
تۆكۈپ دىلدىن خۇشناۋا:

«... سېخى قۇياش بەھرىدىن،
كەلدىم كەتمەس باھارىم.
ئانار قىزنىڭ ئەجرىدىن،
قىشتا پىشتى ئانارىم...»

بەردىم سالام باغۋەنگە،
« كېلىڭ، بېغىم كەڭ! » دېدى.
ئانار ئۈزۈپ لېگەنگە،
« يېگى سورتتىن يەڭ! » دېدى.

باغۋەن چالغا دەپ قالدىم:
« ئىشەنمىدىم كۆزۈمگە! »
باغقا يەنە سەپسالدىم،
كۈلكە ئېلىپ يۈزۈمگە.

دېدىم: « بولدى نەسەۋەب؟
ئىش بولۇپتۇ ئالامەت!
يېگىلىقۇ بۇ ئەجەب،
كىم كۆرسەتكەن كارامەت؟ »

باغقا قاراپ دېدى چال:
« ئانار قىزىم، چىق بۇيان! »
چىقىپ كەلدى قىز شۇئان،
دېگىنىچە « دادىجان!... »

چىقتى گويا ئاي ھىلال،
قىزكى گۈزەل پەرىزات.
ئۆرۈم چېچى تالمۇ تال،
چېھرى قۇياش، دىلى شاد.

ئون بەش ياشتا دېگىدىم،
ئوت چاچرايدۇ كۆزىدىن.
ئىشقا ئاشتى مەقسىتىم،
تاپتىم جاۋاب سۆزىدىن.

سۆزلەپ كەتتى قىز شۇئان،
كەچمىشىنى — ئىشىنى.
مەن ئاڭلىدىم بى زۇۋان،
ئىشىنىڭ ئاخىر - بېشىنى.

2

— ئەجدادىمىدىن باغۋەن بىز،
يۇرتتا قىلغان باغ بىنا.
دادامۇ ھەم بېسىپ ئىز،
ئابروي قۇچقان ئەل ئارا.

مەن دۇنياغا كۆز ئاچقان،
بولۇق ئانار تۈۋىدە.
ئانام ئېغىز ئالدۇرغان،
تاتلىق ئانا سۈيىدە.

ئاتا - ئانام قويۇپتۇ،
ئانارقىز دەپ ئىسمىمنى.
مېھرى مېنى يۇيۇپتۇ،
تاپتىم سەبىي ئەقلىمنى.

ئېلىپ قايچا قولۇمغا،
كەلگىنىمدە مەكتەپتىن؛
پەرۋىش قىلىپ ئانارغا،
چىقالا يتتىم نەلەپتىن.

ئاندىن ئېلىپ كىتابىنى،
كېلىپ ئانار تۈۋىگە؛
ئوقۇپ «تىل» ۋە «ھېساب» نى،
چۆمۈپ پەننىڭ كۆيىگە.

باغ ئىچىدە يايرا يتتىم،
ھەۋەسلىرىم قانغىچە.
بۇلبۇل بولۇپ سايرا يتتىم،
كۈن ئۆيىگە ياندىچە.

چىددىما يتتىم گەر ھەر كۈن،
شاختا ئانار كۆرمەسەم؛
بولما يتتى ھەم دىل پۈتۈن،
ئانارلىقتا يۈرمەسەم.

لېكىن – زە، قىش پەسلىدە،
ئۆتە تتى ھەر كۈنۈم تەس.
غەليان ياساپ قەلبىمدە،
بوغۇلا تتى شوخ ھەۋەس...

*

مەكتىپىمدىن كېلىپلا،
ئۆي – خىيالغا چېتىلدىم.
كىتابىمنى ئېلىپلا،
باغ ئىچىگە ئېتىلدىم.

تۇرۇپ قالدىم چۆنەكتە،
قىش پەسلىدىن كۆپ رەنجىپ.
مۇز ئۇخلايتتى كۆلچەكتە،
تۇرماي سۈزۈك سۇ ئېقىپ.

ئانار تېلى كۆمۈلگەن،
بېغىم خۇددى قەبرىستان.
جىم – جىتلىقتا چۆمۈلگەن،
قۇشلار كۆلمەس خۇش – شادىمان.

بەزلەپ تۇردۇم تىلەكنى،
كىتابلارنى ۋارا قلاپ.
ئەزدى يۈمران يۈرەكنى،
قۇرۇق ياپراق شارا قلاپ.

زديا سەپتى تولۇنئاي،
قۇياش قايتىپ قەسرىگە.
نېدا قىلدىم پايلىماي،
كەڭرى بوشلۇق نەسلىگە:

«ئەي تولۇنئاي، جاۋاب بەر،
كۆرمىدىڭمۇ چولپانىنى؟
مېنىڭ دوستۇم شۇ دىلبەر،
سەزمىدىمۇ ھېجرانىنى؟!

كۆرۈشمىسەم ھەر ئاخشام،
ئۇيقۇ كەلمەس كۆزۈمگە.
ئاڭا ياقار مۇڭ – ناخشام،
قۇلاق سالار سۆزۈمگە.

نىچۈن چولپان كەلمىدى،
سېنىڭ بىلەن ئەگىشىپ؟
جاۋاب بەرمەك تەسمىدى،
گەپ قىل، قالماي تەگىشىپ!...»

جاۋاب بەردي تولۇنئاي:
«... مېھمان كەلگەچ رام چېكىپ،
تەل قىلماقتا ئىمزا – چاي،
قالدى بىر ئاز كېچىكىپ.

ھەي ئانار قىز، سەۋرى قىل،
كېلەر ھازىر سىردىشىڭ.
ئېيتىپ قويا ي، شۇنى بىل:
ئۇنىڭ ساڭا رېشتى چىڭ!...»

ئاي شۇنداق دەپ تۇرۇشى،
كۆلدى چولپان كۆك تامان.
جامالىنىڭ يورۇشى،
چۆمدى قۇتقا يەر – جاھان!

دېدى چولپان سامادا:
«جاپىڭىز سەن ئانارقىز؟
ئۆلتۈرۈپسەن تالادا،
گەپ قىلغىنا، ئاچ ئېغىز!»

دېدىم: «كۆرمە بۇ باغنى!
قەبرىستاندەك كۆرۈنەر...
كۆرسەڭ بۇنداق سوغ چاغنى،
دىلدا بولۇت تۈرۈلەر!...

كۈتمەكتىمەن باھارنى،
قاچان خۇشبۇي چېچەكلەر؟!
كۆرسەم گۈلى ئانارنى،
شۇ ئان كۆڭلۈم ئېچىلار...»

دېدى چولپان: «ئەي ئاداش،
نە ئىش بولدى دەپتىمەن.
بۇ سىرلىرىڭ بولماي پاش،
كۆپ غېمىڭنى يەپتىمەن.

بىلدىم ئەمدى خۇ يۈكىنى،
ئۈچقىن، تېز كەل قېشىمغا.
كۆلدۈرەيلى ئۇ يۈكىنى،
مېھمان بول چاي، ئېشىمغا...»

3

ئۈچتۈم قاراپ چولپانغا،
ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە.
يېتىپ باردىم ئاسمانغا،
نەچچە مىنۇت ئىچىدە.

«ئانا...ر!» دېدى چولپا نقىز.
تۈتتۈم ئاپئاق قولىدىن.
تۈچا قىلاشتۇق ئىككىمىز،
ماڭدۇق سامان يولىدىن.

يەر شارىدا بولغاچ چوڭ،
قۇرۇق دەيتتىم سامانى.
كۆردۈم، كېلىپ تالەي ئوڭ.
ئەجەب گۈزەل دۇنيانى.

كەڭ بوشلۇقتا بار ئىكەن،
بىز ئىڭكىدەك «يەر شارى».
باغرى مۇنبەت، گۈل – چىمەن،
ئىكەن ئېسىل ناھارى.

باردۇق ئالەم چېتىگە،
قانىماي – قانىماي سېلىپ كۆز.
پىلانېتالار بېتىدە،
كۈلەر پەسلى باھار، كۈز...

يۈرەر تارقاق ئايلىنىپ،
كۆپ گۈللەنگەن پىلانېتا.
يېزا – زاۋۇت ئاجايىپ،
بىر – بىردىن زور كاتتا...

مەي باغلىغان باغلاردا،
مەن كۆرمىگەن يەل – يېمىش!...
گۈل ئېچىلغان تاغلاردا...
ئاشتى شۇنچە قىزىقىش...

چولپان ماڭا سۆزلەيتتى،
چۈشەندۈرۈپ ھەممىنى.
يېڭىلىقنى كۆزلەيتتى،
تېتىپ مېۋە تەممىنى.

چولپانقىزدىن سورىدىم:
«ئانار يوقمۇ بۇ ياقتا؟»
دېدى: «شۇڭا جورىدىم،
ئانار يوقكەن بىراقتا!...

يۈرگىن دوستۇم ئانارقىز،
ئاۋۇ باغقا كىرەيلى.

باغۋەندىن ئۆتكەنمىز،
ئانار سوراپ كۆرەيلى!»

باغقا قوندۇق لەككىدە،
باغۋەن كۆردى بۇ چاغدا.
مەن سورىدىم ئۈممىدتە:
«ئانار بارمۇ چوڭ باغدا؟»

ئېيتتى باغۋەن ھاڭۋېقىپ:
«مەن كۆرمىگەن مېۋىكەن!
قالدىم ئەجەب قىزىقىپ،
دەڭلار، قانداق نېمىكەن؟»

چۈشەندۇردۇق بىرمۇ بىر،
باغۋەن ساقال سىلىدى.
تىنىۋېلىپ ئۇ ئېغىر،
پېچىقىنى بىلىدى...

مېۋىلەردىن كېسىپ جىق،
سالدى يوغان داستىخان.
ئەپسۇس، شۇنچە مولچىلىق،
قىلماس مېنى خۇش ھامان.

نېمىشقىدۇر قارايتتىم،
تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە.
مەركەزلەشتى دىققىتىم،
كۆلدىكى مۇز ئۈستىگە.

دېدىم: «تۇرسا باغلاپ مەي،
مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى؛
بۇ پەسىلدە، توۋا، ھەي...
مۇز تۇرغىنى نېمىسى؟!!»

ئېيتتى باغۋەن قاھ - قاھلاپ:
«قىش پەسلى بۇ، قىش پەسلى!!!

مېۋىلەرگە سىز قاراپ،
دەپتىكەنسىز ياز ئەسلى؟!...

يازدا مېۋە پىشتى دەپ،
قىلغۇلۇقمۇ قانائەت؟!
بولغىنىدا باب سەۋەب،
سۇ ساقلايدۇ ھەم سۆۋەت...

بۇنداق ئەمەس ئىلگىرى،
تەتقىق قىلدۇق كۆپ يىل شۇ...
سىرنى يەشتۇق ئاخىرى،
ئىلىم - پەننىڭ كۈچى بۇ!

قوياي سىزگە ئۆگىتىپ،
بۇ ئىلىمنىڭ سىرىنى.
ئالغاچ كېلىڭ (ياد ئېيتىپ)،
ئانار دېگەن نەرسىنى...»

تەقدىم قىلدى شۇ بوۋاي،
دەستۇرىنى ھۆنەرنىڭ.
يۇرتقا ئۇچتۇم توختىماي،
رەھمەت ئېيتىپ تۈمەنمىڭ.

تىلەپ ماڭا قۇتلۇق ئىش،
قالدى چولپان يۇرتىدا.
قىلدىم ئاخىر ئۆزگىرىش،
يېڭى ئانار سورتىدا...

ھەيران قالماڭ، ئاكىجان،
قىشتا ئانار پىشقانىغا.
بەرگەچ ئىلىم كۈچ، دەرمان،
يەتتىم گۈزەل ئارمانىغا.

*

سۆزلەپ بولدى قىز خۇشال،
ئانار يېگەچ ئولتۇرۇپ.
ماڭا چىنە تۇتتى چال،
ئانار سۈيى تولدۇرۇپ.

هاپىزجان مۇھەممەت

## مەسەللەر

### سۇ بىلەن ئېرىق

ئېرىق دېدى ھەددىدىن ئېشىپ سۇغا:
— يوقمۇ سېنىڭ مەندىن باشقا ماكانىڭ؟
سۇ دېدى:
— ۋالاقشىما مۇنچە، تۇز كور،
مەن بولمىسام توشار ئەجەل پەيمانىڭ!

مەن ئىقىپ سەن كەبى سانسىز ئېرىقلاردا،
ھەممىگە ھاياتلىق بەخش ئېتىمەن،
ھاياتلىقنىڭ تەشناسىنى قاندۇرۇپلا،
ئاندىن كۆتكەن مەقسىتىمگە يېتىمەن.

كۆرسە مېنى ئاۋات، پايانسىز زېمىن،
«مەرھابا، كېلىڭ!» دەپ قارشى ئالىدۇ.
شادلىقتىن كۆكۈللەر تاپقاچقا ئەمىن،
تەبەسسۇم يۈزلەردىن نۇرلار چاچىدۇ.

قاغجىراپ ئۇسسايسەن مەنسىز ئەي ئېرىق،
گەرسەندە ئاقمىسام نېمىدۇر رولىڭ؟
ئىنسانغا ئەشۇنداق قىلمىساق خىزمەت،
بىلىپ قوي تىلىڭ قىيا – زاۋالدۇر يولۇڭ.

خىجىل بولۇپ ئېرىق قايىل بولۇپتۇ،
سۇنىڭ قىلغان ھەق، ئادىل سۆزىگە.
كۆرەڭلەش، ماختىنىشتىن يەپ پۇشايمان،
تەمەننانى قويماس بوپتۇ ئۆزىگە.

### ئىززەت ۋە نومۇسسىزلىق

نومۇسسىزلىق دېدى كۆرەڭلەپ:
— دائىم سېنى يەرگە ئۇرىمەن.

ئىززەت دېدى:
— بولغاچ ۋىجدانىم،
دائىم سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن.

### كىگىز ۋە بورا

بورا دېدى ئۈستىدىكى كىگىزگە:
— مەندىن نېرى يوقال تېزلا كۆزۈمدىن!
كىگىز دېدى:
— كۆزنى يۇمۇپ جۆيلىمە،
ئاشتى قەدرىڭ پەقەت مېنىڭ يۈزۈمدىن.

### ۋاقىت ۋە ئۆمۈر

ۋاقىت دېدى: ئۇپرىتىمەن ئۆمۈر سېنى،
مانا شۇنداق كۈندە بېكار ئۆتكۈزىمەن.
ئۆمۈر دېدى: خام خىيالىڭ ئۇ سېنىڭ،
ئېچادىمدىن نەچچە كىتاب پۈتكۈزىمەن.

### ئادەم ۋە پاشا

پاشا دېدى: ساپ قېنىڭنى شورايمەن،
ئادەم دېدى: ئۆلتۈرۈپ ھال سورايمەن.



تۇرسۇن ئابباس

# بۇغداي پېرىيۇم قىلغاندا

ئاشلىق باستىم كاشىغا ،
تاپشۇرغىلى يېڭى باج.
ئۆتكەن ئىشنى كەلگەنچە
ئەسلەپ قالدىم نائىلاج.

ئاش تەكشۈرگەن پېر يۇمچى،
«بۇغدىيىڭ ھۆل، ياي» دېگەن.
ئۈچ كۈن ساقلاپ قۇرۇتسام،
يەنە ھالغا يەتمىگەن.

ماشىنىغا — پۇڭچە يگە ،
سالغان ئىدىم بۇغدايىنى؛
يەتتە – سەككىز ساختىپەز،
ئىگەللىگەن ئۇ جايىنى.

ئاشۇ ئاشنىڭ ئۆتكىنىچە
سان – سۈپىتى پېريۇمدىن،
كەم – كوتىسىز يۈز جىڭدەك،
ئاشلىق كەتكەن قولۇمدىن!

توختاپتىكەن ئۇلارنىڭ،
بىر كۈنلىكى قىرىق كويغا.
بۇ ھالەتتىن سەسكىنىپ،
پاتقان ئىدىم، غەم – ئويغا.

قانچە قىلسام بۇغدايىنى،
«تۆتىنچى» گە ئالىمغان.
قاراپ كۆزگە يېلىنىپ،
ھېچ ئامالىم قالمىغان.

ساتقان ئىدىم، بۇ ئاشنى،
ئىشچى «قاسىم پوزنەك» كە.
«ئۈچىنچى» گە ئۆتكۈزۈپ.
تالۇن پۇلنى بەرمەككە.

كۆرسەم مېنىڭ بۇغدىيىم،
«ئىككىنچى» گە ئۆتتۈپتۇ.
ئالغان ھايان ئارىدا،
«پوزنەك»كىلا كېتىپتۇ.

ئاشلىق ئوخشاش ۋەلېكىن،
ئوخشىمايدۇ ئىسمىمىز.
سەۋەب نەدە؟ بولمىسا
ئوپمۇ ئوخشاش جىسمىمىز؟!

قاچمىغاندەك شەيخىمۇ،
ئومچى بار مازاردىن؛
«نەپ» ئېلىشقان ئىككىسى،
بۇ قاراڭغۇ بازاردىن!
..............................,.

شۇنى ئويلاپ، پونكىتقا
كەلسەم، ئوھوي ، ئىش باشقا.
«دات» دەيدىغان ھالەت يوق،
يەل ياغمىغان ھېچ باشقا.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت،
غېمىمىزنى راس يەپتۇ.
بۇغداي تېرىپ، دۆلەتكە
ساتىدىغان چاغ كەپتۇ.

ئاش ئۆتكۈزۈش، پۇل ئېلىش
دەيدىغانغا ھايال يوق.
بالدۇرقىدەك قاقشىغان —
بىرەر ئەر ۋە ئايال يوق.

يوقىلىپتۇ بۇ يەردىن،
ھېلىقىدەك بالاخور.
ھارام نەپكە چىۋىندەك،
قونۇپ يۈرگەن تاماخور.

AltunOq

نېمە سالسا قازانغا،
شۇ چۆمۈچكە چىققاندەك؛
پېر يۇم قىلغان بۇغدايدا،
يوقتۇر قىلچە گۇمان ـ شەك.

ھېچكىم زىيان ئۇرمىغان،
دۆلەت بىلەن دېھقانغا.
پاك ـ دىيانەت، ئىنسابلىق،
سىڭىپ كەتكەن ۋىجدانغا!...

كۆڭۈل بەرسەك مۇشۇنداق،
باجغا، غەللە ـ پاراققا؛
يەتمەمدىغان چامىمىز،
قول ئۇزاتساق قاياققا؟!...

**ھۇسەيىن ھېكىم**

# يۇمۇرلار

## دۆت

تېلېۋىزوردا ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئوغلى ئاتىسىدىن سورىدى:

— دادا، ئاسىيا دېگەن نېمە؟

ئاتىسى: ھۇ دۆت، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ئاسىيە دېگەن ئاناڭنىڭ سىڭلىسى.

## ئۆگىنىپ قاپتىمەن

كاتىپ: باشلىق، سىز بۈگۈن قىسقىچە پىكىر قىلىمەن دېگەن ئىدىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق سۆزلىدىڭىزغۇ؟

باشلىق: قىسقا سۆزلىسەم چۈشىنىشلىك بولمايدىكەن، پىكىرىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ سۆزلەپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن.

## قاش تاشلىغىنى

بالىسى: دادا، كېچىدە يول يۈرگەن ئاپتوموبىللار ئۆز ئارا يېقىنلاشقاندا چىراغلىرىنى بىر ئۆچۈرۈپ، بىر ياندۇرۇپ ماڭىدىكەن، بۇ نېمە قىلغىنى؟

ئاتىسى: بۇ شوپۇرلارنىڭ بىر ـ بىرىنى سېغىنىپ، ئۆز ئارا كۆز قىسىشىپ قاش تاشلاشقىنى.

## ھەزىم قىلىش

ئا: سىز دائىم يىغىن، ئۆگىنىشلەردە مۈگدەپ ئۇخلاپلا چىقىسىزغۇ؟

ب: مەن گەپ ـ سۆزلەرنى كاللامدىكى تارازىدا ئۆلچەپ، ھەزىم قىلىپ چىقىمەن.

## توشۇپ كېتىدۇ

ئا: بۈگۈن يىغىندا تولا ۋاتىلداپ كىشىنى ئەجەبمۇ زېرىكتۈرۈۋەتتىڭ، ئازراق گەپ قىلساڭ، گەپ خالتاڭ قۇرۇتلاپ كېتەرمىدى؟

ب: قۇرۇتلاپقۇ كەتمەيدۇ، بىراق گەپ يىغىلىپ توشۇپ كېتىدۇ.

مۇنى تابىلدى

## «تىل تۇمار»

(ھېكايە)

ئاقساقال تېيىۋېپ دورا تالقانلىرىنى تەكشەپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، «ئەسسالام» دېگىنىچە ئىشىكتىن بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ قىزىم، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇڭ، — تېيىۋېپ ئادەتتە كىشىلەرگە شۇنداق خۇش مۇئامىلە قىلاتتى.

— بىرەر ھاجىتىڭىز بارمىدى قىزىم، تاۋۇدىڭىز يوقمۇ — يە؟

— تېيىۋېپ ئاتا، مېنىڭ كېسىلىم يوق. مەن... مەن... — ئايال سەل تەمتىرەپ قالدى، — ئاڭلىسام، ئۆزلىرىنىڭ تىل تۇمار قىلىشتىنمۇ خەۋەرلىرى بار ئىكەن، شۇڭا بىرەر تىل تۇمار پۈتۈپ بېرەمدىكىن، دەپ كېلىۋىدىم قاشلىرىغا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تېيىۋېپنىڭ ھەم ئاچچىقى كەلدى ھەم كۈلگىسى كەلدى. «تېيىۋېپ دېگەنمۇ تىل تۇمار پۈتەمدۇ؟ بۇ ئايال ئالجىپ قالدىمۇ نېمە؟ بوپتۇ، ھاجەتمەنكەن، قېنى، نېمە گېپى بار، ئاخىرغىچە ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئويلىدى تېيىۋېپ.

— قىزىم، نېمە دەردىڭىز بار، تىل تۇمار نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟

— تېيىۋېپ ئاتا، مېنىڭ سىلىگە بۇ تەلەپنى قويۇشۇم يولسىزدۇر بەلكىم. شۇنداقتىمۇ، سىلىنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ مېنىڭ بېشىمنى سىلايدۇ، دەپ كەلدىم. ھە، راستىمنى ئېيتسام، مېنىڭ ئېرىم بەك زالىم كىشى، گەپتىن — گەپ يوقلا جېدەل چىقىرىپ مېنى دۇمبالايدۇ. خېتىمنى ئالاي دېسەم، بالىلىرىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. دۇمبا يەۋېرىپ قوۋۇرغىلىرىم سۇنۇپ كېتە يېلا دەپ قالدى. ئاڭلىسام، يامان ئەرنىڭ «قولىنى باغلايدىغان تىل تۇمار» بارمىش، ماڭا شۇ تىل تۇماردىن پۈتۈپ بەرسىڭىز، تاياق — دۇمبادىن خالاس بولاتتىم، — ئايال گېپىنى تۈگىتىپلا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئايالغا ئىچ ئاغرىتقان تېيىۋېپ «قىزىم بۇ ئىش تېيىۋېپنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، موللىنى ئىزدەڭ» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن بىر قىسىم ھېلىگەر موللىلار پۇل ئېلىشنىڭ كويىدا بىلمىگەننى بىلىمەن دېيىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئويلاپ:

— بوپتۇ قىزىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. مەن بىر چارىسىنى قىلىپ باقاي، ئېقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، —دېدى — دە، ئايالغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىر ھازا قاراپ چىققاندىن كېيىن، كۆڭلىدىن بىر نېمىلەرنى ئۆتكۈزدى — دە، بىر پارچە ئاق

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

قەغەزنى ئېلىپ، قېرىنداشتا ئۇستىگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ، قەغەزنى تۆت بۇرجەك قىلىپ پۈكلىدى.

— مەڭ قىزىم، مەن بارلىق ئىلمىمنى ئىشقا سېلىپ بۇ تۇمارنى پۈتتۈم، چوقۇم پايدىسىنى كۆرىسىز.

— بۇنى بوينۇمغا ئاسامدىمەن ئاتا؟ — دېدى ئايال ھاياجانلانغان ھالدا «تۇمار» نى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— ياق قىزىم، بوينىڭىزغا ئاسمايسىز. بۇنى ئېرىڭىز سىزنى تىللاپ كەتكەندە، ئاغزىڭىزغا سېلىپ مەھكەم چىشلىۋېلىڭ. ئېرىڭىز ئەگەر سىزنى مۇشتلاپ، تەپسىمۇ بۇنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەڭ. ئەگەر بۇنى چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولسىڭىز كۈچى تۈگەيدۇ — دە، ئېرىڭىز سىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

ئايال بۇنىڭدىن سەل گۇمانلانغان بولسىمۇ، «مەيلى سىناپ باقاي» دېگىنىچە، تېۋىپقا رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى ھېلىقى ئايال بىر لېگەن پولۇ كۆتۈرۈپ تېۋىپنى يوقلاپ كەلدى.

ئايالنىڭ داستىخان كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن كىرگىنىنى كۆرگەن تېۋىپ، ئىچ — ئىچىدىن خۇشال بولۇپ «مېنىڭ كارامىتىم ئۆزىنى كۆرسەتكەن چېغى» دەپ ئويلىدى ۋە ئايالنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى، تېۋىپ ئاتا، ئوخشىمىغان بولسىمۇ بۇ ئاشتىن تېتىپ باقسىلا، قولىمىز قىسقا بولغانلىقتىن ئۆزلىرىگە لايىقراق بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدىم، — دەپ داستىخاننى يەشتى ئايال.

— قىزىم، كۆپ چوۋۇپسىز، ھېلىقى تۇمار...

— شۇنداق ئاتا، شۇنداق. سىلىنىڭ ئىلىملىرى قالتىس ئىكەن. ئۇ تۇمار مېنى دۇمبالىنىشتىن قۇتقازدى، بىر قانچە كۈن بولدى، بىز بەك ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز.

بۇنى ئاڭلىغان تېۋىپ ئۆزىنى باسالماي قاھ — قاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ياخشى بوپتۇ، ئىناق ئۆتكەن بولساڭلار مەن خۇشال، دېگەنلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈپسىز — دە.

— شۇنداق ئاتا، مەن ئېرىمنىڭ سەپراسى ئۆرلىگەندە ھېلىقى تۇمارنى چىڭ چىشلىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ جىمىپ كېتىدۇ.

تېۋىپ ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن قولىنى چايقاپ يۇيۇنۇپ ئولتۇردى — دە، مېزىلىك پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ئەسلىدە ئايالنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولۇپ، ئېرى بىر ئېغىز تىللىسا مىڭ ئېغىز گەپ ياندۇراتتىكەن، بۇنىڭدىن سەپرايى ئۆرلىگەن ئېرى ئۇنى قاتتىق دۇمبالايدىكەن. تېۋىپ ئايالنىڭ بۇ خۇيىنى پەملەپ، قۇرۇق قەغەزنى پۈكلەپ «تىل تۇمار» پۈتۈپ بەرگەنىدى. تېۋىپنىڭ ھېلىقى قەغىزىدە باشقا سېھىرلىك كۈچ يوق ئىدى.

# قاسساپ بىلەن جوۋازچى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە قاسساپ بىلەن جوۋازچى ياشايدىكەن ۋە ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن.

قاسساپ ھەر كۈنى قوي گۆشى بىلەن ئۆچكە گۆشىنى، جوۋازچى زىغىر يېغى بىلەن ئاپتاپپەرەس يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىكەن. ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ سىرىنى بىلىدىكەن، بىراق ھېچ كىشىگە ئاشكارا قىلمايدىكەن. قاسساپقا ئاپتاپپەرەس يېغى، جوۋازچىغا ئۆچكە گۆشى زىيان قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇلار دوستلۇقىنى قەدىرلەپ قاسساپ جوۋازچىغا قوي گۆشى ساتىدىكەن، جوۋازچى قاسساپقا زىغىر يېغى ساتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاسساپ ياغ ئالماقچى بولۇپ جوۋازچىنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ - دە:

— زىغىر يېغىدىن ئىككى جىڭ بېرىڭ، - دەپتۇ.

بىراق بۇ چاغ جوۋازچىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە خېرىدار بولۇپ، ئۇلار جوۋازچىنىڭ ئالدىدىكى ياغدىن گۇمانلىنىپ تۇرغانىكەن، جوۋازچى ھېلىقى خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن:

— بۇ ساپ زىغىر يېغى، - دەپتۇ - دە، قاسساپقا ئاپتاپپەرەس يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان زىغىر يېغىنى سېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خېرىدارلار: «جوۋازچى دوستىغا ‹زىغىر يېغى› دەپ ساتقانغا قارىغاندا، راستىنلا زىغىر يېغى ئىكەن» دەپ، ئېشىپ قالغان ياغلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدىلا ئېلىپ بوپتۇ.

شۇ كۈنى جوۋازچىنىڭ ئۆيىدە گۆش تۈگىگەنىكەن، جوۋازچى قاسساپنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسىدەك بولسا، ئىلمۇدا پەقەت ئىككى پارچە گۆش قالغانىكەن، بىر پارچىسى يېغى يوق «قارا گۆش» بولغاچقا، بىر نەچچە خېرىدار:

— ماڭا بەرسىلە، - دەپ پۇل تەڭلەپ تۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن جوۋازچى:

— بۇ قارا گۆشنى مەن ئالاي، - دەپتۇ - دە، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، قاسساپقا:

— ئاۋۇ قارا گۆشنى ماڭا بېرىڭ، - دەپتۇ. قاسساپ:

— ماۋۇ سېمىز گۆشنى ئېلىڭ، - دېسە، جوۋازچى:

— يېغى بار ئىكەن، قارا گۆشنى بېرىڭ، - دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ئەسلىدە ھېلىقى بىر پارچە «قارا گۆش» ئۆچكە گۆشى بولغاچقا، جوۋازچىغا ئۆچكە




گۆشى زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قاسساپ ھېلىقى ياغلىقراق تۇرغان قوي گۆشىنى بېرەي، دەپ ئويلىغانىكەن. ئەگەر قاسساپقا: «بۇ ئۆچكە گۆشى» دېسە، ھېلىقى

خېرىدارلارنىڭ قاسساپنى «ئالدامچى ئىكەن» دەپ ئىككىنچى گۆش ئالماسلىقى تۇرغان گەپ. تىگىر قاپ قالغان قاسساپ ئاخىرى خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھېلىقى «قاراگۆش» نى جۇۋازچىغا سېتىپ بېرىپتۇ.

ئاخشىمى قاسساپ بىلەن جۇۋازچى دۇكانلىرىنى يىغىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ ۋە قاسساپ ھېلىقى ياغدا قۇيماق سېلىپ يەپتۇ، جۇۋازچى گۆشتە مانتا ئېتىپ يەپتۇ. لېكىن، كېچىچە ھەر ئىككىسىنىڭ بەدەنلىرى قىچىشىپ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قاسساپ تېۋىپنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئارقىسىدىنلا جۇۋازچىمۇ يېتىپ كەپتۇ.

— يەللىك نەرسىلەرنى يەپ قاپسىلەر، شۇڭا يېلىڭلار تېشىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ تومۇرىنى تۇتۇپ بولغان تېۋىپ.

قاسساپ بىلەن جۇۋازچى بىر - بىرىگە قارىشىپ، كۆڭۈللىرىدە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ - دە: «مېنىمۇ ئالدىدىڭمۇ؟ ھوكاززاپ!» دېيىشىپ، شۇ يەردىلا بىر - بىرىنىڭ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تېۋىپ ئۇلارنى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن قازى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە، ھەر ئىككىلىسىنى قىرىق دەررە ئۇرۇپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلىرى ئالدامچىلىق، كاززاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلىرىدىن يېنىپ، كىشىلەرنى ئالدىماي ئادىل سودا قىلىدىغان بولغانىكەن.

توپلاپ، رەتلىگۈچى: يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدىن: ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

△ توكۇر ئاتقا ئالتۇن تاقا، ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا.
△ پەمسىز باتۇر — ئوقى يوق مىلتىق.
△ بۆرە ھوۋۇلاپ ئۆزىنى ئاشكارا قىلار.
△ نادانغا تەگكەن مەنسەپ — كىچىك بالىغا تۇتقۇزۇلغان ئۇستۇرا.
△ بىلمەسلىكنىڭ نەتىجىسى بولماس، شەپقەتسىزنىڭ ھىممىتى.
△ غەم قىلغۇچە پەم قىل.
△ تۆت كەپتەرگە سەككىز كوۋۇك، يازدا ياتقان قىشتا رووۇك.
△ ئۆينى ئىجارىگە بېرىپ بۇرنى ئۇششىگەن قېرى.
△ ئىش پەم بىلەن، ئىشىك دەم بىلەن.

(توپلىغۇچى: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىسىدىن: سابىرجان سېيىت).

# تۆت دوست

(مەسەل)

بىر ئورمانلىقتا قاغا، تاشپاقا ۋە چاشقان بولۇپ، بۇ ئۈچ مەخلۇقنىڭ جىنسى تەپى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن قوشنىدارچىلىقى يېقىن ئىكەن. بۇلار ھەممىشە ئۆز «جەننىتى»دە بىر — بىرلىرىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىشىپ، قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا بىر — بىرىگە ھەمدەم بولۇشنى ئېيتىشىپ كۆپ قېتىم ۋەدىلەر قىلىشىپتۇ.

بىر كۈنى بۇ ئۈچ دوست ھەمسۆھبەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا، يىراقتىن تېز قېچىپ كېلىۋاتقان بىر كېيىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار «كېيىكنىڭ ئارقىسىدا قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوۋچى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، دەرھال يوشۇرۇنۇپتۇ. تاشپاقا سۇغا چۆكۈۋاپتۇ، قاغا دەرەخكە قونۇۋاپتۇ. چاشقان تۆشۈككە كىرىۋاپتۇ.

كېيىك يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بۇلاق لېۋىدە توختاپتۇ. قاغا كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوۋچى كۆرۈنۈپ قالسا، دەرھال كېيىككە خەۋەر قىلىپ قوياي، — دەپ دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇ ياق — بۇ ياقلارغا قارىغان بولسىمۇ، ھېچبىر ئادەم قارىسىنى كۆرمەپتۇ. تاشپاقا قارىسا، كېيىك ھەدەپ سۇغا قارىغىدەك، لېكىن سۇنى ئىچمەي تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن تاشپاقا، كېيىككە قاراپ:

— ئەي دوستۇم، ھالىڭ نېچۈك؟ ئەگەر ئۇسسىغان بولساڭ سۇ ئىچكىن، ئەندىشە قىلما، بۇ يەردە ھېچقانداق خېيىم — خەتەر يوق، — دەپتۇ.

كېيىك ئۇنىڭ سۆزىدىن مېھرىبانلىق ھېس قىپتۇ ۋە يېقىنراق كەپتۇ.

— مەرھابا، — دەپتۇ تاشپاقا، كېيىككە ئىللىق بېقىپ، — بۇ ماكانىمىزغا قانداق قىلىپ قەدەمىڭىز يېتىپ قالدى؟

— مەن بۇ سەھرادا تەنھا يۈرگەنىمەن، — دەپتۇ كېيىك، — بىرەر ئوۋچى ماڭا بۇ تەرەپتىن قەست قىلسا، ئۇ تەرەپكە قاچاتتىم. ئۆز ھاياتىمدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتىم. بۈگۈن دالىدا ئولتۇرغان بىر ئادەمنى كۆردۈم، مەن قاياققا ماڭسام، ئۇ شۇ ياققا قاراۋاتىدۇ. مەن «ئۇ ئوۋچى مېنى قەستلەپ تۇزاق قۇرغان بولۇشى ئېھتىمال» دەپ پەملەپ ئۇنىڭ قۇرغان تۇزىقىغا چۈشمەسلىك ئۈچۈن بۇ جايغا قېچىپ كەلدىم.

— قورقمىغىن، — دەپتۇ تاشپاقا ئۇنىڭغا، — بۇ ماكان ناھايىتى تېنىچ — ئامان جاي، ھەرگىز بۇ جايغا ئوۋچى كەلمەيدۇ، ئەگەر خالىساڭ سېنى ئۆزىمىزگە دوست قىلىۋالايلى، بىز ئۈچەيلەن — قاغا، چاشقان ۋە مەن قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىدۇق، ئەندى سەن قوشۇلساڭ تۆت يارەن بولىمىز.

تاشپاقىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چاشقان كىرىۋالغان تۆشۈكتىن، قاغا قونۇۋالغان دەرەختىن چۈشۈپ كېيىككە ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇلارنىڭ مىجەزخۇلقى تۈزۈك، ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار دوستلار ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كېيىك، ئۇلارنىڭ خۇي-

پەيلىنى بىلىپ، جان دىلى بىلەن دوستلىشىشقا مايىل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىيىكمۇ ئاشۇ ئورمانلىقتا ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ مۇشۇ يايلىقىمىزدىكى ئوتنى يېگىن ۋە مۇشۇ بۇلاق يېنىدىن نېرىغا بارمىغىن» دېيىشىپتۇ. كىيىك ئۇلارنىڭ نەسىھەتىنى قۇلاقتا تۇتۇپتۇ.

ئورمانلىقتا بىر خۇش هاۋالىق جاي بار بولۇپ، ئۇلار ھەممىشە شۇ يەرگە يىغىلىپ، بىللە ئوينىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىشىدىكەن.

بىر كۈنى قاغا، چاشقان، تاشپاقا ئۇ يەرگە كەپتۇ، لېكىن كىيىك كەلمەپتۇ. ئۇلار بىر ـ ئىككى سائەت ساقلىغان بولسىمۇ، كىيىكتىن ھېچبىر خەۋەر بولماپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ قاغىغا:

— سەن بېرىپ كىيىكتىن خەۋەر تېپىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

قاغا ھاۋاغا دەرھال پەرۋاز قىلىپ، يەنە قايتىپ كېلىپ دوستلىرىغا:

— مەن ئۇنى بالا بەختىگە باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ھايا تىي خەۋپ ئىچىدە قاپتۇ. بىزگە ھازىر دوستلۇققا مۇھەببەت باغلاشتىن باشقا، شۇ دوستلۇقنى چىڭىتىدىغان پەم ـ پاراسەتمۇ بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ھەممىمىز باش قاتۇرايلى، ـ دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تاشپاقا، دوستىنىڭ قانداقلارچە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ جايىدا تۇرالماي يېنىدىكى ئۆزى ۋەجىك. پەم ـ پاراسەتلىك چاشقانغا قاراپتۇ ۋە دەپتۇ:

— دوستىمىزنى ئازابتىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇمىد پەقەت سەندە، تېز بول، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

شۇنداق قىلىپ قاغا يول باشلاپتۇ. چاشقان سەكرەپ ـ سەكرەپ كىيىك قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ تۇزاققا قانداقچە چۈشۈپ قالدىڭ، بۇرادەر؟ شۇنداق پەم ـ پاراسىتىڭ بىلەن خەتەرنى كۆرمىگىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىشقۇ؟ ـ دەپتۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ـ دەپتۇ كىيىك، ـ قازا يەتكەندە ئەقىل ـ پاراسەتمۇ قايرىلىپ قالىدىكەن، ئۆتكۈر كۆزمۇ كۆرمەيدىكەن، قازا ھېلىگە بويسۇنمايدۇ ـ دە.

— راست ئېيتىسەن، ـ دەپتۇ چاشقان.

چاشقان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ كىيىك دوستىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بويىنىدىكى چۇلۋۇرنى ئۆتكۈر چىشى بىلەن قىرقىپتۇ. شۇ چاغدا تاشپاقىمۇ كىيىكنىڭ يېنىغا ھازىر بوپتۇ. ئۇنى كۆرگەن كىيىك:

— ھەي مېھرىبان دوستۇم، سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭ مېنىڭ تۇزاققا چۈشۈپ قالغىنىمدىنمۇ خەتەرلىك ئىش بوپتۇ. چۈنكى چاشقان بوينۇمدىكى تانىنى كېسىپ بولدى. ئەگەر ئوۋچى كېلىپ قالسا مەن ئىككى سەكرەپ قۇتۇلىمەن، قاغا ئۇچۇپ كېتىدۇ، چاشقان تۆشۈككە مۆكۈنىۋالىدۇ. سەن نەگە بارىسەن، قانداق قۇتۇلىسەن؟!

— ھەي شەپقەتلىك دوستۇم، نېمىشقا كەلمەيمەن، دوستلاردىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئاقىللارنىڭ: «دوست بولماققا مىڭ كىشى ئازدۇر، دۈشمەنلىككە بىر كىشى كۆپتۇر، ھەقىقىي دوستنى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سىنا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. مەن سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى مۇشۇ تاپتا سەن مېنىڭ ياردىمىم ۋە ھېمدا شلىقىمغا مۇھتاجسەن.

تاشپاقىنىڭ بۇ سۆزلىرى كىيىكنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قۇۋۋەت بېرىپتۇ. كىيىك ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، بىرجۈپ ئوماق كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

تاشپاقا تېخى سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرماستىنلا يىراقتىن تۇيۇقسىز ئوۋچى كۆرۈ-

دۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن كىيىك قېچىپتۇ، چاشقان تۆشۈككە كىرىۋاپتۇ، قاغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ، تاشپاقا نىمە قىلارىنى بىلمەي قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قاپتۇ.

ئوۋچى كېتىپ قالىدىسا، تۇزاقلىرى كېسىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئوك ـ سولغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاختۇرۇپتۇ. ئۇ، تاشپاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۆز ئۆزىگە: «بۇ مەينەت، كېسىلگەن ۋە قاچقان كىيىككە باراۋەر كەلمەسمۇ، لېكىن قۇرۇق قول قايتمىش ئوۋچى ئۈچۈن نومۇس» دەپتۇ ـ دە، تاشپاقىنى ئېلىپ، قاپقا سېلىپ شەھەرگە راۋان بوپتۇ.

ئوۋچى كەتكەندىن كېيىن، كىيىك، چاشقان، قاغا، ئۈچ دوست جەم بولۇشۇپتۇ ۋە تاشپاقىنى ئوۋچى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ پەريادىغا ئىلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. قايسى خاپىلىق ئۆز دوستىدىن ئايرىلىش خاپىلىقىغا تەڭ كېلەلەيسۇن؟! قايسى مۇسىبەت ئۆز دوستىدىن جۇدا بولغانلارنىڭ مۇسىبىتىدەك قاتتىق بولالىسۇن؟! ئۈچ دوستنىڭ ھەر بىرى ئۆز ھالىغا مۇناسىپ ھالدا يىغلىشىپ، دوستى ــ تاشپاقىنى قۇتقۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ.

ئاخىرى كىيىك قاغىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەي بۇرادەر، بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاشسىقمۇ تاشپاقىغا ھېچقانداق پايدىسى يوق. بىزنىڭ نالە ـ زارىمىزنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى تەگمەيدۇ. بىزگە زۆرۈرى ئۇنىڭ قۇتقۇلۇشى ئۈچۈن بىر چارە قىلمىشتۇر. ئاقىللار: «تۆت كۆرۈھنى تۆت ۋاقىتتا سىناش كېرەك. يەنى، باتۇر ـ باھادىرلارنىڭ شىجائىتىنى جەڭدە؛ خىيانەتسىز ـ ئىمىنسابلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىم ـ بېرىمدە، مۇئامىلىدە؛ خوتۇن ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلىق چاغلاردا؛ ھەقىقىي دوستلارنى باشقا بالا ـ قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك» دەپ ئېيتقان.

ــ مېنىڭ خىيالىمغا بىر ھىيلە كەلدى، ـ دەپتۇ چاشقان كىيىككە، ـ

ــ سەن ئوۋچىنى كۆرگىدەك يەرگە بارغىن ـ دە، ئۆزۈڭنى يارىدار بولغان قىلىپ كۆرسەت، قاغا ئۈچاڭغا قونۇپ يارىلىرىڭنى چوقىغاندەك بولۇپ كۆرۈنسۇن. ئوۋچى كۆرسە سېنى ئاجىزلىشىپ قاپتۇ، دەپ ئويلايدۇ ـ دە، تاشپاقىنى تاشلاپ سېنى تۇتقىلى يۈگۈرەيدۇ، قېشىڭغا يېقىن كەلگەندە ئاقسىغان بولۇپ، ئىلدامراق قاچقىن، ئوۋچى ساڭا ئەگىشىپ نېرىراق ئۇزاپ كېتىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە چارە قوللانساق، دوستىمىز تاشپاقىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالالىشىمىز مۇمكىن.

دوستلار بۇ تەدبىرگە ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، كىيىك بىلەن قاغا ئوۋچىنىڭ ئۆتەر يولىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئوۋچى ئۇلارغا قارىسا، بىر كىيىك جاراھەتلىنىپ ياتقان، بىر قاغا بولسا، ئۇنىڭ يارىلىرىنى چوقۇپ ھەتتا كۆزىنى چوقۇش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتقان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى دەرھال تاشپاقىنى يەرگە قويۇپ كىيىككە قاراپ يۈگۈرەپتۇ. چاشقان ئۇنىڭ ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال كېلىپ قاپنىڭ بوغقان شوينا (يىپىنى) قىرقىۋېتىپتۇ. تاشپاقا قاپتىن چىقىپ چاشقان بىلەن بىللە قېچىشقا باشلاپتۇ. ئوۋچى كىيىكنى تۇتالماي ھېرىپ ـ چارچاپ ھېلىقى قاپ يېنىغا كېلىپ قارىسا، قاپنىڭ بوغۇلغان يىپى كېسىلگەن ھالدا تۇرغانىكەن. ھەيران قالغان ئوۋچىنىڭ كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۆزىچە: «بۇ جاي دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ ماكانى ئىكەن، مەن بۇ يەرگە ئۆزۈمچە كېلىپ قاپتىمەن، قاچقان كىيىكنىڭ يارىدار بولۇپ ئالدىمغا ئۇچرىغىنى، ئۇنىڭ كۆزىنى قاغا چوقىغاندەك كۆرۈنگىنى، قاپنىڭ چىگىلگەن يىپلىرىنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆزۈلگىنى ۋە تاشپاقىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنى دىۋىلەرنىڭ ئىشى بولماي

نېمە؟» دەپ ئويلاپ ئۆزۈلگەن توزاق ۋە كېسىلگەن قاپنى كۆتۈرۈپ بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ: «ئەگەر بۇ باياۋاندىن ساق سالامەت قۇتۇلۇپ چىقسام، قالغان ئۆمرۈمدە بۇ چۆللۈككە كېلىشنى خىيال قىلمايمەن ۋە باشقا ئوۋچىلارنىڭمۇ شەپقەت يۈزىسىدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇپ ئۇلارنىمۇ بېقىن كەلتۈرمەسمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ تۆت دوست ئوۋچىنىڭ تەشۋىشىدىن ئامانلىق تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئىتتىپاق قىلىشنىڭ بەرىكاتىدىن بىر-بىرىگە بولغان مېھرى-رىشتىسى تېخىمۇ چىڭىپتۇ، تۇرمۇشلىرى خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ، ئۇلار مەڭگۈ ئايرىلماپتۇ.

بىلسە كىشى دوستىنىڭ ھەقىقىي قەدرىنى،
سەرپ قىلغاي ئاڭا بارچە ئۆمرىنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىسار ناھىيە، ئېگىز يەر يېزا 3-كەنتتىن: ھېيت قوشاق.
رەتلىگۈچى: يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدىن: يۈنۈس سەمەت.

(بېشى 126-بەتتە)

تۆتىنچىدىن، بىلىملىك ئادەم دائىم پاراغەتتە ياشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىكى بىلىمنى ھېچكىم ئوغرىلاپ كېتەلمەيدۇ. باي ئادەملەر دائىم مېلىمنى ئوغرىلاپ كېتەرمىكىن، دەپ غەم-ئەندىشىدە ياشايدۇ.

بەشىنچىدىن، بىلىم كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، يوقالمايدۇ. ئەگەر مال-مۈلۈكنى يەرگە قويسا چىرىيدۇ، كۆن نۇردا رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىدۇ، سوغۇقتا قاتىدۇ، ئىسسىقتا ئېرىيدۇ. دېمەك، دائىم ئۇنىڭ غېمىدە بولىدۇ.

ئالتىنچىدىن، بىلىملىك ئادەم كۆڭلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق، كىچىك پېئىل، مېھرى-شەپقەتلىك كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەرنى ھەممە ئادەملەر ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئىززەتلەيدۇ، دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلى خۇددى تاشتەك قاتتىق بولىدۇ. قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى كۆپرەك ئىشلىسۇن، بايلىقىم كۆپەيسۇن، دەپ ئۇلارنى ئېزىدۇ.

ئەقىللىق قىز دادىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاخىرقى مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ:

— ئەي ئاتا، ئاكىلىرىم بۇ گەپلەرنى ياخشىراق ئويلىنىپ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن ياشلىق دەۋرلىرىنى ئەمدى قالغان ئۆمرىدە تولۇقلىسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ.

ئاتىسى ئاكىلىرى بۇ ئەقىللىق قىزغا قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ئاتىسى، قىزى بىلەن كىچىك ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. باشقا ئوغۇللىرىمۇ ئەمدى مېھنەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

ئاخىرى ھەممىيلەن مەقسەت-مۇرادلىرىغا يېتىشكەنىكەن.

(ئۆزبېكچە «بۇلبۇلگويا» ناملىق چۆچەكلەر توپلىمىدىن ئەقىقە سالى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان).

# نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

## قېيىن ئانامنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ ئويۇپ بېرىڭ

ئەپەندى مۆھۈر ئويۇپ جاھانسازلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، بىر كىشى كېلىپ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر يۇرتقا قازى بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزى ئۈچۈن مۆھۈر ئويۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئىسمىڭىز نېمە، سىز قايسى مۇدەررىستە ئوقۇغان؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

— ئىسمىم مۇبارەك، مەھەللىدىكى بىر خەلپەتتە ئوقۇپ ئېلىپبەنى تۈگەتكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئەپەندىم:

— بۇرادەر، سىزگە قانداق بولۇپ بۇ مەرتىۋە نېسىپ بولدى؟ — دەپتۇ ھەيران بولۇپ.

— ھەيران بولماڭ، ئەپەندىم. قېيىن ئانامغا دادىسىدىن بەگلىك مىراس قالغانىدى، قېيىن ئانامنىڭ ياردىمى بىلەن پەقەت بۇ مەرتىۋىگە نائىل بولدۇم، شۇڭا مۆھۈرگە ئۇنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئويۇپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— بۇرادەر، مۆھۈر — شەرىئەت تامغىسى، قازى ئاخۇنۇم — شەرىئەت ھۆكۈمدارى، مۆھۈرگە پەقەت سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا ئويۇشقا بولىدۇ، قېيىن ئانىڭىزنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئويۇشقا بولمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇ ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەپەندىم نائىلاج مۆھۈر ئويغۇچنى قولىغا ئېلىپ:

— بەگنىڭ قىزى بەگ بولدى، ئۇنىڭ ئىسمى زىۋەرەك، زىۋەرەكنىڭ كۆيئوغلى قازى بولدى مۇبارەك، — دەپ ئويۇپ بېرىپتۇ.

## ئاخىرەتكە كۆچمىدىكەن دەيتىمەن

ئەپەندىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا تولىمۇ جىمجىتلىقنى خالايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىراق ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى قوشنىسى مىسكەر، سول تەرەپتىكى قوشنىسى تۆمۈرچى ئىكەن. كۈنلىكى «توك — توك — توك» قىلغان ئاۋازلار ئۇنىڭغا زىنھار ئارام بەرمەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ قوشنىلىرى كۆچۈشكە رازى بولسىلا ئۇلارنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىشقا تەييار ئىكەن. بۇ ئىككى قوشنا ئەپەندىمنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ، بىر — بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆچمەكچى بولغانلىقىنى ئەپەندىمگە ئېيتىپتۇ.

ئەپەندىم:

— قوشنىلىرىم، قاچان كۆچىسىلەر؟ — دەپ سورىغىنىكەن، ئۇلار تەڭلا:

— ئەتە كۆچىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

بۇنىڭدىن قەۋەتلا خوشال بولغان ئەپەندىم دەرھال ئېغىلدىكى قوينى سويۇپ، ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ.

داستىخان يىغىلىپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەپەندىم ئۇلاردىن قەيەرگە كۆچىدىغانلىقىنى سورىغىنىكەن، ئىككىيلەن تەڭلا بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە كۆچىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن ئەپەندىم:

— مەن تېخى سىلەرنى ئاخىرەتكە كۆچمەيدىكەن دەپتىمەن، — دەپتۇ.

## بويۇنلىرى كۆتۈرىدۇ

ئۆزىنى دۇنيادا تەڭداشسىز گەپدان چاغلايدىغان بىر زالىم بەگ بىر كۈنى ئەپەندىمنى بازاردا كۆرۈپ، ئۇنى بىر يولىلا گەپتە يەڭمەكچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، يېقىندىن بېرى دوۋسۇنۇم چىقىپ قالغاچقا، تاھارەت ئالغاندا كۆتۈرۈپ قويالماي كۆپ رىيازەت تارتىمەن. ھەر قېتىملىق ئىش ھەققىڭىز ئۈچۈن بەش تەڭگە بەرسەم، ياردەملىشىپ كۆتۈرۈپ قويسىڭىز، سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولاتتىم، — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— بۇرادەر، بۇنىڭ چارىسى ئاسان، مەن بىلەن مېڭىڭ، — دەپ، بەگنى ياغ كەملەيدىغان كەمچەن دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئىككى قادا قىلىق كەمچەندىن بىرنى سېتىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ.

— ئەپەندىم، سارالىق يولدىڭىزمۇ نېمە، ماڭا كەمچەن ئالدۇرۇپ، ياغچىلىق قىلاتتىمىزمۇ - يە؟ — دەپ كۈلۈپتۇ بەگ.

ئەپەندىم:

— يوقسۇ بېگىم، كەمچەن سېتىۋېلىشىمىز ئۆزلىرى ئۈچۈن، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تۈرلۈك ياخشىلىق كۆرۈلا: بىرىنچى، كەمچەننىڭ ئىچىگە چىقىپ قالغان دوۋسۇنلىرىنى سالىمىز، سېپىدىن شوينا بىلەن بويۇنلىرىغا ئاسىمىز. ساڭگىلاپ قالغان دوۋسۇنلىرىنى مېنىڭ ياردىمىمسىزمۇ بويۇنلىرى كۆتۈرىدۇ. يەنە بىرى، ماڭا ھەر قېتىمدا بېرىدىغان بەش تەڭگە يانچۇقلىرىدا قالىدۇ، پۇقرالارغا سالىدىغان ئالۋاڭ ئازىيىدۇ، — دەپتۇ.

زالىم بەگ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

توپلىغۇچى: شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى قەشقەر شۆبە مەكتىپىدىن: ئەنۋەر ئىسمايىل.

# بىلىم ــ بايلىق

( ئۆزبېك خەلق چۆچىكى )

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زامانىدا بۇخارادىن يىراق، ئۆرگەنچ چۆلى ئەتـ
راپىدا، مىرىشكار قەلئەسى دېگەن يېزىدا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن .

بوۋاي ئۆمرۇم ئاخىر لىشىپ قالدى، ئەمدىلىكتە ئوغۇللىرىم ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىـ
سە ، ئادەم بولسا ، دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن . بوۋا يىنىڭ سەككىز ئوغلى ۋە بىر قىزى بار
بولۇپ ، قىز تولىمۇ ئەقىللىق، زېرەك ئىكەن.

بىر كۈنى ئاتىسى قىزىغا :

ــ خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن، تولىمۇ بەختلىك ئىكەنمەن . قېرىغان ۋاقتىمـ
دا سېنىڭدەك پەرزەنت يۈزىنى كۆردۈم، ئاكىلىرىڭدىن جاق تويدۇم. ئۇ بەدبەخلەرنى ئىـ
لىم ئىگىلەپ ياخشى ئادەم بولۇڭلار، دېسەم گېپىمگە قۇلاق سېلىشماي، يەنە تېخى : «كۆپ
يېرىمىز ، نۇرغۇن ماللىرىمىز تۇرسا يەنە ئوقۇپ نېمە قىلارمىز؟ » دېيىشىدۇ . مەن ياـ
شىنىپ قالدىم، بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمسام ئاكىلىرىڭنىڭ ھالى نېمە بولار ؟ ئاتا مىلى
ئۆزى بىلەن ، ئاكىلىرىڭنىڭ ھازىرقى ھالى بۇ، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ماـ
گا لەنەت ياغدۇرارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن ، قىزىم ، ــ دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

ــ دادا، سىزگە بىر مەسلىھەتىم بار. ئاكىلىرىمنى ئالدىڭىزغا چاقىرتىپ كېلىپ ،
ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى سوراپ كۆرۈڭ . ئۇلار قانداق جاۋابلارـ
نى بېرىشەركىن، ــ دەپتۇ قىزى.

ــ ۋاي جېنىم قىزىم، مېنى ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگـەنلىكىنى بىلـ
مەيدۇ دەمسەن، سەككىز ئاكاڭ يانچۇقلىرىغا پۇلنى تولدۇرۇپ سەككـىز تۇلپارغا مىنىـ
ۋېلىپ، شەھەر مۇـشەھەرقا تراپ يۈرۈپ، كەيپىـساپا تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتىدۇ،ــدەپتۇدادىسى.

ــ بۇ ئىشلارنى مەنمۇ بىلىمەن، دادا؛ سىز ئاكىلىرىمـنى مېھمانخانىغا چاقىرىپ
كېلىڭ ، مەن ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىڭلارنى تىڭشاي . سىز ئاۋۋال
ئۇلاردىن « بىلىم ئەۋزەلمۇ ياكى دۆلەتمۇ؟ » دەپ سوراڭ ، ھەممىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭـ
لاپ بولغاندىن كېيىن، مېنى چاقىرىڭ . مەندىنمۇ ئاكىلىرىمدىن سورىغان سوئالنى سوـ
راڭ ، ئەقلىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرەي ، ئاكىلىرىم ئاڭـلاپ باقسۇن، ــ دەپتۇ قىزى.

بوۋاي قىزىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ، كەچقۇرۇن ئوغۇللىرىنـى مېھمانخانىغا
چاقىرتىپتۇ. ئوغۇللار مېھمانخانىغا كىرىپ كۆرپە ئۈستـىدە ئەركىن ــ ئازادە ئولتۇرۇـ
شۇپتۇ. ئۇلار كۆڭلىدە: «ئاتىمىز مال ــ دۇنيالىرىنى بۆلۈپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ
سەگەكلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

ــ ئوغۇللىرىم، سىلەرگە يېگۈزدۈم، كەيگۈزدۈم، چوڭ بولدۇڭلار، باشقىلاردىن بىرەر
يېرىڭلار كەم ئەمەس . مەندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلاردا بېشىڭلارغا قىيىنـچىلىقلار كېلىـ
دۇ، ئوقۇپ بىلىم ئېلىڭلار ، ئويلاپ كۆرسەم سىلەردە ئىلىم ــ ھۈنەر كەم ئىكەن،ــدەپتۇ ئاتىسى.

ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشۇپتـۇ. بوۋاي چوڭ ئوغـ
لىدىن سوراپتۇ:

ــ سەن ئوغلۇمنىڭ چوڭى، سېنىڭ پىكىرىڭ قانداقراقكىن؟ بىلىم ئەۋزەلمۇ ياكى دۆلەتمۇ؟
چوڭ ئوغلى بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ :

ــ ئەي ئاتا، قىزدىق گەپلەرنى قىلىسىز جۇمۇ! ئاللاغا مىڭ قەتـرە شۈكرى، بېشىـ

مىزدىكى سايىۋىنىدىز سىز ، پەخرىمىز سىز. يەرلىرىمىز ، ماللىرىمىز بار، ئوقۇپ نېمە قىلىمەن ؟ - دەپتۇ.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ جاۋابىدىن خاپا بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم، سېنى ھەقىقىي ئىنسان بالىسى بولىدۇ ، دەپ ئويلايتتىم . لېكىن سەن ئاتقا مىنىۋېلىپ كۆڭلەپ يوقاپ كېتىسەن. بۇ يولدىن تېز قايتقىن، مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قاچانغىچە ئىشلەيمەن؟ ماڭا ياردەم بەرسەڭ بولاتتى، قېنى سەن جاۋاب بېرىپ باققىنا ، بىلىم ئەۋزەلمۇ ياكى دۆلەتمۇ؟ ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرگىن، ئوغلۇم.

ئىككىنچى ئوغلى ئاكا - ئۇكىلىرىغا بىر قاراپ چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاللاقاچانلادىن تىلەيمەنكى، دادام دائىم ساق - سالامەت تۇرسا ، دادامنىڭ دۆلىتىدە يىگىتلىك دەۋرىنى سۈرەيلى، مال-دۇنيا بولمىسا، بىلىم ئۆگەنگەننىڭ نېمە پايدىسى؟

—ئوغلۇم، بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىدىڭ ، كۆڭلۈم بىئارام بولۇۋاتىدۇ. قېنى سەن جاۋاب بەرگىنە ئوغلۇم، بەلكىم مېنى خۇرسەن قىلارسەن ،-دەپ ئۈچىنچى ئوغلىدىن سوراپتۇ.

— دادا ، قىلغان گەپلىرىڭىزنى چۈشەندىم. بىراق بۇ تۆت كۆڭلۈك ئالەمدە يېگەن - ئىچكەن، كەيگەنلىرىڭىز قالىدۇ . ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدۇق . مۇشۇ ياشقا كىرگەندە بىلىم ئالغان بىلەن قەيەرگە بارىمىز؟ ھەممە ئادەملەر دۆلەتمەن كىشىنىڭ قولىغا قاراي-دۇ ، قولىنى كۆكرىكىدىن چۈشۈرمەي دائىم سالام بېرىدۇ. خىزمىتىڭىزدە پايىسىپىتەك بولىدۇ، دۆلەت ياخشىدە، دادا ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۈچىنچى ئوغلى.

ھەسرەت چەككەن ئاتا تۆۋەندىكى تۆتىنچى ئوغلىغا بېرىپتۇ:

— قېنى ئوغلۇم ، سەن نېمە دەيسەن؟ ، جاۋاب بەرگىن ، بەلكىم سەندىن بىرەر ياخشى گەپ ئاڭلارمەن .

تۆتىنچى ئوغلى جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئاتا ، سىزگە نېمە دەي؟ مانا سىز ئوقۇمىغان ، لېكىن بايلىقىڭىز ھەددى - ھېسابسىز ، دائىم ھۆرمەتلىك ۋە ئەزىزەتلىك بولۇۋاتىسىز، بىز مۇ سىزگە ئوخشاش ياشاۋېرىمىز، سوئالىڭىزغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى : بايلىق، دۆلەت ياخشى، قولىڭىز ئۇزۇن بولسا قەيەرگە سوزسىڭىز شۇ يەرگە يېتىدۇ.

دادىسىنىڭ ھەپسىلىسى پىر بولۇپ بەشىنچى ئوغلىغا يەنە شۇ سوئالنى قويۇپتۇ.

— ھۆرمەتلىك دادا، سىزگە بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى: بىلىم دېگەن قولغا چىقماي-دۇ . ئۇنىڭ بىلەن قورساق تويمايدۇ. ئۆيىڭىزگە كېلەم قىلىپ سالالمايسىز. دېمەك ، مال - دۇنياغا نېمە يەتسۇن ؟ دۆلەت ئەۋزەلدە، دادا،- دەپتۇ بۇ ئوغلىمۇ.

دادىسىنىڭ ناھايىتى غەزىپى كېلىپ ئالتىنچى ئوغلىغا:

— خوش، ئەمدى سەن سۆزلىگىن ئوغلۇم، ئاناڭ رەھمەتلىك كېچىلىرى كىرپىك قاقماي بېشىڭدا ئولتۇراتتى . ئىنسان بالىسى ئۆلۈپ كەتمىسە چوڭ بولۇپ قالىدىكەن. دۇرۇس، مانا ئەمدى يىگىت بولۇپ قالدىڭ ، قېنى ئېيتىپ باققىنا ، بىلىم ئەۋزەلمۇ ياكى بايلىقمۇ ؟ - دەپتۇ.

ئالتىنچى ئوغلى ئويلىنىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئاتام ، سىزگە بىلىم ئەۋزەل دەي دېسەم، مەن ئۇنى بىلمەيمەن، ئۇنى تېخى ئوقۇغۇمىز يوق؛ پەقەت بايلىقنى بىلىمەن، باي ياشايمىز، ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە بار ، يېمەك - ئىچمەك كەڭرى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، دۆلەت ئەۋزەل ئىكەن، دادا،- دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، سەنمۇ كۆڭلۈمدىكىنى تاپالمىدىڭ ، سەنمۇ مال - دۇنياغا ھېرىسمەن ئىكەنسەن، ھەي ··· سىلەرگە نېمە دېسەم بولار ؟ قېنى ، ئەمدىكى نۆۋەت كىچىك

ئۈكائىلارغا كەلدى. ئۇلار قانداق جاۋاب بېرىشەركىن، ـ دەپ يەتتىنچى ئوغلىغا مۇراجىئەت قىپتۇ.

ئوغلى تەمتىرەپ دۇدۇقلاپ تۈزۈك جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ئاتىسى ئولۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كەنجى ئوغلىغا قاراپ:

ـ قېنى ئوغلۇم، ئۈمىددىم سەندە، سوئالىمغا توغرا جاۋاب بەرگىن، دۆلەت ئەۋزەلمۇ ياكى بىلىممۇ؟ تېنىڭنىڭ سالامەت بولسۇن، ئۇدۇنيا ـ بۇ دۇنيا خار ـ زار بولماسسەن، ئاتىڭنىڭ دۇئاسى تىللا، لېكىن قارغىشى يامان! ـ دەپتۇ.

كەنجى ئوغلى دادىسىغا:

ـ دادا مەن دۆلەت ئەۋزەل ئەمەس، بىلىم ئەۋزەل دەيمەن. مېنى مەكتەپكە بېرىڭ، ئوقۇيمەن، نەسىھەتىڭىزنى ئاڭلايمەن. كۆزىڭىزنىڭ ئوچۇق چېغىدا بىلىملىك ئادەم بولۇپ قالاي، بەربىر مال ـ دۇنيا، بايلىق ماڭا تەگمەيدۇ، ـ دەپتۇ.

دادىسى خۇشال بولۇپ:

ـ بارىكاللا ئوغلۇم! ـ دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن، ـ «مال ـ دۇنيا تەگمەيدۇ» دېگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ئىشىك ئارقىسىدا دادىسى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى تىڭشاپ تۇر ـ غان قىزى ئۆيگە كىرىپ:

ـ ئەي قىبلىگاھىم، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي؛ مۇبادا ھۆرمەتسىزلىك بولمىسا ئەمدىكى نۆۋەت مېنىڭ بولسۇن، ـ دەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ.

دادىسى مەمنۇن بولغان ھالدا نۆۋەتنى قىزىغا بېرىپتۇ:

ـ قېنى زېرەك قىزىم، نۆۋەت سېنىڭ بولسۇن، بۇ سوئالىمغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرسەنكىن؟

قىزى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

ـ ئەي ئاتا، ئاۋۋال شۇنى ئېيتايكى، كەنجى ئوغلىڭىزنىڭ بەرگەن جاۋابى توغ ـ را. دۆلەت ئەمەس، بەلكى بىلىم ئەۋزەلدۇر. بىراق ئۇ، بىلىمنىڭ قانداق ئەۋزەللى ـ كىنى ئېيتالمىدى. ئېھتىمال كىچىك ئاكىلىرىم چوڭ ئاكىلىرىمنىڭ پىكرىگە ئوخشاش سۆزلەپ قويدى. چوڭ ئاكىلىرىم مەسلىھەتلىشىپ ئاتامنىڭ بايلىقىنى بۆلۈۋالىمىز، كى ـ چىك ئۇكىلىرىمىزغا ھېچنەرسە بەرمەيمىز، ئۇكىلىرىمىزنى خىزمەتلىرىمىزگە سالىمىز دېيىشتى. كىچىك ئاكام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەمدى ماڭا بايلىق تەگمەيدىكەن، ئو ـ قۇپ كۈنۈمنى كۆن ئېتەي، دەپ ئويلاپ، بىلىم ئەۋزەل، دەپ توغرا ئېيتتى.


بايلىق ـ بىباھا نەرسە، بۈگۈن بار، ئەتىگە يوق بولۇپ كېتىدۇ. دۆلەت ئەلۋەتتە چى ـ رايلىق كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئاقىۋىتى بەك يامان. سىزدىن كېيىن قالساق، ئاكىلىرىم باي ـ لىقنى دەپ بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىدۇ، نەرسىلەرنى بۆلۈشىدۇ. ئاكىلىرىمنىڭ يەت ـ تىلىسى بايلىقنى ئەۋزەل دېيىشىدۇ، بۇ توغرا بولمىغان جاۋاب. مەن بىلىمنى ئەۋزەل دەپ كېسىپ ئېيتىمەن. ئاكىلىرىم تىڭشاپ تۇرسۇن:

بىرىنچىدىن، بىلىمنى قانچە ئىشلەتسەڭ، شۇنچە كۆپىيىدۇ. بايلىقنى ئىشلەتسەڭ بارغانسېرى كېمىيىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىلىم ئەۋزەلدۇر.

ئىككىنچىدىن، بىلىملىك ئادەم كەمتەر، خۇشپېئىل كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەممە ئادەم ـ لەر ئاشۇنداق كىشىلەرگە ئىنتىلىدۇ. باي، دۆلەتمەن كىشىلەرنى ھەممە ئادەم كۆرەل ـ مەيدۇ، چۈنكى بايلىق ھەممە ئادەملەردە بولۇۋەرمەيدۇ.


ئۈچىنچىدىن، بىلىملىك ئادەم ئالەمدىن ئۆتسە، كىشىلەر ئېزىز بىر زاتتىن ئايرىلدۇق، دەپ دەپنە قىلىدۇ. باي ئادەم ئۆلسە، ئەجەب ئوبدان بولدى، بىر بالاخوردىن قۇتۇلدۇق، دەپ لە ـ نەت قىلىشىپ كۆمىدۇ.

(ئاخىرى 121 ـ بەتتە)



**كىچىك ھەۋەسكارلار**

(ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن فوتوسى)



**مۆكۈشمەك**

(ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن فوتوسى)



**چارۇقچى**

(ئالىمجان سىيىت فوتوسى)



AltunOq

خىيال ئىلكىدە

(ئادىل ئىسمايىل فوتوسى)

قەشقەر ئەدەبىياتى (19-يىل نەشرى)

《喀什噶尔文学》（双月刊）

KASHGAR LITERATURE
IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1990 - يىل 5 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژورنال سودىسى باش شىركىتى
(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)
(O.P. BOX 282[illegible]ING CHINA)

فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58
باھاسى 1.00 يۈەن
[illegible]ۇن نومۇرى: 23196